www.kitaphumar.com

# نادىر ھېكايىلەر توپلىمى

# (1)

ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى: تۇران 2014-يىلى 12-ئاي

مەنبە: ئوكيان تورى، شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1. يەرلىك تۇخۇم ..................................... ئەسئەت ئەمەت 3

2. جىنى تۆمۈر ..................................... ئەسەت ئەمەت 23

3. بوش ئۇرۇن ..................................... پەرھات تۇرسۇن 35

4. قۇياش تۇتۇلغان كەچ ........................... ئابباس مۇنىياز تۆركىيقان 48

5. قارا سىزىك ..................................... ئابباس مۇنىياز تۆركىيقان 60

6. مازار بالىسى ..................................... ئابباس مۇنىياز تۆركىيقان 85

7. يەتتە قىزلىرىم ..................................... ئاببباس مۇنىياز تۆركىيقان 100

8. قارچىغا بالىسى ..................................... ئەختەم ئۆمەر 117

9. تەكلىماكاندىكى ياۋا ئادەم ........................... ئەختەم ئۆمەر 130

10. سىرلىق ساندۇق ..................................... تۇردى سامساق 142

www.kitaphumar.com

# يەرلىك تۇخۇم

## (ھىكايە)

### ئەسئەت ئەمەت

بالا باققۇچىنىڭ دادىسى قىزىنى ئەكىتىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ:

-بىرەۋگە ئۇل بالىڭىزنى قانداقراق بېقىۋاتىدۇ؟- دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەر كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە تۆت ئايدىن كېيىن ئېغىز ئاچقان بولسىمۇ، ئايال ئۇ ئادەمگە مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەش پۇرسىتىنىڭ كەلگىنىدىن يەنىلا خوش بولدى.

-ياخشى بېقىۋاتىدۇ. بەك چېچەنكەن، بىز بەك رازى بولدۇق- دىدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئادەم گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا:

-قىزىم كىچىك تۇرۇپ بالاڭلارنى سىلەر رازى بولغىدەك بېقىپ بىرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن سىلەرمۇ خوش بولۇپسىلەر. شۇڭا ئىش ھەققىنى ئازراق كۆتۈرۈپ بەرسەڭلار بىزمۇ خوش بولاتتۇق- دىدى.

ئۇنىڭ بىز دىگىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئىدى. قىزى بۇ يەردىكى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئايلى بولسا قېچىپ كەتكەن.

ئايال دەرھال بىر نەرسە دىيەلمەي:

-يولدىشىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاپ بىرەي. مۇشۇ تېلېفونىڭ يېنىدا بەش مىنۇت تۇرۇپ تۇرالامسىز؟- دىدى.

-ھەئە- دىدى قارشى تەرەپ.

ئايال تېلېفوننى قويۇپ ئەھۋالنى ئىرىگە دىدى.

-خەققە تاقابىل تۇرۇشنى قاچان ئۆگىنەرسەن. قىزنى ماختىساڭ ئۇ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بەر دىمەمتى. كىيىنچە بىر گەپ بولار دەپ گەپنى ئۈزىۋەت- دىدى ئۇ تىرىكىپ.

ئايال تېلېفوننى ئۇرغاندا ئۇ تۇرۇپكىنى ئايلىنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزى سۆزلەشتى. ئۇ ئازراق تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن:

-سۇرۇشتۇرۇپ باقساڭلا بولىدۇ، ھېچكىم بالا باققۇچىغا بىزدىن جىق ھەق بەرمەيدۇ، كېيىنچە قاراپ باقارمىز- دىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.kitaphumar.com

ئۇلار ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ ئادەم ئۇلارغا:
-قىزىمنى بۇندىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن. ئەتە چوشكىچە بېرىپ قىزىمنى ئەكىتىمەن- دەپ تېلېفون قىلغان ئىدى.

بۇ گەپ ئايالنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ قىزنى ئەكىتىشكە ئۆزلىرىنىڭ ھەقنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقى سەۋەب بولغانمىدۇ دەپ، ئىش ھەققى توغرىسىدا ئېرى بىلەن قايتا مەسلىھەتلىشىشكە تىرىشتى.

-ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ قويساڭ ئۇ بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۆستۈرۈپ بېرىڭلار دەپ قوپىدۇ. شۇڭا قىزنى نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن- دىدى ئېرى- ئۇنىڭغا يول قويۇپ ئاخىرىغا چىقالامتىڭ.

ئۇ ئۇنداق دىگىنى بىلەن يەنە بىر بالا باققۇچى تېپىشقا توغرا كەلسە بۇنىڭ غېمىنى قىلىشىپ بەرمەيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە قالدىغانلىقى ئايالغا ئايان بولغاچقا، ئايال يەڭ ئىچىدە بولسىمۇ قوشۇپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. يەنە بىر بالا باققۇچى تېپىشنىڭ تەسلىكى ئايالغا ئايان ئىدى. ئۇقۇش يېشىدىكى باللارغا مەجبۇرى مائارىپ تۈزۈمى بولغاچقا تۇرمۇشى قانچە نامرات بولسىمۇ، باللىرىنى بالا بېقىشقا بېرىش ھەممىلا ئاتا- ئانىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. لىكىن بۇ ئادەمنىڭ بۇ تۈزۈمگە تاقابىل تۇرالايدىغان بىرەر تەدبىرى باردەك 11 ياشلىق ئوغلىنى ئىچكىرىدە ئاشخانا ئاچىدىغان، لىكىن قىلىدىغان ئىشى گۇمانلىق بىر تونۇشىغا بىر يىللىق ئىجارە بەرگەن. ئاندىن 10 ياشقا كىرمىگەن قىزىنى ناھىيە ئىچىدىكى بىر ئائىلىگە بالا بېقىشقا بەرگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىلىشىچە ئۇ ئادەم ئوتتۇن يېرىۋاتقاندا بىر كۆزىگە ئوتۇن چاچراپ كىتىپ يارىلانغان. داۋالىنىشقا ئىقتىسادى يار بەرمەي يارىلانغان كۆزى كورمەس بولۇپ قالغان. نەچچە ئايدىن كىيىن ئايىلى مەلىدىكى بىر ياش بالا بىلەن قېچىپ كەتكەن. ئۇ ئادەم ئايىلى قېچىپ كەتكەندىن كىيىن خۇددى ئۆيدە ھىچكىم قالمىسۇن دىگەندەك باللىرىنىمۇ كەينى- كەينىدىن يولغا سالغان. ئۇنىڭچە باللىرىنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۇنىڭ كۆزى سەۋەپچى ئىكەن. ئۇنىڭغا كۆزى خۇددى ماراپ ياتقان شۇملۇقتەك ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى، خاتىرجەملىكىنى، تاپقان- تەرگىنىنى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بارلىقنى ۋەيران قىلىپ تۈگەتمىگىچە ئارام تاپمايدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. چۈنكى يارىلانغان كۆزى قارىغۇ بولۇپلا توختاپ قالماي يەنە بىر كۆزىنىمۇ كاردىن چىقىرىشقا تىرىشىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ دىيىشىچە بۇ كۆز زىيانكەشلىكىنى توختاتمايدىكەن بۇ ئۆيدىكى ھىچكىمگە خاتىرجەملىك يوق ئىكەن.

ئۇلار بالا باققۇچى ئىزدەپ يۈرگەندە بۇ ئادەمنىڭ بۇ قىزى نەچچە ئاي بالا باققان ئائىلىدىن تېخى نەچچە كۈن بۇرۇن ياندۇرۇپ كېلىنگەن ئىكەن. ئۇ ئائىلىدىكى ئايال ئۇ قىزنى كىچىك دىمەي ئائىلە خىزمەتكارىدەك قاتتىق- يىرىك ئىشنىڭ ھەممىسىگە سېلىشقا تىرىشقان ئىكەن. دادىسى بۇنىڭغىمۇ سەۋرى قىلىپ ئولتۇرسا ئۆي ئىگىسى ئەر ئۆيدە خوتۇنى بولمىسىلا قىزنى

www.kitaphumar.com

مەھكەم قۇچاقلاپ يۈزىنى قىزىنىڭ يۈزىگە توختىتىپ سۆركەيدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالغان. شۇ قېتىم ئۇ بەلكىم ئالدىراپ كەتمەي ساقلىنى ئېلىۋېتىپ سۆركىگەن بولسا قىزىنىڭ يۈزى ئۇنچە قىزىرىپ كەتمىگەن، دادىسى قىززىللىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىمىغان، قىزمۇ دىمىگەن، قىزىنىڭ دادىسى ئۇنى "ئادەم قىلىپىدىن چىققان ھايۋان" دەپ تىللىمىغان، ھەم قىزىنى ياندۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتىمىكىن. ئۇ:

-قىزنىڭ يالغان سۆزلەشىنى خىلى ئۆگىنىپتۇ. چوڭ بولسا قويمىچى بولۇپ ساڭا بالا باققۇچىلىقتىن جىقراق كىرىم قىلىپ بەرگىدەك- دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشقان. ئاندىن بۇ غەزىپىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك بالا بېقىش ھەققىنى بەرمىگەن ئىدى. قىزنىڭ دادىسى بولسا ئۇنىمىنىڭ يوقلىقى ئۇنىڭغا ئالقاچان ئايان بولۇپ كەتكەن:

-ئۇ پۇلنىڭ ساڭا سىڭگىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي- دىگەن گىپىنى ئۇنىڭغىمۇ بىر تەكرارلىغان.

ئۇ ئەر بولسا:

-مۇشتۇمچىلىك بالاڭنى بالا بېقىشقا سالغىنىڭغا لەنەت. سەنمۇ بىر ئەركىشى بولۇپ قاپسەن- دەپ تىللىغان.

ئۇ ئۇنىڭ دىگىنىگە پىچاق بىلەن ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىشتىن باشقا ئۇسۇلدا جاۋاپ قايتۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ، ئارقىسىغا قارىمايلا كەتكەن.

ئۇ قىزنى ياندۇرۇپ كەلگەندىن كىيىن ئىشلىرىنىڭ ئىمىشقا تەتۈر كىلىۋېرىدىغانلىقىنى تولا ئويلاپ مىڭىسىدىن ئۆتمەي بىر كىچە بولۇشىغا ھاراق ئىچكەن ئىدى. نەچچە كۈندىن كىيىن قىزىنىڭ ئىش ھەققىنى بۇرۇنقىلاردىن 100 سوم جىق بىرىشكە، ئۇنىڭ ئۆستىگە بەش ئايلىقنى ئالدىن بىرىشكە ئۇنايدىغان شەھەردىن كەلگەن بۇ ئايالغا يولۇققان. بۇ ئايال ئىشەنچلىك تۇيۇلغاچقا، ئاندىن ئۇنىڭ داۋالىنىشى ۋە تۇرمۇشى يەنە يار لىۋىگە كىلىپ قالغاچقا قىزنى شۇ ئىش بولغان تۇرۇپمۇ ئامالسىز يەنە بالا بېقىشقا بەرگەن.

ئەمدى ئۇلار دىلىغۇل ھالدا ئۇنىڭ دادىسىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئايال ئۇنىڭ تىلفوندىكى كەسكىنلىكىگە باھانى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇۋشىنىڭ تەسلىكىنى سەزگەن، شۇنداقتىمۇ ئۈمىتنى ئۈزمىگەن ئىدى. ئۇلار قىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بەش ئاي ئىچىدە قىزنىڭ ياغاق تۇرقى، يىرىك تىرىسى خىلى ئەسلىگە كەلگەن. ھازىر ئۇلار ئۇ قىزنى تونۇمايدىغانلارغا:

-بۇ بىزنىڭ قىزىمىز- دىسە ئۇلار گۇمانلانمىغىدەك قىياپەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئايال قىزنى تاپقاندا قىز ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغىدەكلا زەئىپ، خۇنۇك ئىدى. ئۇ ئايال ئۇنى بىرەر ۋاق

www.kitaphumar.com

تويغىدەك تاماق يەپ باقمىغاندەك سەزگەن. ئاندىن قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بالا باقالىشىغا كۆزى يەتمىسىمۇ ئىچ ئاغرىقىدىلا بەش ئايلىق پۇلنى ئالدىن بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەتكەن. نىيىتى ئۇنى ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغۇزۇش، ئۇلارغا شۇ باھانىدا ئازراق ياردەم قىلىشلا ئىدى. ئۇ قىزنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى بىپەرۋا قاراپ تۇرغان ئىدى. قىز دادىسى بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خوشلاشقان، گەپ ئاڭلايدىغان باللاردەك دادىسىنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان، ئاپتوۋۇزدا بولسا ئۈنسىز يىغلاپ يۈزى ياشتىن بوييۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۆيگە كەلگەندە ئېرى قىزنى كۆرۈپ:

-بۇ قانداق بالا باقالايدۇ؟- دەپ ھەيران قالغان. ئۇ ئېرىگە نىيىتىنى دېگەن. ئېرى:

-بۇنداقلار كۆپ تۇرسا قايسى بىرىنى قۇتۇلدۇرىسەن؟. ھاماقەتمۇ نىمە سەن؟- دېگەندە ئۇ:

-مەن ھاماقەت بولۇپ قالساممۇ مەيلى، ئۇنى كەتكۈزمەيمەن. ئىككىمىزنىڭ مۇئاشىغىمۇ بىرمۇنچە زاكات كىلىدۇ. بۇنى چوقۇم جايىغا تەككۈزۈش بىزگە پەرز- دېگەن.

ئۇ تەقۋادار قىياپىتىدە يۈرىدىغان ئېرىنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاشنىڭ بۇنىڭدىن ئەپلىك يولى بارلىقىنى بىلمەي شۇنداق دېگەن. ئېرى بولسا ئايالى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغاندەك كەيپسىزلەنگەن، بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىزىنى قايتا ئاچالمىغان ئىدى.

قىز بىرئاز خىجىلچان بولغاچقا، ئاندىن ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرئاز قورققاچقا دەسلەپتە ئىشنىڭ ئېپىگە تازا كىرىشەلمىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال ئايالنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. بىر ھەپتىدىلا قىز ئىشنى ئۇنىڭ ئارزۇسىدەك يۈرۈشتۈرۈپ كەتتى. قىز خېلى تەجرىبىسى بار بالا باققۇچى چىقىپ قالدى. قىز ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنى گوللاپ تەڭ ئوينايتتى. بالىنىڭ غەلۋىسىمۇ ئاساسەن يوقالغان. قىز يېشىغا نىسبەتەن خېلىلا جېنى چىڭ، تەدبىرلىك ئىدى. ئايال ئۇنىڭغا بەك مېھرىۋان بولغاچقا قىزمۇ ئۇنى ئۆز كۆرىدىغان بولدى. ئۇ ئايالنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشەتتى. بالا ئۇخلاپ قالغاندا ئويىنىمۇ ئۆزى يالغۇز پاكىز تازىلاپ چىقالايتتى. ئۇلار ئىشتىن كەلگىچە كۆكتات ئادالاپ تاماققا تەييارلىق قىلىپ قوياتتى. سەھەردە سۈت ئەكىرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئىشتىياق بىلەن قىلغاچقا ئايالمۇ ئۇنى جىق ئىشقا سىلىۋەتكەندەك ھېس قىلمايتتى. ئايال قىزدىن گەپ ئىگىلەپ باقسا ئۇنىڭ ئانىسى شۇنداق ئىشچان بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئانىسى ئۆزى بىلەن تەڭ ئىش قىلىشقا يېتەكلىگەن ئىكەن. كىيىن ئۇ بالا بېقىشقا بارغان ئائىلىمۇ ئۇنى بولۇشىغا ئىشقا سىلىپ، ئىشقا خېلى پىشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئايال بۇنداق بىر بالا باققۇچىغا ئېرىششىنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە خۇدانىڭ قىلغان ئىلتىپاتى دەپ قاراش دەرىجىگە يەتكەن. ئېرىنىڭ نارازى تۇرقىمۇ خېلى ئۆزگەرگەن ئىدى. ئايال بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ مەكتەپتە چالا قالغان دەرسلىرىنى

www.kitaphumar.com

داۋاملىق ئۈگەتتى. ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ مەكتەپتىن توختاپ قالغىنىغا ئىچى ئېچىشقان ئىدى. ئۇ ئۇنى بالىسى بىلەن قوپۇپ ئىشقا كەتسە ئازراقمۇ ئەنسىرىمەتتى. بۇنداق خاتىرجەملىك ئۇنىڭ بالا باققۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى بالا باققۇچىلىرىنى ئۆيلىسا بۇ قىزغا بەرگەن ھەقنىڭ بەكمۇ ئەرزىمەسلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى بالا باققۇچىسى 50 ياشلاردىكى چوڭ ئايال ئىدى. ئۇ بالىنىڭ يىغلىشى بىلەن ئانچە كارى يوق يۈرەتتى. بالا دىگەننىڭ كۆزىگە بەك قارىسا بالا چوڭ بولغاندا داۋخوئادەم بولۇپ قالىدۇ دەيتتى. ئالۋاڭغا ئىش قىلاتتى. ئىككىنچىسى 11 ياشلىق قىز ئىدى. ئۇ بالا باققان مەزگىلدە بالىسى تولا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ جىم تۇرمايدىغان بالىغا نىمە بولۇۋاتقاندۇ دەپ ئۇلار دوختۇرغىمۇ نەچچە كۆرسەتكەن. ئۇلار ئىشتىن كىلىپ بالا ئۇخلاۋاتقان، ئۇ قىز تىلىۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغان ئەھۋالنى دائىم دىگۈدەكلا ئۇچراتقان. بىر كۈنى ئۆي ئىگىسى ئەر ئىشقا مېڭىپ بولۇپ، ئۇنتۇپ قالغان نەرسىسنى ئالغىنى ئۆيگە قايتا كىرگەن. قىزنىڭ كىچىك بىر قەغەز بولاقنى سالىدىغان يەر تاپالماي ئالاقزادە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان ۋە ئېچىپ ئۇششاق پارچىلانغان دورا تابلىتكىلىرىنى كۆرگەن. قىزغا قاتتىق پوپوزا قىلسا قىز قورقۇپ كىتىپ، بۇنىڭ ئۇيقۇ دورىسىلىقىنى ئىقرار قىلغان. قىزنىڭ ئانىسى ’بالا بەك غەلۋە قىلسا بۇنى ئىچكۈزۈپ قوي‘ دەپ بۇ دورىلارنى بەرگەن ئىكەن. ئۇلار ئىشقا كەتكەن ھامان ئۇ بالىغا بۇنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىچكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى بالا باققۇچىسى 16 ياشلىق قىز بالا بولۇپ ئۇ قىز يېرىم يىل تۇرغان مەزگىلدە مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر بالا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن. ئۇلارنىڭ تىلىفون ھەققىنىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن. يانچۇقىدىكى پۇللىرى كەملەپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرغاچقا ئۇلار پۇلنى ياكى پۇلغا ئەرزىگۈدەك نەرسىلىرىنى قويۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان. ئاخىر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ ماڭغۇزۇۋەتكەن ئىدى. كىيىن ئۇلار بالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىغا، تۇققانلىرىغا قارىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭغا بۇ بالىسىنى چوڭ قىلىش بەك مۈشكۈل تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ بالا باققۇچى قىز بەش ئاي ئىچىدە بۇ ئۆينىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئايال ۋاقىت چىقسىلا بالىسىنى ھارۋىغا سېلىپ ھەيدەپ، قىزنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىغا باراتتى. كەچلىرى مەيداننى ئايلىناتتى. قىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بىرەتتى. دائىم يېڭى كىيىم ئېلىپ بىرىپ ئۇنى چىرايلىق ياساپ قوياتتى. قىزنى مۇنچىدا ئۆزى يۇيۇپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۆزى تاراپ قوياتتى.

ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىدىغان بۇ ئائىلىدە قىز تېز ئەسلىگە كەلدى. جېنى ئاز قالغان جانىۋارنى قۇتقۇزىۋالغۇچى، جانىۋارنىڭ بەدىنىدە جۇش ئۇرغان ھاياتىي كۈچنى ئۆزىنىڭ جېنىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغاندەك ئايالمۇ شۇخىل ھىسسىياتقا كىلىپ قالدى.

www.kitaphumar.com

ئەمدى بولسا بۇ قىز كىتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئايال قىزنىڭ تەقدىرىگە ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى ئازاپلاندى. قىزنىڭ تۇرقىدىن يۇۋاشلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىزدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭ سۇس ساغۇچ چېچىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى جەم بولۇشى مۇمكىن. دادىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغان شۇ پەيتتە قىز تۇيۇقسىز:

-ئاچا ئەمدى قانداق قىلارمەن. دادام مىنى ئەكىتىپ يەنە كېچىچە ئۇسسۇلغا سالىدىغان بولدى.- دىگەن ئىدى، خۇددى دادىسىنىڭ كىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكتەك.

-بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟- دەپ سورىغان ئايال.

-دادام ئۆيگە مەس كەلسىلا قولىغا دۇتتارنى ئېلىپ چالىدۇ. مەن يېرىم كىچىدە ئۇخلاۋاتساممۇ ”ھەي بىرەۋى، قوپە. ماڭا ئۇسسۇل ئويناپ بەر“ دەپ ۋاقىرايدۇ. ئۇنىمىسام تىللاپ، سىلكىپ قوپۇرىدۇ، ھېرىپ كەتسەممۇ ئويىنغۇزۇۋېرىدۇ. مىمانلىرىغىمۇ كەچكىچە ئويناتقۇزىدۇ.

-ئۇسۇلچىلىقىڭىزنى ھەجەپ بىزگە دىمەپسىزغۇ؟

-دادامدەك ئۇسسۇل ئويىنتارمىكىن دەپ قورقتۇم.- قىز خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى.

-بىزگە بىر پەدە ئويناپ بىرەمسىز؟.

-مۇزىكا قويۇپ بىرىڭ ئەمسە.

ئۇلار مۇزىكا قويدى. قىز بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، پىرقىراپ، ئۇسۇلنىڭ رىتىمىنى ياخشى كەلتۈرۈپ بىر مۇزىكا تۈگىگىچە ئويىندى. ئويىنغان ئۇسۇلى يېشىغا نىسبەتەن كۆپ پىششىق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ كىلەلىگىنىگە ھەيران قالدى.

-ھەجەپ چىرايلىق ئويىنيالايدىكەنسىز. دادىڭىزنىڭ ئۇسۇلىڭىزنى ياخشى كۆرىشى بىكار ئەمەسكەن. بۇ چىرايلىق ئۇسۇلىڭىزنى كىمدىن ئۈگەنگەنتىڭىز؟

-ئانام ئۈگىتىپ قويغان. دادام ”سەن ئاناڭغا بەك ئوخشايسەن. مەن ئاناڭغا بەك ئامراقتىم“ دەيدۇ. دادام مەس چاغدا مىجەزى بەك ئەسكى. بىر كۈنى ’ئاناڭنى بەك كۆرگۈم كەلدى‘ دەپ يىغلىدى. مىنىڭمۇ ئانامنى بەك كۆرگۈم كەلگەن. لىكىن مەن دادامنىڭ يىغلىغىنىدىن قورقۇپ كىتىپ يىغلىدىم. ”سەن ئاناڭدەك چىرايلىق ئۇسسۇل ئوينايسەن. شۇڭا مەن ئۇسۇلۇڭغا بەك ئامراق“ دەيدۇ. دادام كەلسە قانداق قىلارمەن. بېشىم بەك قاتتى. ئۇسسۇل ئويىنتىپ مىنى ساراڭ قىلىپ قويىدىغان بولدى.

ئۇ راستلا غەمگە پېتىپ قالغاندەك جىمىپ كەتكەن. لىكىن دادىسى كەلگەندە ئۇ دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى:

-دادا سىنى بەك كۆرگۈم كەلدى.- دەپ يىغلىدى ئۇ، ئاندىن دادىسىنىڭ ئاغرىق ئۆڭ كۆزىنىڭ ئالماشتۇرمىغىنى ئۇزۇن بولغاچقا قارىداپ كەتكەن تېڭىقىنى سىلىدى.- كۆزەڭ تېخى

www.kitaphumar.com

ساقايمىدىمۇ.-ئۇ يۈزىنى دادىسىنىڭ بويىنىغا چاپلاپ تېخىمۇ يىغلىدى. ئۇ ئادەمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. شۇ تاپتا تۇرقىغا قاراپ ھېچكىم ئۇلارنى دادا- بالا دېمەيتتى.

ئۇ ساقلىنى ئالدۇرمىغىنى بىر ھەپتىدىن ئاشقان، كىيىملىرى كونا ھەم كىر، بەدىنى بۇراپ كەتكەن، كۆزىنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن تېڭىقى يۈزىنىڭ ئۆچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن بۇ خۇنۇك ھالىتىدە بۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ قالغىنىغا ئىچى سىقىلىۋاتقاندەك تىزرەك ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

-بىز ماڭىلى، بولمىسا بەك كەچ قالىمىز.- ئۇ كونا بىر يالتىراق خالتىنى بۇلۇڭدىكى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويدى.- ئازراق يەرلىك تۇخۇم ئالغاچ كەلگەنتىم.

ئايال خالتىنى ئالدى.

-نېمىشقا ئاۋارە بولغانسىز، سىزگە كۆپ رەخمەت

ئايالنىڭ ئېرى ئۇنى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلغاندا ئۇ ئەيمەنگەندەك ئولتۇرغىنى ئۇنىمىدى. ئايال ئامالسىز ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

-نېمگە ئالدىرايسىلەر، ئەمدى تاماق يەپ ماڭسىلەر..- دېدى ئايالنىڭ ئېرى.

-رەخمەت، تاماققا ئولتۇرالمايمىز- دېدى ئۇ ئادەم.

ئۇنىڭ ئېنىق يېشىنى چىرايىدىن بىلمەك تەس ئىدى. ئايال ئۇنىڭ يېشىنى 30 بىلەن 40 ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان ئىدى. ئۇ بۇ ئادەمنى ئۇچراتقاندىن بۇيان ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئامال بار ئاز بىللە تۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى سەزگەن.

-بىز ھەقنى ئۆستۈرۈپ بىرەيلى دېگەن- دېدى ئايال، ئۇ بىرەۋنىگۈلىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ گەپنى يالغۇز دېيىشكە پۇرسەت چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي ئامالسىز ئېرىنىڭ ئالدىدا دەۋەردى. ئامالىنىڭ بېرىچە ئېرىگە قارىماسلىققا تىرىشتى.

-قىزىمنى بۇندىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن- دېدى ئۇ تېلېفوندا دېگىنىگە ئوخشاشلا.

-قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ تامىقىنى ئەكىلە ماڭە- دېدى ئەر ئايالىغا مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يۈز خاتىرە قىلماي. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز يەنە بىرەر گەپ قىلىپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى ئىدى. ئايال ئېرىنىڭ مىجەزىنى چۈشىنەتتى. ئايال بولسا ئەمدى ئامال قالمىدى دەپ ئويلىغاچقا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ پولو ئەتكەن ئىدى.

-تاماققا ساقلاپ قالمايسىلەر، تاماق پىشىپ بولغان- دېدى ئايال تاماقخانىغا مېڭىپ.

-سىللە ئايالىڭلارغا ئازار بەرگەنمۇ يا، نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ- دېدى ئۆي ئىگىسى ئەر. ئايال ئېرىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىغانلىقىدىن چۆچۈپ، ئاشخانىدىن چىقتى. ئېرىگە بۇنداق گەپ قىلماسلىققا ئىشارەت قىلدى. ئېرى ئىشىكنى قىل دېگەن مەنىدە قولىنى سىلكىدى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ـكۆزىنىڭ دەردى بار ئادەمنىڭ خوتۇنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىمەن، مەن ساق چاغدا خېلى ئىغىرىمنى كۆتۈرىدىغان خوتۇن مەن بۇنداق بولۇپلا تاۋى نازۇك بولۇپ كەتتى. ئاران تۇرغان ئادەمگە بانا تېپىپ بىرىپتىمەن،ـ دىدى ئۇ.

ـھازىر كۆزۈڭلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ـ سورىدى ئەر ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىئارام بولۇۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئايال ئىرىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ـئاللا خالىساـ دىدى ئەر. ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى بارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما بۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ھېچنىمىنى بىلەلمىدى.

ئايال ئۇ ئادەمنىڭ تاماق يىگەندە قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئايرىم راسلىغان ئىدى. ئۇ تاماقنى ناھايىتى تىزلا يىۋەتتى. قىزچاق بولسا يىتىشىشكە تىرىشتى. دادا بىلەن قىز تامىقنى ئۇلاردىن بۇرۇن يەپ بولدى. ئۇ ئادەم يەنە ئۇسۇپ بىرىشكە ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇلار بىلەن بىر جوزىدا بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىپىرىمۇ سۆرۈن ئولتۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ قورۇندۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. ئايال ئۆزلىرى يەپ بولماستىلا ئۇ ئادەمنى ئازاپتىن خالاس قىلماقچى بولدى.

ـبىز سىزنى تۇتۇپ قالالمىدۇق. بىرـ ئىككى كۈن تۇرسىڭىزمۇ بولاتتى.

ـرەخمەتـ دىدى قىزنىڭ دادىسى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

قىز مېڭىشتىن بۇرۇن بالىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى. بالىنىڭ يۈزىنى، چېچىنى سىلىدى.

ـياقۇپجان، مىنى ئۇنتۇپ قالماڭ جومۇڭ.

بالا ئۇنىڭ گېپىنى بىلگەندەك ئۇششاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى. بېشىنى ئۇنىڭغا سۈركىدى. قىزنىڭ دادىسى بىتاقەت ساقلاپ تۇراتتى. قىز بوۋاقنى ئانىسىغا بىرىشكە ئۇ قىزغا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن قىزنى يىتىلەپ، بىر قولىدا قىزنىڭ كىيىملىرى قاچىلاغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇلار پەلەمپەيىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگەندە ئۆيى ئىگىلىرىگە تەڭ قارىدى. ئەر خوش دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. قىز:

ـخوش ئاچا، خوش ئۇكام‑ دەپ ئوڭ قولىنى كۆتەردى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى. ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇنى دادىسى يىتىلەپ چۈشۈپ كەتتى.

ئايال ئۆزىنىڭ قىزنى باشقا ئادەم ئىلىپ كەتكەندەك ئۆيگە كىرىپلا كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ـبولدى قىل، ئۇ بالاڭمىتى؟ـ دىدى ئىرى ئۇنىڭغا سوغۇقلا.

ئۇ قىزنىڭ كىيىمنى قاچىلىغان سومكىغا ئىككى يۈز كوي سېلىپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇئاشى ئۆزلىرىگە ئاران يەتكەچكە، ئىرىگە تۇيدۇرماي قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش

www.kitaphumar.com

ئۇچۇن ئۇنىڭ بىرەر ئاي تىجەشلىك ياشىشىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئىرىگە سانىغان بىۇ قارىسى ئۇچۇن بولسىمۇ ئىرىنىڭ بۇگۇنكى يولسىزلىقىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئۇلار كىتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئايرىلىش ئازاۋى يېنىكلىمىدى. قىز ئېسىگە كەلسىلا ئازاپلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىنى ئىجارىگە بەرگەن بۇ ئادەمنىڭ قىزىنىڭ تەقدىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. باشقا بالا باققۇچىمۇ تاپتى. لېكىن ئۇ قىز خىيالىدىن كەتمىدى. ئۆيدە كىچىك بالىسى بار، خىزمىتىمۇ ئالدىراش، ئارىلىقمۇ يۈز يىگىرمە كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، ئارىدا ئىككى ماشىنا ئالمىشىدىغان، يېزىغا قاتنايدىغان ماشىنا بەك قىستاڭ بولغاچقا، ئاندىن دادىسى نىمە دەپ قالار، ئىرىم تىوغرا چۈشىنەرمۇ دىگەن دىلىغۇللىقىمۇ بولغاچقا ئۇ قىزنى يوقلاپ بېرىشقا پۇرسەت چىقىرالماي نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇگۇن ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ تۈيۈقسىز ʼبۇنداق كېتىۋەرسەم يىل ئاتلاپ كېتىدىغۇʻ دەپ، قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇ ئادەم قىزنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەندە يىگىرمە ئالتە تال تۇخۇم ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يەرلىك تۇخۇملارنى ئىرى بىر ماختاپ سالغان ئىدى:

-يەرلىك تۇخۇم دىگەن مۇنداق بولىدۇ. تەممۇ باشقىچە. بىزنىڭ بۇ يەردە يەرلىك تۇخۇم دىگەننىڭ ھەممىسى يالغان.

ئەمدى ئايال قىزنى كۆرۈپ كېلىشكە يەرلىك تۇخۇم ئىزدەشنى باھانا قىلماقچى بولدى.

-مەن بىرەۋنىگۇلنىڭ مەلىسىدىن يەرلىك تۇخۇم تېپىپ كېلەي دەيمەن، بۇ يەرنىڭ تۇخۇمى ئېغىزىمغا تېتىماي قالدى- دىدى ئايال. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇخۇملار بىلەن بۇ يەردىكى تۇخۇملارنىڭ بىرەر پەرقى بارلىقىنى بىلمىگەن ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن ئىرى ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سەپمىدى.

-جاپاسىدىن قورقمىساڭ مەيلى بېرىپ كەل، كەچكىچە قايتىپ كېلەرسەن.

ئايال ئوڭۇشلۇق يولغا چىقالىدى.

ئۇ قىزنى كۆرۈشنى ئويلاپ ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقا يول ئۇزىراپ كەتكەندەك تۇگىمەسكە قالدى. ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەردىن ۋىلايەت مەركىزىگىچە بولغان قىرىق بەش كىلومېتىر، ۋىلايەت مەركىزىدىن ناھىيىگىچە ئاتمىش يەتتە كىلومېتىر مۇساپىنى ئانچە جاپا تارتماي تۈگەتتى. لېكىن ناھىيىدىن يېزىغىچە 18 كىلومېتىر ئارىلىقتا بىرئاز جاپا تارتىپ قالدى. شەھەرلەردىن بىراق قىلىۋېتىلگەن ماشىنىلار مۇشۇنداق جايلارغا يىغىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىر ئەسكى جىپقا چىقتى. ئۇ ئەسلى يەتتە كىشىلىك بولۇپ، كىراكەش ئۇنىڭغا كوپ ئادەم سىغدۇرۇش ئۇچۇن ئەسلىدىكى ئورۇندۇقلىرىنى ئىككى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئالماشتۇرغان. بۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭغا 18 يولۇچى سالغىنى بولىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. شوپۇر 18- يولۇچىنى سىغدۇرالماي بۇ يولۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكىدەك

www.kitaphumar.com

ئۇلارغا توختىماي ھۆرپەيدى. يېزىلىق بۇ كىشلەر راستىن سەۋەنلىك ئۆزلىرىدىدەك بىر- بىرىنى قىستايتتى. ماشىنا يولغا چىقاندا يولۇچىلار بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ماشىنا سىلكىنسە تەڭ سىلكىنەتتى. بۇ مۇساپە ئاخىرى يوقتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ چۈشكە ئاز قالغاندا يېزىغا كىلىپ بولدى. گەرچە 9- ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ ھاۋا يەنىلا شۇنداق ئىسسىق بولۇپ، چۈشكە يېقىنلاشقانسېرى ئىسسىق تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ تونۇمىسىمۇ ئۆزىگە سەممىي سالام قىلغان كىشلەرگە سالام قايتۇرۇپ، ئەسكى تاملىق پاكار ئۆيلەرنى ياقىلاپ كەتكەن يېزا يولىدا ئۇن نەچچە مىنوت ماڭدى. ئۇ مۇشۇ يۆنۈلۈشتە ماڭسام تاپالايمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. كىتىۋېتىپ ئۆزىنى نىشاندىن ئېزىپ قالغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ بۇ مەلىگە بىرلا قېتىم كەلگەن ئىدى. ئۇ بىر يول ئاچىلىغا كىلىپ توختىدى.

-بىرەرسىنى ئىزدەمسىز.

ئانچە قېرى ئەمەس بىر ئايال 20 نەچچە مېتىر نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوقلىقىنى كۆرۈپ شۇ ئايالنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

-ئۆمەر دىگەن ئادەمنى ئىزدەيتىم.

ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كىلىۋېتىپ سورىدى:

-ئۆمەر قاسساپنىمۇ؟

-قاسساپلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بىر كۆزى ئاجىز ئادەم.

-ھە، ھە ئۆمەر قارىغۇنى دەڭ- دىدى ئۇ ئايال. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئۇنى ئىزدىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغاندەك ئۇنىڭ ئۈستى- بېشىغا بىر قارىۋەتتى.

-ئۇنى نىمىشقا قارىغۇ دەيسلەر؟

-بۇ مەلىدە تۆت ئۆمەر بار، لەقىمىنى دىمىسە كىملىكىنى ئايرىغىنى بولمايدۇ. يۇرسىلە، مەن كۆرسىتىپ قوياي. ئۆزلىرىمۇ خېلى يېقىن تېپىپ كەپلا.

ئۇ قارىغۇ دىگەن سۆزنى ھىچقانداق يامان نىيىتى يوقتەكلا ئاتايتتى. ئۇ ئايالغا ياندىشىپ ماڭدى.

-سىزنى ئاۋارە قىلماي، دەپ بەرسىڭىز ئۆزەم تېپىپ بارالايمەن.- دىدى شەھەرلىك ئايال.

ئۇ ئايالدىن ئىنكاس بولمىغاندىن كيىن ئۇ ئامالسىز كىتىۋەردى.

-ئۇنىڭ تۇققىنى بولامسىز؟- دىدى ئايال تۇيۇقسىزلا.

-قىزى مىنىڭ بالامنى بېقىپ بەرگەن. شۇڭا كىلىشىم.

-بىرەۋى جىنىتەك پاكىز بىر ئائىلىدە بالا بېقىپتىكەن. نەچچە ئاي بۇرۇن شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەپتىكەن. ھە سىلىنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋېتىكەندە.

ئايال ئۇنىڭغا ئەمدى خېلى ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

www.kitaphumar.com

-ئۆمەر ئۆزى ئوبدان بالا، شۇ خوتۇنى ئوسال چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە جىددى پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ بالىسىنى بىر كۈلىچىغا ئىجارىگە بەرگەن. ۋاقتى توشۇپمۇ بالىسىنى تاپالماي يۈرىدۇ.

-بالىسى يوقاپ كىتىپتىمۇ؟

-ياق، ئەكىرىپ كەتكەنلەر يەنە بىر يىل تۇرسۇن دەپ تۇققانلىرىدىن بىر يېرىم مىڭ كوي ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ پۇلنى ئالغىنى ئۈنىماي بالامنى ئەۋەتىپ بەرسۇن دەپتۇ. لىكىن نەچچە ئاي بولدى، بالىسى تېخىچە يوق. تېراپ دىسە يەر ئاز، تىجارەتكە پۇل يوق كۆنى تەس بولدى. ئەنە ئاۋۇ ئىشىك شۇ.

ئايال توختىدى. ئۇ ئەمدى بىر نەرسە دەپ بىرىدىغاندەك قىلمايتتى. شەھەرلىك ئايال:

-ئاچا سىزگە كۆپ رەخمەت- دەپ ئايال بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئىشىككە قاراپ كىتىۋېتىپ ئايالنى جايىدىن مىدىرلىمىغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئايال راستىنلا جايىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ قارىغىنىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى شىپلى تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دىگەندەك ئېھتىيات بىلەن چەكتى.

-چىما؟- دىگەن قوپال بىر ئاۋازدىن كىيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكنى قىزنىڭ دادىسى ئاچقان ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇنى كۆرۈپ نىمە ئىشىڭىز بار دىگەندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئېسىنى تېپىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ تۇردى.

-كىرىسىلە.

ئايال:

-قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ، بىرەۋگۈل ياخشى تۇرغاندۇ؟- دەپ ئەھۋال سورىغاچ ھويلىغا كىردى. بۇ كىچىكلا ھويلا بولۇپ قوتاننىڭ قىغى بۇراپ تۇراتتى. ئۇ ئادەم ئۆيگە ئالدى بىلەن كىرىپ كەتتى. بىر نەرسىلەرنى ئالدىراش ئۇيان- بۇيان يۆتكىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا:

-ئۆيگە كىرسىلە- دىدى.

كىيىمى رەتلىك، تۇرقىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان بۇ ئايالنى ئەسكى ئۆيگە باشلاش ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوسال قىلىش بولۇپ تۇيۇلغاندەك ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايى تۈتۈلۈپ كەتتى.

-بىرەۋگۈل، كۆرۈنمەيدىغۇ؟- دىدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ. ئۇ ئۇ ئادەمنىڭ كەيپىسىز تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قىزىمنى بالا بېقىشقا سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىزلا ئېغىز ئاچتى- مەن يەرلىك تۇغۇم سېتىۋالغاچ كۆرۈشۈپ كىلەي دەپ كەلگەنتىم.- دىدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولۇپ، كىلىش سەۋەبى ھەققىدە باشقىچىراق بىر باھانىنى ئالدىن ئويلاپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ بىرەۋنىگۈلنى كۆرگۈم كىلىپ كەلدىم دىسە ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ توقۇغان بۇ باھانىسى ئۇنى ئىشەندۇرەلەشتىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى.

-قويغا غازاڭ سىرىگىنى چىقىپ كەتكەن- دىدى ئۇ. ئاندىن ھويلىغا چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا- ھەي بىرەۋى، ئەمدى يېنىپ كەل- دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ قايتىپ كىرىپ ئايالغا سۇپىدىكى كۆرپىنى كۆرسەتتى.

-ئولتۇرسىلا، ھازىر كىرىپ قالارمىكىن.

ئايال ئولتۇرۇپ قائىدە بويىچە ئەھۋاللاشتى.

-تىنچ ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ كۆزىڭىز خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

-ئاللا خالىسا- دىدى ئۇ چۈشىنىكسىز گېپىنى يەنە تەكرارلاپ.

ئۇ كۆزىنى ئالدىراپلا چۈڭك بىر لاتا بىلەن تېڭىۋالغاندەك قىلاتتى، لاتا ناھايىتى كىلەڭسىز كۆرۈنەتتى.

بىرەۋنىگۈلنىڭ ئاياق تىۋىشى يېقىنلىغاندا قويلار ئۇنىڭ يەم ئېلىپ كىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك مەرەشكە باشلىدى. ئۆي ئىچىدىن ھويلا ئىشىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۆۋەت كۆتۈرگەن، ئۇستى- بېشى شۇنچە كونا، ۋىجىك بىر قىز ئىشىكتە پەيدا بولغاندا ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىرەۋنىگۈل باردەك بىتاقەت ساقلىغىنى تۇردى. قىز كىرىپلا:

-دادا سۆۋەت تېخى توشمىغانتى- دىدى.

ئۇ ئايال خۇددى بىرەۋنىگۈلنىڭ بۇنداق تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھەيران قالدى. ئۇ قىزنى تونجى قېتىم ئەكەلگەندە ئۇنىڭ تۇرقى ھازىرقىدەك ئىدى. ئەمما كەتكەندە بۇنداق ئەمەستىغۇ؟. ئۇنىڭ بۇنچە تېز ئەسلىگە قايتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بىرەۋنىگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

-مىنى تونۇدىڭىزمۇ؟- دىدى ئۇ قىزغا ئېڭىشىپ قاراپ. قىزنىڭ مىينەت بولۇپ كەتكەن چېچىنى تۈزەۋاتقاندا يۈرىكىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قىزغا ھىچ ئىش بولمىغانلىقىنى، ئۇنى دادىسى سىپتۇۋەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ جايىغا چۈشتى. بۇمۇ ئۇنىڭغا خېلى تەسەللى ئىدى.

قىز ئۇنى كۆرۈپ ھىچقانچە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ ئايالغا بىردەم كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بۇ چاغدا قويلارنىڭ مەرىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ سەۋرى قىلالمىغاندەك غازاڭنى ئېلىپ بېرىپ ئوقۇردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان ئىككى قوينىڭ ئالدىغا تۆكتى. ھەركىتى ناھايىتى پىششىق ئىدى. ئۇ سۆۋەتنى ئوقۇرنىڭ يېنىغا قويۇپ قايتىپ كەلدى.

www.kitaphumar.com

-مىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟- دېدى ئۇ يەنە.

-ياق- دېدى قىز بېشىنى چايقاپ. ئاندىن نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك قورۇنۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئايال بايا قىزنىڭ تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالغان بولسا ئەمدى ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئۇ قىزغا سىڭدۈرگەن بارلىق ئەجرى بىكار كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

ئايال يېمەكلىك قاچىلانغان يالتىراق خالتىنى قىزغا ئۇزۇتۇپ:

-قاراڭ! سىز ياخشى كۆرىدىغان ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.- دېدى.

قىز خالتىنى ئېلىپ ئىچىگە ئورۇق، مەينەت قولىنى سېلىپ، ئازراقلا خۇشاللىق ئىپادىلىدى. قىزنىڭ باللارغا خاس مىجەزىنى ئۇ ئازراق بولسىمۇ كۆردى. قىز شاكىلاتنىڭ يالتىرىقىنى سويۇۋېتىپلا دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭغا بىرنى چىشلەتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا سالدى. ئايال نەچچە ئاي بۇرۇن قىزغا ئاتاپ سوُس يېشىل رەڭلىك بىر قۇر كۆزلۈك كىيىم سېتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭغا دەل كېلىشىدىن دىلغۇل بولۇپ تۇراتتى. ئۆيگە كىرىپلا:

-قاراڭ بۇ كىيىمنى ياخشى كۆرەمسىز؟، كىيىپ بېقىڭە- دېدى.

قىز كىيىمنى ئېلىپ قازناقتەك بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ چىققاندا ئايال ئۇنى كىيىمى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. قىز خېلى ئۇسكەتىگە كېلىپ قالغان ئىدى. لېكىن قىز يېقىن كەلگەندە يېڭى كىيىم ئىچىدە قىزنىڭ كىر باسقان تۇرقى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ كەتتى. ئايال كىيىمنى، ئاندىن قىزنىڭ ئۇستى- بېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

-ھەجەپ ياراشتى، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟- دېدى ئايال.

قىز ھەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن زوقى كەلگەندەك چاپىنىنىڭ پېشىنى، ئېشتىنىنىڭ تىزىنى سىلىدى. قىز يېڭى كىيىمنىڭ ئىچىدە بىرئاز جانلىنىپ قالدى. كىيىم ئازراق ئۇزۇن كېلىپ قالغان ئىدى.

-كىچىك كەلگەندىن چوڭ كەلگەن ياخشى، ئۆسۈۋاتىسىز ئەمەسمۇ؟- دېدى ئايال قىزغا تەسەللى بەرگەندەك. ئۇ كىيىمنىڭ ئاساسەن ماس كەلگىنىدىن خوش بولدى.

قىزنىڭ دادىسى بولسا تاق كۆزى بىلەن قىزىغا زوقى كەلگەندەك بىردەم قاراپ تۇردى. ئاغرىق كۆزىنى تېڭىۋالغان لاتا ئۇستىگە سىرىلىپ كېتىپ كۆزىنىڭ ئاستى قىسمى ئازراق كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئايالنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزنى دەرھال ئېلىپ قاچتى.

ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆيدە جىق تۇرۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىمۇ تۇيۇقسىز سىرتقا ماڭدى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىز يېڭى كىيىمنىڭ خوشلۇقىدا بايىقى ياتسىراشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر ئەسكىي يىشكىنىڭ ئىچىدىن بىر دەپتەرنى تارتىپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىكى چېغىدا رەسىم دەرسىگە تۇتقان دەپتىرى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بوش قالغان بەتلىرىگە يېڭىدىن نۇرغۇن رەسىم سىزغان ئىدى. ئۇ ئۇ رەسىملىرىنى ئايالغا ئەكىلىپ كۆرسەتتى. ئايال ئۇچۇن بۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ ئىلگىرلەش ئىدى. ئايال كىچىك بالىنىڭ قالايمىقان جىجىشىغا تولغان بۇ دەپتەرنى ۋاراقلاپ ئۇنى يالغاندىن بىرمۇ بىر ماختاپ چىقتى. قىز بەك خوش بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىللە تۇرغان ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەن ئارىلىق يېقىنلاۋاتقاندەك ئايالنىڭ بىئاراملىقىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالدى. ئۇ رەسىملەردىن قىزنىڭ خىياللىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك خېلى سىنچىلاپ قارىدى. قىزچاق يېڭى كىيىمنى باشقىلارغا داملاتقىسى كەلگەندەك تالاغا چىقىپ كىتىپ بەش مىنوتلاردا كىردى. ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا نىمە قىلىشنى بىلمىگەندەك بىردەم ئولتۇردى.

-دوستلىرىڭىز جىقمۇ؟- سورىدى ئايال.

قىز بارماقلىرىنى بىرمۇ بىر چىقىرىپ قىز بالىنىڭ ئىسمىدىن توّتنى ساندى.

-دادىڭىزنىڭ كۆزى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

قىز ياق دىگەندەك بېشىنى چايقىدى:

-مەن كۈندە كۆزىگە دورا تېمىتىپ قويىمەن- دىدى ئۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ قازناققا كىرىپ كەتتى. قازناقتىن چىققاندا ئۇستىدە كونا كىيىمى پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئالدىلقىنىمۇ يېڭى كىيىمى بىلەن سېلىشتۇرماقچى بولغاندەك تەمكىن بىر قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۈچىنىڭ يېتىشىچە رەتلىك قاتلىغان يېڭى كىيىم ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنى ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى.

-نىمە بولدىڭىز؟- سورىدى ئايال.

-خاپا بولمىسىلا ئاچا. مەن سىلە بىلەن كىتەلمەيمەن. دادامنى يالغۇز قويۇپ كەتسەم بولمايدۇ. شۇڭا بۇ كىيىملەرنى قايتۇرۇپ بىرەي.

-مەن سىزنى ئەكەتكىنى كەلمىدىم. سىزنى كۆرگۈم كىلىپ يوقلاپ كەلدىم- دىدى ئايال ئۇنى قۇچىقىغا تارتىپ.

قىزنىڭ خوشلۇقى يەنە سەل ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئايالغا ئىشەنمىگەندەك قارىدى.

-سىز چوڭ بولغاندا نىمە بولۇشنى ئويلايسىز؟- دىدى ئۇ قىزنىڭ بىرەر قىزىقىشى بارمىكىن دەپ.

-مەن چوڭ بولغانسېرى ئانامغا ئوخشاپ قېلىۋېتىپتىمەن. ئۆيدە ئانامنىڭ ئورنىنى باساي دەيمەن- دىدى قىز.

-دادىڭىز يەنە سىزنى كىچىسى ئۇسۇل ئوينىتامدۇ؟

قىز جاۋاپ بەرمەي كالپۇكىنى يىمىرىپ تۇردى. ئۇنى يات كۆرۈپ دىگۇسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ كولاپ سورىمىدى. ئۇ ھويلىدا قىزنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، ئۆزى جايىدا ئايلىنىپ قىزنى پىرقىراتتى. قىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا مۇشۇنداق ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. خوشلىقىدىن چىرقىراتتى. لىكىن بۇ قېتىم بۇ ئويۇنىدىن قىز ئانچە خوش بولۇپ كەتمىدى.

چۈش ئۆتۈپ كىتەي دەپ قالغان ئىدى.

-سىز مەن بىلەن كىتىپ نەچچە كۈن ئويناپ كىلەمسىز.

-ياق- دەپ بېشىنى چايقىدى قىز- دادام يالغۇز قالىدۇ.

ئايال قىزنى قۇچاقلىدى. كۆزىگە ياش كەلدى.

-مەن قايتاي، بىرەۋىگۇل. مىنى سېغىنسىڭىز ماڭا تىلىفون ئۇرۇڭ. تىلىفون نومۇرىم ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

-ئېسىمدە- دىدى قىز- مەن سىزگە لەغمەن ئىتىپ بىرەي. مەن ھەممە تاماقنى ئىتەلەيمەن.

قىز بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇ ئايالغا ھەققەتەن بۇ ئىشنى قىلالايدىغاندەك كۆرۈندى.

- تامىقىڭىزنى بەك يىگىم بار ئىدى، ئالدىراپ قالدىم. رەخمەت. بودو كىلىپ چوقۇم يەيمەن- دىدى ئايال.

بۇ چاغدا ئايال قىزنىڭ بالىلىقىنىڭ ئازلاپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بالا مىجەزى بىلەن بۇ ئۆيدە ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. ئۇ مۇددەتتىن بۇرۇن چوڭ بولۇشقا تىرىشقان، ھەم بۇنى خىلى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى.

-ئەمسە چاي بولسىمۇ قايناتاي- دىدى قىز.

ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماي دەپ ماقۇل بولدى. ئۇ قىزغا ئوت قالىشىپ بەرمەكچى بولىۋىدى قىز ئۇنىمىدى. ئۇ ئىشقا كىرىشكەندە يېشىغا يات تەمكىن، چاققان بولۇپ قالغان ئىدى. قىزنىڭ دادىسى يەرلىك تۇخۇم ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ كىرىپ:

-ئۆتكەن يىلى توخۇ فىرمىسى ئاچقان بىرى زىيان تارتىپ كىتىپتىكەن. يىزا باشلىقلىرى بىر چۆجىنى بىر كويىدىن ئالسەن دەپ ھەممە ئۆيگە ئون- ئون بەشتىن زورلاپ ساتقان. ھەممىسى توك چۆجىسى. بۇ يېزىدىكى تۇخۇملارنىڭ كوپىنى شۇلار كاكىلايدۇ. يەرلىك توخۇ بەك ئاز قالدى. خوشنىمىزنىڭ بالىسىنى ئەۋەتتىم. يەرلىك توخۇسى بارلارنىڭكىدىن يىغىپ كەلگىنى كەتتى- دىدى ئۇ. قولىدا يىگى يېقىلغان ئىككى توقاچ، بىر قوغۇن تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنى كونا كات ئۈستىگە قويدى.

-سىزنى بىر مۇنچە ئاۋارە قىلدىم، رەخمەت- دىدى ئايال.

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

ئىككى ئىغىزلىق، ئىستىن قارىداپ كەتكەن، ئۈستى چەللە باراڭدەكلا يېپىلغان ئۆيدە ئۇ ئۆن- تىنسىز بىرەۋنىڭ ئۈلىنىڭ ئوت قالىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئوچاقتا يۇل ئوتۇن كۆيەلمەي پىسىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. بىرەۋنىڭ ۇل چاينىڭ قاينىماي كەتكىنىگە جىلى بولۇپ ئوتنى توختىماي پۈۋلەيتتى. ئىستىن يوتۇلەتتى. كۆزنى ئۆگلايتتى. دادىسى ھويلىدا بىر ئەسكى يىشىكنى تازىلاپ، ئۇنىڭشاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. خېلى ۋاقىتتا قازاننىڭ كىزىلىدىغان ئاۋازى، ئاندىن يەنە خېلى ۋاقىتتا قاينىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىزچاق ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالنىڭ ئالدىغا داسقان سالدى. بۇ بىر كونا رەخ پارچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى ئەكىرگەن ئىككى توقاچنى قويدى. ئوچاق بېشىغا بېرىپ قازاننىڭ تۈۋىنى قوشۇقنىڭ سىپى بىلەن ئاچتى. چاي قاينىغان ئىدى. ئۇ تاكچىدىن ئۈچ چىنە ئېلىپ ئىچىگە ئازراقتىن چاي سالدى. كىرلىشىپ كەتكەن چۆمۈچ بىلەن قايناقسۇ ئېلىپ چىنىلەرگە قۇيدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن قىلدى.

بىرەۋنىڭ ۇلنىڭ باللىقىغا بۇ ئۆيدە ئورۇن يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە بىر كۆزىدىن، ئايالىدىن، ئاندىن (ۋاقىتلىق بولسىمۇ) بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ كىلىشمەسلىكلەر ئۇنىڭ چىراي ئالامەتلىرىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىدا ھىس- تۇيغۇدىن ئەسەر قالمىغان، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ مىجەزى، گەپلىرى ناھايىتى قۇرغاق ئىدى. ئۇ ئادەم گەپ قىلىشنىمۇ ئىغىر كۆرىدىغاندەك تەسىر بەرگەچكە ئايال ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بېقىش نىيىتىدىن يالتايدى.

-دادا چاي ئىچىۋال- دېدى بىرەۋنىڭ ۇل. بۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن ئىدى. ئۇ قولىنى چالا-بۇلا يۇيۇپلا سۇپىدىكى ئەسكى كىگىزگە كىلىپ ئولتۇردى.

-قوغۇننى ئەكەل- دېدى بىرەۋنىڭ ۇلغا.

بىرەۋنىڭ ۇل قوغۇن بىلەن پىچاقنى ئەكىلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. دادىسى قوغۇننى پىچتى. قوغۇننىڭ مىزىلىك پۇرىقى دىمىقىغا كىرگەندە ئايال قاتتىق ئۇسسىغىنىنى ئىسىگە ئالدى. بايا چىشىن خېلى ئاز ئىدى. قوغۇننىڭ پىچىلىشى بىلەن چىشىن ئولاشقىنى تۇردى. ئۇ ئادەم ئىرەڭ قىلمىدى. بىرەۋنىڭ ۇل باشتىن ئاخىر چىشىنىلەرنى قورۇغاچ مېھماننى قوغۇنغا تەكلىپ قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ دادىسى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ قوغۇندىن بىر تىلىم يىدى. ئاندىن يېرىم ناننى ئىككى چىشلەپ دىگۇدەك يەپ تۈگەتتى. ئارقىدىن چاي ئىچتى. ئۆزىنىڭ ئالدىراپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى. قىزى خۇددى چوڭ ئايالدەك ئۇ ئادەم يەنە كىملەرنىڭ ئۆيىدىن يەرلىك تۇخۇم تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سالدى.

-زەيتۇنخاچامنىڭكىگە چىقتىڭمۇ؟.

www.kitaphumar.com

ئۇلار يەنە قايسى ئۆيلەردىن يەرلىك تۇخۇم تاپقىنى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

-سۈرۈشتۈرۈپ باقاي- دەپ چىقىپ كەتتى. بىرەۋنىڭ گۈل خۇددى چوڭ ئاياللاردەك مېھماننى پات- پات چايغا تەكلىپ قىلاتتى. ئايال بىرەۋنىڭ گۈل قايناتقان، كىر ۋە ئىس تېتىپ كەتكەن چاينى ئوتلىغانسىرى ئۆينى قاپلىغان ئىس كۆزىگە تەپكەندەك كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. نان بەك تەملىك ئىدى. ئۇ بۇنداق تەملىك ناننى خېلى ئۇزۇندىن بۇيان يەپ باقمىغان ئىدى. قىز كەمسۆز، تەمكىن ئايال بولۇشنى نىيەت قىلغاندەك ئولتۇراتتى.

دادىسى بىر دەمدە بىر يېشىل كۆتۈرۈپ كىردى. يېشىككە بۇرۇن چۆجە قاچىلىغان بولسا كېرەك، ئەتراپلىرىدا چۆجىنىڭ بېشى پاتقىدەك خېلى جىق تۈشۈك بار ئىدى، ھازىر ئۇ تۆشۈكلەردىن تۇخۇم كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

-نەچچە پۇل بولدى- سورىدى ئايال.

-يەرلىك تۇخۇم بولغاچ خەق باھاسىنى كۆتۈرىۋالىدىكەن.

ئۇنىڭ گېپىدىن تۇخۇمنىڭ بىر كۆيدىن توختىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ مەلۇم قىلغان پۇلنى پۈتۈن سانغا تولۇقلاپ، يەنە ئۈچ يۈز كوي قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئوچۇق ھىساباتىدىن بۇنچىلىك پۇل چىقىم قىلالمايتتى. ئۇ بۇ پۇلنى نەچچە ئايدىن بۇيان خۇپىيانە تىجەپ يىغقان ئىدى. ئۇ بۇ پۇلنى جايىغا تەككۈزەلىگىنى ئۈچۈن خېلى يېنىكلەپ قالدى.

-جىق بېرىۋەتتىڭىز- دىدى بىرەۋنىڭ گۈلنىڭ دادىسى. ئۇ پۇلنى ياندۇرۇۋېتىشكە تىرىشتى. ئامال قىلالماي ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

-خىراجەت قىلارسىلەر، بىرەۋنىڭ گۈل بىزنىڭكىدە تۇرغاندا جىق غېمىمىزنى يېنىكلەتكەن، شۇڭا بۇ پۇل ئوشۇق كەتمەيدۇ- دىدى ئايال ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا بانا تېپىپ بىرىشكە تىرىشىپ، ھەم ئەمەلىيەتمۇ دىگىنىدەك ئىدى.

قىزنىڭ دادىسى ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئايال مۇشۇ پۇرسەتتە تۇيۇقسىز قىزنى يەنە بىر سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ قىزنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قولىقىنى يوپۇرۇپ، ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي كىتىشنى كوڭلى خالىمىدى. ئۇ قىزنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلغان چاغدىكى تۇرقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۇ قانچىلىك ئاززۇ قىلاتتى- ھە. ئۇ بۇنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قىز بۇ ھالىتىدە ئۆتسە ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن قىلچە ئۈمىد يوق ئىدى.

-بىرەۋنىڭ گۈلنى ئۆزەمنىڭ قىزىدەك ياقتۇرۇپ قالغانتىم. ئۆزەم چوڭ قىلىپ ئۇنى مۇۋاپىق تۇرمۇش يولىغا سېلىپ قويسام دەپ ئويلايتتىم. يولدۇشۇممۇ مۇشۇ قاراشتا. ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى

www.kitaphumar.com

يېشى چوڭايغانسېرى يەنە ئۆستۈرۈپ بەرسەك، بىز بىلەن ئۆتسە، ھەممە ئىشنى ئۆز قىزىمىزدەك ئورۇنلاشتۇرساق، بۇنداق بولسا ئىستىقبالىغىمۇ پايدىسى بولارمىتىكىن دەپ ئويلاشقان ئىدۇق. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئاتا- بالىلىق مۇناسىۋىتىڭلارغا قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيمىز. مىنىڭ دېگىنىم بىرەۋگە كۆڭۈل بۇ يەردە داۋاملىق ياشىسا.... ئۇ قىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن چوڭ پەرقلىنىشى ناتايىن بولغان، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ناچار بولۇشى مۇمكىن بولغان كېيىنكى تۇرمۇشىغا تەسەۋۋۇرىنى دەپ باقماقچى ئىدى. لېكىن شۇملۇق چىللىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن گېپىنى شۇ يەردە يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ قىزغا بۇندىن كېيىن بىرىشى مۇمكىن بولغان ئىش ھەققىنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئازراق بولسىمۇ ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى بولسا ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزغا ئالالمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېيەلىگەن بولسا قانچە ياخشى بولاتتى.

ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا يالغۇز كۆزى بىلەن يالتىندە قارىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تاق كۆزىدە ئۇنىڭغا تىك قارىشى ئىدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بۇ كۆزىدىن ئۇنىڭ غورۇرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىق ئىزناسىنى كۆرۈپ ئازاپلىنىپ كەتتى. ئۇ ئادەم قولىدىكى پۇل بىلەن ئايالىنىڭ گېپىنىڭ ئالاقىسى باردەك پۇلنى تاشلاپ بىرىشكە تەييار بىر ھالەتتە:

-قىزىمنى ئۆزەم چوڭ قىلىمەن. ئەتىنىڭ ئىشىنى بىر خۇدا بىلىدۇ- دېدى. ئۇ ئادەم باشقا ياققا قاراپ، ئىچىدىكى بىر ئاغرىقنى زورى بىلەن بېسىۋاتقاندەك ئاھاڭدا يەنە- قىزىمنى بۇندىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن. بۇ بۇرۇن بالا باققان ئۆيدىكى ھېلىقى نامەرتنىڭ 'مۇشىچلىك بالىنى بالا باققۇزۇپ سەنمۇ بىر ئەركىشى بولۇپ قاپسەن' دېگەن گېپى ئېسىمگە كەلسىلا يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. مەنمۇ بىر ئەركىشىدەك ياشاشقا تىرىشىپ باقاي دەيمەن.

ئايال ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆزىگە ئۇزىتىشقا تەييار تۇرغان پۇلغا قاراپ، گېپىنىڭ ئۇنىڭغا ئەكس تەسىر قىلغىنىنى ھېس قىلدى. خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. ئۆزىگە ئۇزىتىلغاندەك تۇرغان پۇلنى كۆرمەسكە سالدى. ئايال ئۇنى پۇلنى ئۆزىگە تاشلاپ بىرەرمىكىن دەپ قورقۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ مۇھتاج ئادەم ئۇنچە يۈزسىز ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىر پەس جىمىپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئېغىز ئاچقاندا بولسا ئۇنىڭ ئاۋازىدا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەم بولۇپ كەلگەن ھېس- تۇيغۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى:

-سىزگە كوپ رەخمەت، بۇنى ئوزىڭىزنىڭ قىزىدەك ئەتىۋارلاپ ئىزدەپ كەپسىز. ھازىر كىمگە كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى كۆپ كۆرۈپ كەيتتۇق. بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا.

بۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ تىلىدىن بىر ئادەمگە كونكرت كۆڭۈل ئېپادىلىگىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. ئايال بۇرۇن ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن نەپرەتلىنەمدۇ نىمە؟ دەپ ئويلاپ

www.kitaphumar.com

قالغان ئىدى. ‹ئۇ ئايلىدىن، ئاندىن ئۇچراتقان ئادەملىرىدىن ئارقا- ئارقىدىن زەربە يىگەچكە شۇنداق بولۇپ قالسا كېرەك› دەپ ئويلىغان ئايال ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاخىر ئۇنى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئوڭۇشلۇق چىقالىغاندەك، ياكى ئۇنىڭ قەلبىگە ئازراق يورۇقلۇق چۈشكەندەك ھىس قىلىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ھەم ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن غىل-پال ئەگكەن ياشنى كۆردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ خىيالىنىڭ توغرىلىقىنى جەزملەشتۈردى.

-بىرەۋنىگۇلنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟- دىدى ئۇ ئاخىرقى تىرىشچانلىقنى كۆرسۈتۈپ.

-مەن بۇرۇن بۇنى ئويلاپ باقمىغان.- دىدى ئۇ.

ئايال ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بىپەرۋالىقنىڭ يۇمشاۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.

-بىرەۋنىگول بەك ئەقىللىق. ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتسە بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ- دىدى ئايال، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن جىق گەپ قىلىش ئىمكانىيىتى يوقلىقىنى ھىس قىلدى، ھىلىمۇ ئۇ ئاز بولمىغان نەتىجىگە ئىرىشكەن ئىدى.

- سىلەرنى بەك بىسەرەمجان قىلدىم. سىلەرگە كۆپ رەخمەت، داسقانغا دۇئا قىلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن- دىدى ئايال. ئۇ بۇ جەم بولۇشتىن بەك رازى بولغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىشقا بالدۇرراق يولغا چىقمىغىنىدىن بەك ئەپسۇسلاندى.

ئۇ ئادەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بىر مىنوتتىن ئارتۇق سۈرە ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن يۈزىنى سىپىغاندا كۆزى يەنە پارقىرىغاندەك قىلدى.

-بىرەۋنىگۇلنى ئېلىپ بىز تەرەپلەرگىمۇ بېرىڭ. سىلەرنى كۆرسەك بىز بەك خوش بولىمىز.- ئايال شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

-ئاللا خالىسا بارىمىز- دىدى ئۇ ئادەم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى ئۇ دەرىجىدە ئىپادىسىز ئەمەس ئىدى.

ئايال ھويلىغا چىقىپ قولىنى يىشىككە ئۇزاتقاندا يىشىكنى ئۇ ئادەم چاققانلىق بىلەن ئالدىدا ئېلىۋالدى.

-ئۆزەم كۆتۈرەي- دىدى ئايال.

ئۇ ئادەم يىشىكنى بەرمەي:

-مەن بىكەتكىچە ئاپىرىپ بىرەي- دەپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. بىرەۋنىگول دادىسىنىڭ كەينىدىن:

-دادا مەنمۇ بارايمۇ؟- دەپ توۋلىدى.

-مەن ھازىر كىلىمەن- دىدى دادىسى.

www.kitaphumar.com

ئايال بىرەۋنىگۈلنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە يەنە ياش كەلدى. ئۇ ئالقىنى بىلەن قىزنىڭ ئورۇق دۈمبىسىنى، چىگىش چاچلىرىنى، ياغاق- يىرىك يۈزىنى سىلىدى. قىز دادىسىدەك ئىپادىسىز مىجەز بىلەن (ھېچ بولمىغاندا دادىسىنىڭ بۇرۇنقى مىجەزىدە) قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۇنى ئىنىگەر ئالمىدى.

-مەكتەپتە ئوقۇۋاتامسەن؟

قىز ھەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

-مەن دادىڭىزغا دەپ قوياي، سىزمۇ ئوقۇيمەن دەپ تۇرىۋېلىڭ جىماڭ- دېدى ئۇ.

-ماقۇل- دېدى قىز. ئۇ بۇ قىزنىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغان مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى.

يەنە ئۇنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان مىجەزىمۇ بار. ئۇ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيدى.

-ئۇكىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى.

قىزنىڭ يۈزىگە باللارچە كۈلكە يۈگۈردى. قىز ئۇنىڭ بالىسى ھەققىدە مۇشۇ چاققىچە ھېچ نىمە دېمىگەن ئىدى. ئايال ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئون نەچچە كوي پارچە پۇل سېلىپ قويدى.

-ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئالارسىز- دېدى ئۇ.

-رەخمەت- دېدى قىز، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە بىرئاز خوشاللىق ئىزنالىرى ئەكس ئەتتى.

ئايال ئىشىكتىن چىققاندا بىرەۋنىگۈل ئۇنى يېزىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە:

-ئۆيگە يەنە كىلەلا- دەپ ئۇزىتىپ قويدى.

-چوقۇم كىلىمەن- دېدى ئايال.

(تۈگىدى)

( «تارىم» 2010- يىل 3- سان)

www.kitaphumar.com

# جېنى تۆمۈر...

## (ھىكايە)

### ئەسئەت ئەمەت

مەن قاسساپقا گوشنى پارچىلىتىپ بولۇپ پۇلنى تۆلىدىم، پۈتۈن قوي گوشى ئالسام ئۇلار ئۆيگىچە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ خېرىدارى تۈيۈقسىز كۆپىيىپ كەتكەچكە ماشىنا ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقى ئېيتىپ، گوش ئاپىرىپ بېرىشكە باشقا ئادەم تېپىپ بەرمەكچى بولدى.

ــ ھەي مەكىلە ــ دېدى قاسساپ يانىدىكى كانارا يېنىدا تۇرغان، ئون ياشلارچە كۆرۈنىدىغان، ئورۇق، مېيىنەت بىر بالىغا ــ ما گوشنى ما ئاكاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەر.

بالا چىرايى ئۆزىگە ئوخشايدىغان، يېشى ئۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ياش چوڭ، گوش پارچىلاۋاتقان بالىغا قانداق قىلاي دېگەندەك قارىدى. ئۇ بارغىن دېگەن ئىشارىنى قىلدى. بالا يېنىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ گىرۋىكىدە ئۈچ سانتىدىن كەم ئەمەس قېلىن بىر تارتۇق بار ئىدى.

ــئۆزىڭىز كۆتۈرەلمەمسىز؟ــ دېدى بالا ماڭا قاراپ.

ــقۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ماڭە ــ دېدى قاسساپ.

بالا ماڭا ھەيرانلىق بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئىككى يالتىراق خالتىغا قاچىلانغان گوشنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ ئون بەش كىلو يۇكنى بۇ بالىغا كۆتەرتىپ خەقنىڭ لەنىتىگە قالماي ــ دېدىم مەن خەققە دۆڭگەپ، ئەمىلىيەتتە ئۆزەم بىئارام بولغان ئىدىم ــ ئۆيىنى بىلگەندىكىن ئىشىڭلار بىسىققاندا ئاپىرىپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

ــ بۇ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىشتى، ھە گۇي ــ دېدى قاسساپ، ئۇنىڭ گوشلۇق قولى بالىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپ پاققىدە ئاۋاز چىقتى ــ جېنى تۆمۈر بۇنىڭ. ئوغول بالىدەك "ھەئە" دەپ ۋاقىرىۋەتە بىرنى.

بالا بۇرنىنى تارتتى:

ــبۇنچىلىك گوش ماڭا نىمتى ــ دېدى ئۇ. ئۇ كۈچ تويلاۋاتقاندەك بىرئاز تۇرۇۋېتىپ گوشنى كۆتەردى. گوش ئۇنىڭ جۇغىدىن چوڭ بولغاچقا دەلدەڭشىپ كەتتى. ئۆزىنى تەستە تەڭشىدى. بىز يولغا چۈشتۇق. مۇساپىمىز سەنشىخاڭدىن دۆڭكۆۋرۈككىچە تۆت يۈز مېتىرچە كىلەتتى. مەن

www.kitaphumar.com

بىئارام بولۇپ تۇرسامىۇ ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ ئۇنىڭ كۆچىنىپ مېڭىشىغا ئىرەڭ قىلماپتىمەن. بەلكىم قاسساپنىڭ بالىنى ماختىشى مېنى بىخوتلاشتۇرۇپ قويغاندۇ. بىز يىگىرمە مېتىرچە ماڭغاندا بالا:

ــخالتىنىڭ بىرىگە گوش جىق قاچىلىپ كىتىپتۇــ دەپ خالتىنى يەرگە قويدى.

ــبۇنچىلىك گوشنى بۇرۇن كۆتۈرۈپ باققانمۇ؟

ــبۇ قانچىلىك گوشتى، سىز كۆتىرەلمىگەن بىلەن مەن كۆتۈرەلەيمەن.

ــمەن كىسەل بولۇپ قالغان. بەك ھېرىپ كەتتىڭمۇ؟

ــچىم ھېرىپتۇــ دېدى بالا دېمىقىنى تارتىپ. ئاندىن گۆشنى يەنە كۆتۈردى.

ــبولدى كوتۈرمە. مەن تاكسى توسۇۋالاي. سەن ئاندىن قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

مەن بالىغا قايتا كۆتەرتكۈزمەسلىك نىيىتىگە كەلدىم. بالا بىلەن پاراڭلاشقىم بولغاچقا ئۇنى ماڭغۇزىۋەتمىدىم. بۇ يۇك ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلگەچكە ئۇنىڭ بېشىنى بەك قاتۇرغان ئىكەن. گېپىمنى ئاڭلاپ گوشنى قويدى، چىرايى ئېچىلىپ خىلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

ــمەكتەپتە ئوقۇمىدىڭمۇ؟

ــبۇ يىل 4-سىنىپقا كۆچكەن، خانىم مىنى ئۇرغانتى، قېچىپ كىتىپ بارمىدىم.

ــنەچچىگە كىردىڭ؟

ــ ئون بىرگە، مەلىملىرىم مىنى ژۇتۇپ كەتتى دەپ ئويلايدۇ.

مەن بۇ بالا ئىشلەمچىنى كۆرۈپ ئانچە ئەجەپلەنمىگىنىم ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشخانا، ناۋايخانا ۋە كۆكتات ـ ئاشلىق دۇكانلىرىدا، بۇنداق ياشتىكى باللارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. كوچىدا ئاياق مايلاش ساندۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋېلىشقان باللار كىشلەرنىڭ ئايىغىغا قاراپ بەسلىشىپ خېرىدار چاقىراتتى.

ئايىغىڭنى مايلاتماي ئۆتۈپ كەتسەڭ ئۇلار خېرىدارنى ئولتۇرغۇزالمىغان ئورۇندۇققا ئۇرۇپ، قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار مايلاش ئۈسكىنە ساندۇقى بىلەن ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ لاغايلاپ يۈرىشەتتى. بىر كۈنى مەن ئاپتونوم رايۇنلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بىر بالىنىڭ بىر شار ساتقۇچىنى قانداق ئالدىغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. 30 ياشلاردىكى تەمبەل بىر ئادەم بېشى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان ئۆزىدەك دوغىلاق ـ دوغىلاق شارلارنىڭ يىپىدىن تۇتقان ھالدا، دوختۇرخانا ئىشىكىدىن ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كىرىپ چىقىۋاتقان باللارنىڭ قىزىقىشىنى تارتالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇ باللارغا قاراپ پات ـ پات ئورۇنسىز كۈلۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى خېرىدار چاقىرىشقا ئەمەس، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانغا بەكرەك ئوخشايتتى. بۇ چاغدا 8 ياشلار چامىسىدىكى بىر چاقىرىلمىغان مېھمان ـ مايلامچى بالا كىلىپ، شار ساتقۇچىنىڭ توپا بېسىپ كەتكەن ئايىقىنى لاتا

بىلەن سۈرتۈپ قويىلي دەپ تۇرۇۋالدى. سۈرتۈپ بولۇپ، تۇيدۇرماي ئازراق ماي سۈرتۈپ قويدى. ئاندىن چوتكىلىۋېتەي دەپ تۇرىۋالدى. ئۇ بۇنداق ھۆنەرگە بەك پىششىق ئىدى. ئۇ ئاخىر شارچىنىڭ بىرتال شىبىغا ئىرىشىپ، نىيىتى شۇدەك قىن- قىنىغا پاتماي يۈگرەپ كەتتى.

ــ ئا گۈيىنى، مىنى ھەجەپ ئەخمەق قىلدى، ئۇراي دىسە كىچىك بالىكەن.

ئۇنىڭ ئايىقى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرىدىن پەرقلىقلا ۋالىلداپ تۇراتتى.

ئۇ پايدا ئالغان ياكى زىيان تارتقانلىقىنى بىلەلمەي تەشقىسلىقتا قالغاندەك بىر ئايىغىغا بىر ھېلىقى بالا ئىلىپ ماڭغان شارغا قارايتتى.

ناۋايخانىدىكى بالا كۇندە سەھەر سائەت توّتتە بىزنىڭ قوروّدا پىياز سوقاتتى. ئەتىگەندىكى جىم- جىتلىقتا ئۇ چىقارغان ئاۋاز ئىنتايىن ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭغا سىلىق گەپ قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش تەس ئىدى.

ــپىيازنى نېرىراق سوق، ئۇيقۇمىزغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىسەن.ــ دىسەم ئۇ تېخىمۇ يېقىن كىلىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ سوقاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن پاراڭلىشالمىغان ئىدىم. ئۇ دەسلەپ مىنى ئوقۇتقۇچىغا ئوخشىتىپ قالدىمۇ، مەندىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرگەن ئىدى. كىيىن قورقماس بولدى. ھەر قېتىملىق سۆزلىشىپ بېقىش تىرىشچانلىقىم ئۇنىڭ قوپال، قىلىقسىز ھەركەتلىرى سەۋەپتىن ئەمەلگە ئاشمىدى. جاپادىن بويى ئۇستىگە ئۆسمەي، تۇغرىسىغا ئۆسۈپ پاپىلارغا ئوخشاپ قالغان، ئۇسقانلىرى پىشىپ كەتكەن، چىرايىدىن يەنىلا ئۆسمۈرلۈك چىقىپ تۇراتتى. ناۋايخانىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ 50 سوم ئايلىق ئىش ھەققىنى بىكىتكەندە ئۇنىڭ باللىقىنى كۆزدە تۇتقانىنى دىمىگەندە ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇنىڭ باللىقىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتتى.

كۆكتاتچىنىڭ بالىسى كۇندە مەكتەپكە باراتتى. ئاز ئۆتمەي تەتىل بولماي تۇرۇپ خۇددى تەتىلدەك ماڭا كۇندىلا ئۇچراپ تۇردى.

ــمەكتەپكە بارمىدىڭمۇ؟

ــئوقۇۋساممۇ سەيچى بولىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن ئوقۇمايلا سەيچى بولاي دەپ بارمىدىم.ــ دىدى جاھاننىڭ سىرىنى بىلىپ بولغاندەك ئىشەنچ بىلەن پىششىق تىلدا سۆزلەپ.

ئۇلارنىڭ دۇكىنىدا ئاشلىق- مايمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشخانىلارغا، باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇن كىلودىن قاچىلانغان ئۇن- گۇرۇچلارنى يۈدۈپ، دۈمچەكتەك مېڭىپ توشۇغىنىنى نەچچە كۆرگەن ئىدىم.

ــنەچچىگە كىردىڭ؟

ــئون بىرگە.

ــئۆزەڭنىڭ يېشى بىلەن تەڭ نەرسە كۆتەرسەڭ پاكار بولۇپ قالىسەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

www.kitaphumar.com

ـ بويى ئىگىز بولاپتۇ دەپ نېنىمنى خەق بەرەمدۇ؟ـ ئۇنىڭ ئىنكاسى مىنىڭكىدىن تېز ئىدى.

بەلكىم مەندىن باشقىلارمۇ مەن دىگەندەك گەپلەرنى ئۇنىڭغا دىگەن بولسا، ئۆيدىكىلەر نىمە دىيىشنى ئۇگىتىپ قويغاندۇ. ياكى ئۆيدە مۇشۇ تۈردىكى گەپلەر دىيىلگەندە ئىسىدە تۇتۇۋالغاندۇ. ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كىيىن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ توختىماي چىكىنىۋاتقىنىنى سىزىپ تۇراتتىم. بارغانسىرى جىدەلخور، ئۇششۇق، ئىغىزى بىزەپ، ئۇستى- بېشى مەينەت بولۇپ كىتىۋاتاتتى. ئورۇقلاپ، زىڭغاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىۋاتاتتى. مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرسەم نەسىھەت قىلىپ تۇراتتىم.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىدىن كىچىك بىر بالىنى بوغۇۋالغان ئىكەن. مەن ئاجرىتىپ:

ـكىچىك بالىنى بوزەك قىلساڭ بولامدۇ؟ـ دىدىم.

ـچوڭىغا كۈچۈم يەتمىسە.

ـساڭا كۈچى يەتىدىغان ئاكىسى كىلىپ قالمىسۇن يەنە؟

ـئاكىسى يوق.

ـدادىسىچۇ؟

ـدادىسى يوق.

ـئانىسىچۇ؟

ـئانىسى يوق.

ـھىچ نىمىسى يوقمۇ؟

ـقىرى بىر چوڭ ئانىسى بار. ئۇ مىنى ئۇرالمايدۇ.

ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ناماز ئايەتلىرىنى ئۇگىتىۋاتقىنىدىن ئازراق خەۋەردار ئىدىم. ئاخىر:

ـئەسكى ئادەمنى كۆرۈپ تۇرىدىغان خۇدايىمغۇ باردۇ؟ـ دىدىم.

ئۇنىڭ يەنە جاۋاپ بەرگىسى بار ئىدى، يېنىمىزدا پارىڭىمىزنى ئاڭلىمىغانىدەك ئولتۇرغان ئانىسى چاچراپ قوپۇپ:

ـھە قېنى نىمە دەيسەنكى ئاڭلاپ باقاي، ھە دىيە.ـ دەپ ۋارقىرىدى. بالىنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئانىسىـ ماڭە بېرىپ ئۇكاڭغا قايلاـ دىدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا. ئۇ ھېلىقى كىچىك بالىغا خەپ دەپ قويۇپ، بۇلۇڭدىكى مەينەت نەرسىلەر ئارىسىدا ئويناۋاتقان ئۇكىسىغا قاراپ ماڭدى. ھېلىقى بالا "ھەجەپ ئەدىپىڭنى يىدىڭ" دىگەندەك چىرايىنى ھەر خىل قىلىپ كۆرەڭلىدى. ئۇ چىدىماي ئۇنىڭغا ئېتىلدى. بالا قېچىپ كەتتى. ئۇ قورۇق قول قايتىپ كىلىپ، بىر تال سېسىق شوخلىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى:

ـھەجەپ تۇتالماي قالدىم. قولامغا چۈشۈپ قالغان بولسا بوغوزلىۋېتەتتىم.

www.kitaphumar.com

بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى ئارقىسىدا كوزۇپى بار ئۈچ چاقلىق موتىسىكلىتىغا مىنىۋېلىپ، ئوت ئالدۇرۇش تەپكىسىنى تېپىپ ئوت ئالدۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. كىچىك كۆكتاتچى بوينى ئىنچىكە، ئىككىگە كىرسىمۇ تېخىچە ئۆرە تىرالمايدىغان، يىغلىسا ئۈنى تۈزۈك چىقمايدىغان، ئورۇق ئۇكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ تەرخەمەك يەۋاتاتتى. بىر بالا ئۇنىڭ تەرخەمىكىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئۇكىسىنى موتىسىلىت كوزۇپىدىكى كۆكتات ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپلا بالىنى قوغلاپ كەتتى. موتىسىكلىت ئوت ئالدى. دادىسى بالىدىن بىخەۋەر بولغاچقا موتىسىكلىتنى تېز قوزغاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە بىر ماشىنىنىڭ ئۆتۈپ بولۇشىنى ساقلاپ توختىدى. مەن بالىنىڭ ئانىسىغا:

ــبالىڭىزــ دېدىم بالىسىنى كۆرسىتىپ.

ــئاپلا ئابدۇراخمان يىقىلىپ كىتىدىغان بولدى.ــ دېدى ئوغلىغا ئەندىشىلىك قاراپ، ئۇــ ئابدۇنەزەرــ دەپ چوڭ ئوغلىنى چاقىردى. كىچىك بالىسى موتىسكلىت كوزۇپىدىكى كۆكتاتلار ئۈستىدە قىپ- يالىڭاچ ھالىتىدە زور بىر تال كاپۇستىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ كاپۇستا ھەدەپ قوپۇش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بىر ئايال بىرتال چامغۇرنى تارازا ئۈستىگە قويدى:

ــمانى جىڭلاپ بەرسىلە.

بۇ چاغدا كۆكتاتچىنىڭ چوڭ ئوغلى پەيدا بولدى.

ــئۇكاڭغا قارا، موتوغا چىقىۋاپتۇ.ــ دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا، ئۆزى تارازا يېنىغا ماڭدى.

بالا موتىسكلىتنى ئىزدەپ ئۇياق- بۇياققا قارىدى. ئۇنى ئۆلگۈرەلمەي قالمىسۇن دەپ، مەن تېز بېرىپ، بالىنى موتىسكلىت ئۈستىدىن ئېلىۋالدىم. ئەگەر موتىسكلىت قاتتىقراق سىلكىنسە ياكى تورمۇز قىلسا بالا كوزۇپتىن چاچراپ چىقىپ كىتىشى ياكى كوزۇپقا ئۇسۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن يىنىك، يۇمشاق بالىنى كۆتۈرۈپ كىلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدىم:

ــبارە ئاناڭغا ئىتىبارى بىرتال چامغۇرچىلىك يوق ئابدۇراخمان، بولسا ئاناڭنى بىر تاملىۋاله.

ئايال بالىنى ئىرەڭسىزلا ئالدى.

ــبالىڭىزدىن زىرىكىپسىز-دە.ــ دېدىم مەن، چېقىشىپ ياكى تەنە قىلىپ دىگىنىمنى ئۆزەممۇ بىلەلمەي قالدىم.

ــقايلىسىلا! مۇشۇندا ھەممىنى ئۇنتۇپ تىرىكچىلىك قىممىساق باللىنى قاندا باقىمىز؟.

بۇ ئۇ ئايالنىڭ گەپ قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. يا تىرىكىپ يا تۈزلۈك بىلەن دەۋاتقىنىنى بىلگىنى بولمايتتى. لىكىن ئۇنىڭ دىگىنى راست ئىدى. ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ئىدى.

ــئانا، بۇ ئاكام نىمانداق بىز بىلەنلا قالدۇــ دېدى ئوغلى كىلىپ. ئانىسى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىر ئاندىرىسى

www.kitaphumar.com

ــبالىسى بولمىغاچقا سىڭلىڭغە ئىچى كۆيىدىغان ئوخشايدۇ.ــ دېدى.

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن سالام- سائەت قىلماس بولدى. ئۇ بالا مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن خۇددى دالىدىكى ياۋا كۆچەتتەك، ئوغۇت- سۇ كۆرمەي، باغۋەننىڭ قايچىسىنى كۆرمەي، ئۆزى خالىغان يېرىگە شاخ- پۇتاق چىقىرىپ ئۆسۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستازى ئانىسى ئىدى. ئۇنىڭ روھلۇق- تېتىكلىكىگە، ھازىر جاۋاپلىقىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ قاسساپ بازىرىدىكى ھاممال بالا كۆپ جىمغۇر، غەم- ئەندىشىلىك كۆرۈنەتتى.

مەن يول ياقىسىدا تاكسى توسالماي ئۆزۈن تۇردۇم. بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بالىنى گەپكە سالدىم. ئۇ سورىغانلىرىمغا رەتلىك، ئەستايىدىل جاۋاپ بېرەتتى.

-مەكتەپتە نېمىشقا ئوقۇمىدىڭ؟ ياخشى ئوقۇيالماپسەن دە.

-نەدە؟ مەن تېخى ئۈگىنىش باشلىقى ئىدىم.

-مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغىنىڭ بىلەن يالغانچىلىقنى خېلى ئوبدان ئۆگەنگەندەك تۇرىسەن.

ئۇ ماڭا نارازى بولۇپ بىر قاراپ قويدى. كىتىشكە تەمشىلىپ يەنە يالتايدى. ئاندىن مىنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىمدىن قورققاندەك سۆزلەپ كەتتى.

-مەكتەپتىكى چېغىمدا ماڭا دايىم تاپشۇرۇقنى ئىشلىتىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ تەتىلدە كۆلچىلىق① قىلىدىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئۆيىدىكىلەر بەك جىق كىيىم، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە ئوخشىمايدىغان ئويۇنچۇق ئېلىپ كېلەتتى. باللارغا ئويۇنچۇقلىرىنى داملىتىپ تۇتقۇزمىغىنى بىلەن ماڭا بېرىپ تۇرىتى. مەن كۈندە ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناپ دەرستە چېكىنىپ كەتتىم. سىنىپ مەسئۇلىمىز "ئىككى ھەپتىگىچە دەرسكە يېتىشۋالمىساڭ ئۆگىنىش باشلىقلىقىدىن چۈشۈرۈۋېتىمەن" دېدى. مەن ئۇنداق ئويۇنچۇقلارنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭا ئويۇنچۇقتىن دىققىتىمنى تارتالمىدىم. دوستۇمنىمۇ ئوقۇتقۇچى تىللاپتى ئۇ سىنىپتىن چىقىپ ماڭا 'بۇ نەرسىلەرگە بوزەك بولۇپ يۈرگەندىن ئوقۇماي دادامنىڭ يېنىغا كېتەيلى، ھازىر دېگەن ساراڭلارلا ئوقۇيدۇ' دېدى. ھەم ئاتا- ئانىسى تۇرىدىغان يەرنى بەكلا ماختاپ كەتتى، مەن بارسام پۇلمۇ تاپالايدىكەنمەن. مەنمۇ قىزىقىپ 'ئانام ئۇنىسا بارىتىم' دېدىم. كېيىملىرىم بەك كونا. كۈندە تۇزۇك قورسىقىممۇ تويمايدۇ. ئۆيدە كۈندىلا قىيىنچىلىقنىڭ گېپى.

-سىلەر بەك نامراتمۇ؟

-ھەئە.

-ھەممە خەقتىن نامراتمۇ؟

-جىق خەق بىزدەك، تويغىدەك نانمۇ يوق.

www.kitaphumar.com

ـسلەر نەچچە جان؟

ـتۆت جان.

ـگىپىڭنى بۆلۈۋەتتىم. كەلگەن يەردىن سۆزلەۋەر.

ـئۇ يەرگە بارسام، پۇل تېپىپ نۇرغۇن ئويۇنچۇقلارنى ئالسام، يەنە ئۆيدىكىلەرگە پۇل ئەۋەتىپ بەرسەم ياخشى بولىتتى دەپ ئويلاپ كەتتىم. دادامغا دىسەم ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ دەپ تىللىدى. دوستۇم ئوقۇشىنى تاشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇ ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ دەرسكە يىتىشەلمىدىم. ئوقۇتقۇچى مىنى يەنە تىللىدى. 'مەن يىتىشەلمىگەن بىلەن سىنىپنىڭ ئەڭ ئارقىدا قالمىدىم، نىمە مەن بىلەنلا ئېچىشىلا' دىدىم. ئۇ 'مەن ساڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن' دەپ ئىككى شاپىلاق سالدى. مەن قاچتىم. ئوقۇتقۇچىسى موتىسىكىلىت بىلەن قوغلىدى. مەن دەرەخلىق ئارىسىغا قېچىپ ئوقۇتقۇچىنى ئازدۇرۇۋەتتىم. كەچتە ئۆيگە كىلىپ، بولغان ئىشنى ئانامغا دىدىم. دوستۇمنىڭ ئانىسى بىلەن ئانام تونۇشتى. ئۇنىڭ ئانىسى كەلگەندە ئانامغا "مۇختەرجاننى بىزنىڭ بالىغا قوشۇپ قويساڭلار مۇ بوپتىكەن، كادىر قىلىمىز دەپ ھېچ نىمە قىلالماي ئولتۇرغاندىن، ھۇنەرگە بەرسەڭلار جېنىڭلارغا ئەسقاتامدۇ، بىزنىڭ ئاشخانىدا ئۇششاق ئىشلارغا قارىشىپ بەرسە، قورسىقىدىن غەم قىلماي ھۇنەرلىك بولۇپ قالاتتى، سىلەرگە پۇلمۇ ئەۋەتىپ بىرەلەيتتى" دەپتىكەن، ئانامۇ ئويلۇنۇپ قاپتىكەن. شۇڭا مەن دەرستە چىكىنىپ كەتكەندىمۇ مەن بىلەن كارى بولماپتۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇرغىنىنى ئاڭلاپ ئانام 'خەقنىڭ بالىسىنى نان بىرىپ قويغاندەك ئۇرغىنىنى، قولى ئېقىپ كەتەر ئىلايىم. ئەمدى مەكتەپكە بارما' دىدى. دادامنىڭمۇ ئاچچىغى كەلگەچكە مىنى مەكتەپكە زورلىمىدى. ئانام مەكتەپكە بىرىپ 'بالام يوقاپ كەتتى، بالامنى تېپىپ بەر' دەپ ئەسكىلىك قىلىپ، مىنى دوستۇمنىڭ ئىچكىرگە ماڭغان تۇققىنىغا قوشۇپ قويدى. پويىزدا ئولتۇرۇپ شۇنداق ئۇزۇندا باردۇق. مەن كۇلىغا بىكاردىن ـ بىكار بېرىپتىمەن. بېرىپ بەرەر ئويۇنچۇقمۇ سېتىۋالالمىدىم. ئۆيگە بىر پۇڭمۇ ئەۋەتەلمىدىم. ئۇلار ئەسلى ئوغۇرلۇق قىلىدىكەن. ماڭا ئۆگەتمىز دەپتى مەن كىتمەن دەپ ئۇنىمىدىم. بەك جىق تاياق يىدىم. دۇمبەمگە تاسما بىلەن ئۇردى. دۇمبەمنى پىچاق بىلەن تىلدى. تاماكا ياقتى. قېچىپ كەتسەم تۇتۇپ كىلىپ ئاغزىمنى يىرتىۋەتتى.

ئۇ مىنى كۆرمەي قالمىسۇن دىگەندەك ئېغىز گىرۋىكىدىكى تارتۇقنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ سەبى ئۆسمۇر چىرايىدىكى نارسىدىلەرگە قىلىنغان چىكىدىن ئاشقان شەپقەتسىزلىكنىڭ بۇ تامغىسى ئۇنى كۆرۈپ قالغان كۆزۈڭدىن بىزار بولغىدەك كۆڭۈلنى قاتتىق غەش قىلاتتى.

ــئوغۇرلۇققا كۆندۈرەلىدىمۇ؟

ئۇ گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ــمىنى نەچچە قېتىم ئېلىپ چىقتى، مەن خەقنىڭ ياچۇقلىرىغا، سومكىلىرىغا قول تىقمىدىم. ئۆگەتكەندە ئامال يوق ئۆگەندىم. لېكىن كوچىدا قىلمىدىم. ــ دېدى ئۇ.

ــئۇلاردىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟

ــلوبەن تېلفۇننى ئۇنتۇپ قاپتىكەن. ئۇدۇل خوشنىمىزنىڭ تېلفونىغا تېلېفون قىلىپ ئانامنى تولىغۇزۇپ بولغان ئىشنى دېدىم.

ئۇ كۇنلەرنى ئېسىگە ئالغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭ قىزغىنلىقلىرى سۇسلىشىپ كەتتى. چىرايى يەنە تۇتۇلدى.

ــئاناڭغا ھەممىنى دېدىڭمۇ؟.

ــدېدىم. ئانام ئۇلارنىڭ چوڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئىزدەپ ئۇرۇشۇپتىكەن، لوبەن "يەنە بىركىمگە دېسەڭ تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن" دەپ يولغا سېلىپ قويىدى.

ــساۋاقداشلىرىڭمۇ ياردەم قىلالمىدىمۇ؟.

ــئۇ دىگەن ئۆيىدىكىلەر نىمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تۇنجى دوستلىقى شۇنداق تۈگىگەن ئىدى.ــ مەكتەپكە باراي دېسەم مەلىمدىن قوقتۇم. ئانامۇ زولىمىدى. ئاكام مۇشەدە قاسساپلىغا ياردەملىشىپ كۈن ئالىتى، ئانام ئاكاڭ بىلەن تۇرۇپ ھۈنە ئۆگەن دېدى. شۇڭا ئاكامنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمەن.

ــنىمە ھۈنەر ئۆگەندىڭ؟

ــمىنىڭ پەقەت جېنىم يوق. گوش پاچىلاي دېسەم قولام ئۇيانغا-بۇيانغا كېتىپ لوبەننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىمەن. شۇڭا گوش توشۇيمەن.

ــمەكتەپكە كېتىشنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟.

ــئانامغا دىگەنتىم ئۇنىمىدى. مەلىمىم چۈشۈمگە چىرىپ قالسىمۇ قورقۇپ كېتىمەن. بىر قېتىم تۇتۇۋېلىپ چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن ۋاقىراپ ھەممىسىنى ئويغىتىۋېتىپتىمەن.ــ ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

ــكىتاپ ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟، ئۆيدىن كىتاپ ئېپ چىقىپ بىرەي.

ــكىتاپ ئوقاي دېسەملا ئۇخلاپ قالىدىكەنمەن. ئەتىگەندە ئاكام مىنى سۆرەپ، سۇ چېچىپ ئويغۇتىدۇ. ئاكا، ئاشخانىدىن تاماق يىمەڭ. ئاشپەزلەر بازاردىن ھاجايىپ بىر گوشلىنى ئالىدۇ. ئاچ قالسىڭىزمۇ، ئاشخانىنىڭ تامىقىنى كوچىغا تىزىپ قويسىمۇ يىمىسىڭىز بولىدۇ. بىز ئامال يوق بەزىدە يەپ قالغاچقا دىققىتىمنى يىغالماس بولۇپ قالدىم. ئەتە-ئۆگۈن يولىنىمۇ تېپىپ ماڭالمادىمەنكىن دەيمەن.ــ ئۇ بۇ گەپلىرىنىڭ بەزىلىرىنى چوڭلاردىن ئۆگىنىۋالغاندەك قىلاتتى.

ــسەن راستىنلا كۈچلۈككەنسەن.ــ دېدىم ئۇنىڭ كۆسەيدەك قارا، مەينەت بىلىكىنى قولۇمغا ئېلىپ.ــ كۈلچىلارغا بوزەك بولمىغىنىڭ بەك ئوبدان بوپتۇ.

www.kitaphumar.com

ــبىز بىر يەرلىك بولغاچ مىنى قويۇپ بەردى ــ دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن ــ كۇلچىلاردىن ياخشى ئادەم چىقمايدىكەن. ھۈنەرنىڭ ئوبدىنىنى ئۈگىنىپ چىققىنى تاس قالدىم. خۇدايىم بىر ساقلىدى.

ئۇ ئىگىز بىنالار، كوچىدىكى زىچ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنا ـ پىكاپلار، سۈرلۈك ئادەملەر ئارىسىدا شۇ قەدەر كىچىك، ئەرزىمەس، خۇنۇك، پاناسىز كۆرىنەتتى. ئۇ ساددا، سەبى كۆزلىرى بىلەن ئەشۇ بىنالار، پىكاپلار ۋە ئادەملەرگە ئەيمىنىش، ياتسىراش بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ كىيىمى ماي ھەم كونا، يۈز، بويۇنلىرىدىن ئېچىغان تەر ۋە كونا ياغ پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ مەكتىپىدىكى چېغىدەكلا ئۆزىنىڭ ئوسال ئۇستى ـ بېشىدىن نومۇس قىلىۋاتقاندەك قورۇنۇپ تۇراتتى.

ــ خوش ئۇكام ــ دېدىم ئۇنىڭ بايا قاسساپنىڭ قاتتىق قولى تەككەن دۈمبىسىنى سىلاپ قويۇپ ــ بۇندىن كېيىن بۇنداق ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرمە. كېسەل بولساڭ سىنى كىم داۋالىتىدۇ؟.

مىنىڭ بۇ گەپلىرىم ئۇششۇقچە ئىدى. شۇڭا ئېغىزىمنى يىغدىم. يانچۇقۇمدىن گوشتىن ئاشقان يىگىرمە نەچچە كويىنى ئالدىم.

ــئاكاڭ بىلەن بۇنىڭغا تاماق ئېلىپ يەڭلار ــ دەپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشىمغا، ئۇ پۇلنى كۆرۈپ خۇددى ئۆزىنى موتىسكىلىت بىلەن قوغلىغان ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپ قالغاندەك:

ــياق ــ دەپلا بەدەر قاچتى.

"بالا پۇلدىن نىمىشقا شۇنچە قاچىدۇ" دەپ كۆپ ئويلاندىم. "ساددىلىقتىن پۇلغا قىزىقىپ ئىستىقبالىنى تۇگەشتۈرگىنى ئۈچۈنمۇ؟"، ياكى "بىكارلا بىرىلگەن پۇلنىڭ كەينىدىكى قارا قولنى كۆرۈپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟"، ۋە ياكى "ئۆز قەدر ـ قىممىتىنى تونۇپ يەتكىنى ئۈچۈنمۇ؟".

ئاز ئۆتمەي ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ گوش بازىرىدا ئۇچراتتىم، ئۇ مەن بىلەن پىشىپ يىتىلگەن چوڭلاردەك كۆرۈشۈشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يۇلقۇنۇپ چوڭ بولۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىدىن بىزار بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ كانارىدىكى گوشلارغا قاچان توشۇپ بولارمەن دىگەندەك ئەنسىز قارايتتى. قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئۇ قارىداپ، پەرقلەنگىدەك ئورۇقلاپ قالغان ئىدى.

ــ تاماق يىمەۋاتامسەن نىمە؟. قارا بۇ ئىچى سۈرۈپ كەتكەن قوزىنىڭ قوۋۇرغىسىغا... ــ دېدىم ئۇنىڭ كوينىكىنى كۆتۈرۈپ، قورسىقىنىڭ ياغاق تاغاق سۆڭەكلىرىنى كۆرسۈتۈپ.

ئۇ باللىقىغا تۇيۇقسىز قايتىپ قالغاندەك سەبىلىك بىلەن كۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىللىقلىقنى ئۇ ياقتىكى بىر قاسساپنىڭ:

ــمەككە، ما گوشنى بۇ ئاچاڭغا ئاپىرىپ بىرىپ تىز كەل. ئاڭلىدىڭما؟ــ دىگەن ئاۋازى ئۆچۈرۈۋەتتى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــخوش ــدېدى بالا قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سەل ئېگىشىپ. ئۇ ئەمدى بايا بىردەملىك ئېسىنى يوقۇتۇپ، بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويغاندەك ئوڭايسىز بىر ھالەتكە كىلىپ قالغان ئىدى.

ئۇ خالتىغا قاچىلانغان گۆشنىڭ ئالدىدا كۈچىنى يىغىۋاتقاندەك بىردەم تۇردى، ئاندىن خالتىنى دەس كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى ئورۇق گەۋدىسى ئىغاڭلاپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر سەپرىنى باشلىدى.

سەنشىخاڭزىدىكى گۆشنى توپ سېتىش بازىرى شەھەر سىرتىغا يۆتكىۋېتىلگەندىن بىرەر يىلدەك گۆشنى ئەتراپتىكى دۇكانلاردىن ئېلىپ ئۇ بالىنى ئۇچرىتىش پۇرستى بولمىدى. كىيىن ئۈچ تاش تەرەپتىكى گۆشنى توپ سېتىش بازىرىغىمۇ بىر قانچە قېتىم باردىم. لىكىن ئۇنى ئۇچراتمىدىم. مەن بىر قېتىم ئۇكامنى ئىچكىرىگە كامانىدىروپكىغا يولغا سېلىش ئۈچۈن پويىز بىلىتى تاپالماي، ھايانكەشتىن ئېلىشقا توغرا كەلدى. ھايانكەش بىزنى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇ كىيىمى ئازراق رەتلىك ئادەم بولسىلا ساقچىمىكىن دەپ گۇمانلىناتتى. بىزگە ئىشەنچى بولمىسىمۇ جاھاندارچىلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تەۋەككۇل قىلىپ "بىرسىدىن تېپىپ بىرەي، سىلەرگە ياردەم قىلغىم كىلىپ قالدى" دىگەن بانا بىلەن بىزنى باشلاپ ماڭدى. تىقمۇ- تىقما، رەتسىز، مەينەت كوچا، كۆكتات بازىرى ۋە پىت بازارلىرىدىن كىسىپ ئۆتتۇق. ئاندىن پاسكىنا بىر تونىلدىن ئۆتتۇق. يەنە بىر كىلومېتىردەك ماڭدۇق. ئۇ بىزگە "ساقلاپ تۇرۇڭلار" دەپ ئۆزى كەتكەن پېتى يوقالدى. بىز بىر سائەتتەك ساقلىدۇق. تىلفۇنىنىمۇ ئېتىۋالغان ئىدى. بىز ئامالسىز قايتىپ تونىلدىن ئۆتۈپ ئازراق مېڭىشىمىزغا ھېلىقى بالا تۇيۇقسىز ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توختاتتىم. ئۇ يۇلقۇنۇپلا قولۇمدىن چىقىپ كىتىشكە تاسلا قالدى. ئۇنىڭ يۈزىدە مەڭز سۆڭىكى ئۈستىدە نىمىنىڭ ئىزىلىقىنى بىلگىنى بولمايدىغان كۆرۈمسىز، بۇرۇنقى تارتۇقتىنمۇ سەت، كەڭ، چوڭ بىر داغ پەيدا بولغان ئىدى . ئۇ تارتۇققىمۇ ئوخشاپ كىتەتتى. ئۇنىڭ بويى ئۆسمىگەندەكلا قىلاتتى.

ــ مىنى تونۇمىدىڭمۇ؟

ئۇ ماڭا ئەندىشىلىك قاراپ قولۇمدىن قېچىشقا تىرىشاتتى. بۇ چاغدا يېنىمدا يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر ياش پەيدا بولدى.

ــ بۇ يانچۇقچىلىقتا قول سامىسا نىمىشقا تۇتىۋالسىلەر، نىمىش بولدى. ــ دىدى ئۇ. ئۇنىڭ تۇرقى كىشىگە تولىمۇ يات، يىقىمسىز، يۈزسىز كۆرىنەتتى. مەن بالىنى قويۇپ بەردىم. ئۇ مەندىن قېچىپ نېرى كەتتى. ئاندىن يىراقتا قاراپ تۇردى.

ــ ئۇنى قاسساپ بازىرىدىكى چىغدا تونۇيتتىم. ئۇنىڭ يۈزىگە نىمە بولدى؟.

ئۇنىڭ ئەلپازى سەل پەسەيدى.

www.kitaphumar.com

ــ ھەي، بۇ گۇي ئىچكىرىدىن بىر ھۇنەر ئۆگىنىپ چىققان ئىكەن. بىرسىنىڭ پورتمالىنى ئوغۇرلاپ تۇتۇلۇپ قىلىپ تاياق يىدى. ــ دىدى ئۇــ جىنى تۆمۈركەن. ئۇ كۇنى يىگەن تايىقىدا بۇنى ئۆلەمدىكىن دەپتىمەن.

ــ سىللە ئاكىسمۇ؟

ــ مەن نەۋرە ئاكىسى. مەن مۇشۇ ئەتراپتا قاسساپلىق قىلىمەن. ياردەملىشەمىكىن دەپ ئىپ قالسام خەقنىڭ يانچۇقىغىلا قارايدۇ بۇ ھارامزادە. يولغا سىلىشۋتمىسەم بولمىدى.

ــ ئاكىسچۇ؟

ــ كۇنىنى ئالالماي كەتكەن.

مەن ئۇ بالا بايا تۇرغان جايغا قارىدىم . ئۇ يەردە ئۇ يوق ئىدى.

ــ ئىچكىردە ئوغۇرلۇق قىلغىنى ئۇنىماي تاياق يەپتىكەنغۇ؟

ــ ئۇ دىگەن بۇرۇنقى ئىش، لىكىن ئۇ ئىچكىردە ھۇنەرنى ئۆگىنىپ قويۇپتىكەن. ھۇنەر بىكار كەتمىسۇن دىگەن چىغى. دائىم يىنىدا پۇل پەيدا بولۇپ قالىتى. تېخى خىلى جىق. مەنمۇ گۇمانلانغان. ئاتا ـ ئانىسى ئوبدان ئادەملەرتى. ئۇلىنىڭ شەنىگە چىچىپ بۇنىڭ قىلىپ يۇرگەن ئىشىغا قاراڭلار. شۇنداق قاتتىق تاياق يەپمۇ پۇرسەت چىقسىلا يەنە شۇ كويىدا.

ــ سىزگە چوڭ باش ئاغرىقى بوپتۇ ــ دىدىم مەن.

ــ بۇنى بىر دىمەڭ. بۇ گۇي يەنە يوق تۇرىدىغۇ. بۇرۇن ئوغرىلارنىڭ ئەڭ ۋەھشى لوبىنى ئۇنى ئوغۇرلۇققا سالالماي ئۇنىڭ ئىغىزىنى يىرتىۋەتكەن. ئەمدى بولسا ئۆلگىدەك تاياقمۇ ئۇنى بۇ يولدىن ياندۇرالمىدى. ئەمدى نىمە چارە باركىن تاڭ ــ دىدى ئۇ خوشلۇشۇپ.

خاتالاشمىسام ئۇ بۇ يىل 12 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭ يۇزىدە بۇرۇنقى پەزىلىتىدىن ۋە كىيىنكى يولدىن چىقىشتىن قالغان ئىككى تارتۇق بىر بىرىنى بىسىپ چۇشمەكچى بولغاندەك توختىماي ئۆزىنى بەكرەك گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. بەلكى كىيىنكىسى بۇرۇنقىسىنى ھەر جەھەتتىن بىسىپ كەتكەن. ئەگەر ئۇ ھازىرقى يولىنى داۋاملاشتۇرسا، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ يۇزىدىكى تارتۇقلىرى ـــ مەيلى ئۇ قانداق سەۋەپتىن قالغان بولسۇن ــ باشقىلارنى قورقۇتۇشتا، جەمىيەتنىڭ داشقاللىرى ئارىسىدا يۇز تېپىشتا كۆپ كىرەككە كىلىدۇ. لۇكچەكلەر ئارىسىدا تارتۇق خۇددى جەڭدە ئىرىشكەن مىدالدەك شان ـ شەرەپ، ئابروي ئىلىپ كىلىدىغانلىقىنى، تارتۇقنىڭ زىيىنى بولمىغىنىنى ئۇ تىزلا بىلىپ قالىدۇ .

بۇ بىمەنە خىياللىرىم ماڭا ئازراقمۇ تەسەللى بىرەلمىدى، نەپرىتىمنىمۇ قوزغىيالمىدى.

مەن شۇنىڭدىن كىيىن ئۇنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ھەم ئۇچرىتىپ قىلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى بىلەلمەس بولۇپ قالدىم.

www.kitaphumar.com

**ئىزاھات:**

¢ظ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇملاشقان نامى.

(«تارىم» ژورنىلى 2008-يىلى 11- ساندا ئېلان قىلىنغان.)

www.kitaphumar.com

# بوش ئورۇن

## پەرھات تۇرسۇن

ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرساملا تۆگىمەس قالايمىقان ۋە ۋەھىمىلىك خىياللار كاللامغا كىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا قورقۇنۇچلۇق تەركىبلەر يوق، بەلكىم پەقەت قالايمىقانلىقى سەۋەبىدىنلا ۋەھىمىلىك تۇيۇلسا كېرەك. بەزىدە ئۆزەمنى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىندەك ھېس قىلىمەن، گەرچە ئۆزەمنىڭ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەكلا ئىنتايىن ساغلام ئىكەنلىكىمنى بىلسەممۇ. مەندە يۈرەك كېسىلى يوق. يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بار بولۇپ قالمىسۇن دەپ بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇرلاپ تەكشۈرتتىم، لېكىن يۈرىكىم ساپساق چىقتى. شۇنداقتىمۇ داۋاملىق تىنىقىم تۇيۇقسىز توختاپ قېلىشى مۇمكىندەك ھېس قىلىپلا تۇرىمەن. ئۆپكەممۇ بوۋاقنىڭكىدەك پاكىز. چۈنكى مەن تاماكا چەكمەيمەن. ھەتتا خورەكمۇ تارتمايمەن، شۇڭا سىرىتتا سىم سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىرەر كېچىسى خورىكىمنى ياندۇرالماي تۇنجۇقۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت بىرلا يېرى، پۇت قولۇم ھارغىن، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ. لېكىن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ يېتىشتىن قورقىمەن. چۈنكى ياتساملا تىنىقىم توختاپ قېلىپ قايتىلاپ ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بۇ يەردە ئۆلۈپ قالسام ھېچكىم بىلمەيدۇ. جەسىدىم سېسىپ، پۇرىقى بۇ بىنانى بىر ئالسىمۇ، كىشلەر دورا يەپ ئۆلگەن چاشقان پول ئاستىدا قېلىپ شۇنداق پۇراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ، ئىشىكىم ئالدىدىن بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىشىۋېرىشى مۇمكىن. بەزىدە ئۆزۈمدىكى بۇ ۋەھىمىلىك خىياللارنى نېرى قىلىش ئۈچۈن ئايالار ھەققىدە خىيال قىلاي دەيمەن، لېكىن خىيالىم ئىنتايىن پاسكىنىلىشىپ كېتىدۇ-دە داۋاملىق خىيال قىلىۋېرىشتىن نومۇس قىلىپ كېتىمەن.

ئاخىرى ئۆزۈمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندەكلا ئۆزۈمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن زورلاپ سىرتقا ماڭدىم.

ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيلەردىن ئاستا مېڭىپ چۈشتۈم. ئۆينىڭ ئىشىكىنى زادى ئەتتىممۇ ئەتمىدىممۇ؟ مەن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ، ئۆزۈمنى كەينىمگە يېنىپ ئىشىكنى ئېتىترىپ بېقىش ئۇرۇنۇشىدىن ۋاز كەچتۈردۈم.

دەسلىپىدە تىنىقىم توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىلاجسىزلىق ۋە ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئۆيدىن چىقتىم. لېكىن كوچىغا چىقىپلا روھىي كەيپىياتىم ئۆزگىرىپ قالدى. مېنىڭ روھىي ھالىتىمغا ھاۋارايىنىڭ تەسىرى باشقا كىشلەرنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. باشقا كىشلەرنىڭ تۇمانلىق ۋە خۇنۇك ھاۋادا كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن، لېكىن مېنىڭ تامامەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

www.kitaphumar.com

ئەكسچە، يەنى تۇمانلىق ۋە خۇنۇك ھاۋادا كەيپىياتىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مەن ئۆزەمدىكى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن بار كۈچۈم بىلەن يوشۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى كىشىلەر سىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالسا، بۇ سىز ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك.

بۈگۈن بۇ تويدا كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ جىددىيلەشمەكتىدىم. قىزغىن سۆھبەتلەر، رومانتىك ئەسلىمىلەر ۋە ئۇنتۇلغۇسىز خىجىللىقلارنى دارتىملاشلارنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مۇشۇنداق بىرەر سورۇندا تونۇش بىلىشلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قىزغىن سۆھبەتلەردە بولۇش مېنىڭ ئۇزاقلارغىچە يالغۇزلۇق ئېلىپ كېلىدىغان ۋەھىمىلەرنى يېڭىشىمغا پايدىسى بولاتتى. شۇڭا ئالدىراش ئىشىم بولمىسىمۇ يولنى تېز ماڭاتتىم. يولدا بىرەرسىنىڭ ئۇچراپ قېلىپ يا قېپقالماي يا ماڭا يېتىشىپ ماڭماي سۆرىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپىمغا قارىماي ماڭدىم. چۈنكى سۆھبەتلىشىدىغان ۋە مېنى ئارىغا ئېلىپ، ئۆزەمگە مەلۇم سالاھىيىتىمنى ھېس قىلدۇرىدىغان كىشىلەر تويى زالىدا ئىدى.

زالغا مۆلچەرلىگەن ۋاقتىمدا كىردىم.

رېستورانغا كىرىپ، ئىشىك تۈۋىدە قاتار تۇرغان ساھىبخانلار بىلەن ئىنتايىن تېزلىكتە بىر بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتىم. مۇزدەك بىر قول مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قولى ئۆلۈكنىڭكىدەك سوغاق بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ يەردىكى ئەڭ ساغلام كىشى بولىشى مۇمكىن. لېكىن مەن بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىشقا ئېرىندىم. ئۇنىڭ كەينىدىن قولۇمنىڭ ئۇچىغا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىلا تەككۈزۈپ قويغان ئادەمنىڭ بارماقلىرى مەندە ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئادەمنىڭ مايلىشىپ كەتكەن ياكى تەرلەپ كەتكەن يوغان قوللىرىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن سېمىز بىر كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ ياغ تەپچىرەپ تۇرغان چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ساقلىنالمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ دىقماق ۋە يىرىك كەلگەن قوللىرى قولۇمنى سىققاندا ئاشۇ سېمىز كىشىنىڭ كاللامدىكى ئوبرازى ئاللىقاچان غايىپ بولۇپ بولغانىدى. دىقماق ۋە يىرىك كەلگەن قول بىرەر جاپاكەش دېھقاننىڭ قولىدەك قىلمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ توقۇلمىلىرى قوپال بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق يىرىك ئۆرۈلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەم مەن بىلەن ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ قول ئېلىشقانىدى. مەن ئۇنىڭ يىراق جايدىن كەلگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچكىممۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرمىدى يا مېنى ئالاھىدە توختىتىپ بىرەر دەقىقە ئەھۋاللاشمىدى. بەلكىم ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇۋېرىپ ھەم كىرگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈۋېرىپ چارچىغاندۇ ياكى كىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە

www.kitaphumar.com

بولغان سەزگۈرلىكى تۆۋەنلەپ كەتكەندۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنى تونۇيدىغانلار بولسىمۇ زەن سالمىغاندۇ. مەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ بىر قارىۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم.

زالنىڭ ئىچى تىنجىق ئىسسىق بىلىنىپ كەتتى. بەلكىم ئۇنچىۋالا ئىسسىقمۇ ئەمەستۇ. خۇددى مۇشۇ زالدىكى تىنجىق ئىسسىق سەۋەبىدىن بېشىغا ئاق كىرىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنىدىغان بىر كىشى يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن ياش ئىدى. شۇنداق ياش تۇرۇپ چېچىنىڭ قاردەك ئاقىرىپ كېتىشى ئەقىلگە سىغمايتتى.

مەن ئۇدۇللا بېرىپ تېخى ھېچكىم ئولتۇرمىغان بىر شىرەدە ئولتۇردۇم. تېخى قىز كۆچۈرۈپ كېلىنمىگەن بولۇپ، بىرمۇنچە شىرە ۋە ئورۇندۇقلار ئۇلارنىڭ كېلىشىنى خۇددى توم ۋە قوپال بىر جۈپ پۇتنىڭ ئالاچاڭلاپ كېلىپ كېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاياقلاردەك ئېغىر بېسىقلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىرى ئارىسىدىن بۇ سورۇنغا چوقۇم كېلىدۇ دەپ ئويلىغان ئايال ساۋاقدىشىمنى ئىزدىدىم. لېكىن ئۇ تېخى كەلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇنى كۆرگەندە مەن دائىم ئاياللارنىڭ چەكسىز مىستىتىزمى ئىچىگە غەرق بولۇپ، قورقۇنۇچلۇق ھەم تاتلىق تۇنجۇقۇش تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتىم. ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ ئۆتىدىغان يوللاردا ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا ھەم ئۇنىڭ قېرىپ سەتلىشىپ كېتىشىنى ئۇزاق يىللار تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەندەك بىر خىل ھېسسىياتتا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم.

زالنىڭ ئىشىكى يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ دەم ئولتۇرۇپ دەم مېڭىپ يۈرۈشلىرىدىن بۇ توينىڭ ساھىبخانلىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. زالنىڭ ئەڭ ئىچكىرى بۇلۇڭىدىكى بىرنەچچە شىرەدە ئۈچتىن تۆتتىن ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمدىن بىر نەچچىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار بىلەن كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق سالاملاشتۇق. مېنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلار كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇرۇپ ئاۋارە قىلماي مەن بېرىپ كۆرۈشۈشۈم كېرەكمۇ، دەپ بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. كېيىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشى كېرەك بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ پات پات ئىشىك تەرەپكە سەۋرسىزلىك بىلەن قاراشلىرىدىن پەرەز قىلدىم.بىردەمدىن كېيىنلا ئۇلار پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، ئىشىك تەرەپكە پات پات قاراپ قويۇشلىرىمۇ ئازىيىپ كەتتى، شۇنىڭغا قارىغاندا، توي باشلىنىشقا خېلى ۋاقىت باردەك قىلاتتى. بەلكىم قىز يۆتكىگەن ماشىنا ئۆتىدىغان كوچىلاردا قاتناش قىستاڭ بولۇپ كەتكەندۇ. ياكى قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئوتتۇرىسىدا

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

ئاز تولا سۈركىلىش بولۇپ، يارىشىپ بولالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئۇدۇل تەرەپتىكى شىرەدە بىراۋ ماڭا ئوخشاشلا يالغۇز ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ نىمىشقا يالغۇز ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ شەكلى ۋە چېچىنىڭ پاسونىغا قاراپ ئۇنى گاھ ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەن بىرىگە ئوخشاتسام گاھ ئۇنى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە ۋە سىرلىق ھېس قىلىتاتتىم. ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ماڭا نىملەردىندۇر بىشارەت بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىغا قارىشىنى ۋە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىشنى كۈتتۇم. لېكىن ئۇ باشتىن ئاخىر بىرلا تەرەپكە قارىغىنىچە ئولتۇرۇۋەردى. مەن ئۇنىڭ باشقىلارغا قوشۇلماي نىمىشقا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم شۇنداقلا نىمىشقا ئۆزەمنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىم ھەققىدە ئويلاشماستىن باشقىلارنىڭ يالغۇز ئولتۇرىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ كەتكىنىم بەك قىزىقارلىق بىلىنىپ كەتتى.

يەنىلا ئىشىك يادىمغا يىتىۋالدى. ئىشىكنى ئەتتىممۇ ئەتمىدىممۇ؟

نىمىشقا ئىشىكنى ئەتكەن ئەتمىگەنلىكىمنى جەزم قىلالماي بۇنچە ئىزتىراپ چېكىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇلۇپلانغىنى بىلەن ئوچۇق قالغىنىنىڭ ھېچ بىر پەرقى يوق. ئۆيۈمدە بىراۋ كىرسە قولىغا چىققۇدەك بىرەر نەرسىمۇ يوق. خالادىكى تازىلىق قەغىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كىشىلەردىن يوشۇرىدىغان مەخپىيەتلىكىمۇ يوق. بىر يۈتى سۇنۇپ ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن بىرنەچچە پارچە خىشنى ئاستىغا تىزىپ تىرەپ قويغان كارىۋات ئېھتىيات بىلەن ئولتۇرمىسا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئەگەر مەن يوق چاغدا بىراۋ كىرىپ قالسا كارىۋاتنىڭ ئۆرۈلگەن ئۆرۈلمىگەنلىكىگە قاراپ بۇنى بىلىپ قېلىشىم تامامەن مۇمكىن. ئەلبەتتە ئاشۇ بىر تال كارىۋاتتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئۆيگە كىرگەن ئادەم بىرەر ئىش قىلمەن دېسە، ئۇنىڭ بىردىن بىر قىلالايدىغىنى ئاشۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇش، بەك ئېشىپ كەتسە كارىۋاتتا يېتىش. ئەلبەتتە، يېتىش ھەققىدە گەپ بولغاندىن كېيىنلا ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىشىپ، تەسەۋۋۇرنىڭ چەكسىز كېڭىيىشى تۇرغانلا گەپ، لېكىن مېنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچۈم ئىنتايىن ئاجىز. مەن بىر ئادەمنى كارىۋات بىلەن باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا پەقەتلا ئۇنىڭ جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن ھالىتىنىلا تەسەۋۋۇر قىلالايمەن.

توي ئۆتكۈزىلىدىغان زال ئىلگىرىكىدىن خېلىلا كىچىكلەپ كەتكەندەك قىلاتتى. مەن بىردەم كۈزىتىش ئارقىلىق بۇ يەردە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقىيالمىدىم. بەلكىم بۇ رېستۇران كىچىكلەپ كەتكەن ئەمەس بەلكى باشقا يەردىكى يېڭى ئېچىلغان رېستۇرانلار بىر

www.kitaphumar.com

بىردىن چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىلگىرى ئىنتايىن چوڭ كۆرۈنىدىغان رېستۇران ئەمدى كىچىك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغاندۇ.

زالغا ئىككى ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى. بويى ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز كەلگەن ساۋاقدىشىم بويى پاكارراق ساۋاقدىشىمغا بويىنىنى خىيلىلا ئېگىپ تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دېگىنىچە پاراڭلىشىپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغانمۇ ياكى پاراللىل ئوقۇغانمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم. مەن ئۇلارنى ئۇدۇللا كېلىپ يېنىمدا ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. لېكىن ئېگىزى قولىنى پۇلاڭلىتىپلا قويدى. بۇ بىر قاراشتا سالاملىششتەك يەنە بىر قاراشتا خوشلىششتەك مەنادىكى قول پۇلاڭلىتىش ئىدى. پاكارراق كەلگىنى ماڭا ئەلەڭلەپ قاراپ قويۇپ يەنىلا ئېگىزنىڭ بويىنىنى ئېگىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كۈتۈپ بېشىنى ئېگىز تەرەپكە قىيسايتتى. ئۇلار مەن ئولتۇرغان شىرەگە سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ، بىرىپ تۆۋرۈكنىڭ كەينىدىكى شىرەدە ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرىنى تۆۋرۈك توسۇپ تۇرسىمۇ يەنە بىرىنىڭ چىراي تۇرقىدىن بايىقى پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

مەن يەنىلا يالغۇز ئولتۇرۇۋەردىم.

مېنى تونۇمايدىغانلاردىن بىر نەچچە توپ ئادەم ئۈچىتىن تۆتتىن بولۇپ كىردى. زال ئىچىدە ئادەملەر خېلى كۆپەيدى. مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ ئالدىراش يۈرگەن بىلى ئۇزۇن پۇتى قىسقا كەلگەن بىر قىز يېنىمدىن نەچچە قېتىم ئۆتتى. مەن ئۇنى چاي ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇي دەپ يەنە يالتىيىپ قالدىم. ئۇسساپ كەتكەن بولسامۇ لېكىن چاي ئىچكۈم يوقتەك قىلاتتى.

مەن قانداقتۇر بىر نەرسىگە تەشنا بولاتتىم، لېكىن بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. نىمىدۇر بىر نەرسە مېنىڭ ئىچىنى قۇرۇتۇپ، بوپ بوش قىلىپ قويماقتىدى.

كىمدۇ بىراۋنىڭ قەبرە سۇپۇرۇش بايرىمى جەسەت سۇپۇرۇش بايرىمى دەپ تاشلىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. بۇنداق ۋەھىملىك خىياللارنى قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ كېيىن مەن يەنە ئىشخانىغا تېلىفۇننى خاتا ئۇرۇپ قالغان بىر ئايال بىلەن تېلىفۇندا سۆزلەشكىنىمنى ۋە ئۇ ئايالنىڭ مېنى باشقا بىراۋ دەپ ئويلاپ قالغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ تېلىفۇننى خاتا ئۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا يوشۇراي دېمىدى. بۇ ئىشنى باشتىن ئاخىر كۈزىتىپ تۇرغان خىزمەتدىشىم، ئۇ ئايال بىلەن تېلىفۇندا سۆزلەشكەن ئادەممۇ غۇسلە قىلمىسا بولمايدۇ، دېدى.

ئەپلىسىن رەڭلىك چاپىنىنىڭ پېشى ئاستىدىن چىقىپ قالغان توپارەڭ پوپايكىسى كاسسىلىرىغىچە يېپىپ تۇرغان زىلۋا بىر قىز كىرىپ ئىشىك تۆۋىدىكى ئايال ساھىبخانلار بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى. مەن بۇ قىزنى تونۇيدىغاندەك قىلاتتىم. شۇڭا ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ

www.kitaphumar.com

تۇردۇم، لېكىن ئۇ مەن تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇرمىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، نەزىرىمنى قېنىق گىرىمى چىرايىغا يالغان كۈلكە يۇگۇرتۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇرغان بىر توپ ئاياللارغا قارىدىم. ئىشىك تۈۋىدىكى ساھىبخانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلىشىپلا بىر توپ ئەر كىردى. ساھىبخانلار قول ئېلىشىشىۋېرىپ چارچاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنى تونۇيتتىم. شۇڭا ئۇلارنى ئۇدۇل مەن ئولتۇرغان شىرەگە كېلىدۇ دەپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە ئۇدۇل بېرىپ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار يىغىلغان شىرەگە بېرىپ ئولتۇردى. قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشلەر، چاقچاق قىلىپ بىر بىرىنىڭ ئۇياق بۇياقلىرىغا ئۇرۇپ قويۇشلاردىن كېيىن ئۇلار جايلىشىۋالدى-دە، بىر بىرىگە تاماكا تەڭلىشىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

مەن يەنىلا يالغۇز ئولتۇرۇۋەردىم.

بىر توپ مەشھۇر كىشىلەر يىغىلغان شىرەدىكىلەرنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى بىردىنلا يۇقۇرىلاپ كەتتى. قارىغاندا كىمدۇر بىرى قىزىق بىر تېمىنى باشلاپ بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇلار رېستورانىنى بېشىغا كىيىشىپ يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئەتراپىدا باشقا ئادەملەرنىڭمۇ مەۋجۇتلىقىنى تامامەن نەزەردىن ساقىت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا پەقەت ئۆزىلا مەۋجۇت، باشقا ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرە ياكى تام ۋەياكى شىرە ئورۇندۇقلارغا ئوخشاش ماددىلار ئىدى.

بىردىنلا ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشقىم كېلىپ قالدى. لېكىن باياتىن ئۇدۇللا بېرىپ ئاشۇ شىرەدە ئولتۇرمىغاچقا ئەمدى بېرىش تازا قاملاشمىغان ئىشتەك بىلىنىپ ئورنۇمدىن مىدىرلىمىدىم. ئۇلار مېنى مەشھۇر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش خۇمارى بار بىرى بولسا كېرەك دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈممۇ ئۇلاردىن داڭلىقراق بولۇشۇم مۇمكىن.

بىردىنلا بوراندا ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ گۈللىرى بىر يۆنىلىشكە توغرىلانغاندەك، ھەممە ئادەملەرنىڭ يۈزى ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى. مۇزىكا ساداسى بىلەن تەڭ بىر توپ ئادەم زالغا باستۇرۇپ كىردى. ئاكاردىيون چېلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ناخشا تەڭكەش قىلىۋاتقانلارنىڭ يۈزلىرى قىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىراپ شۇنداق قىزىرىپ كەتكىنىنى ياكى ھاراق ئىچكەچكە قىزىرىپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

زالنىڭ ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشكەنىدى. قىز بىلەن يىگىت، قىز قولداش بىلەن يىگىت قولداش چىرايى ئىپادىسىز بىر خىل ھالەتتە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى.

www.kitaphumar.com

سورۇن ئادەم بىلەن لىق تولدى. لېكىن مەن يەنىلا يالغۇز ئولتۇراتتىم. كىشىلەر بۇ شىرە تەرەپكە كېلىۋېتىپ بىردىنلا قەدىمىنى باشقا تەرەپكە بۇرايتتى.

كەينى تەرەپتىن بىراۋنىڭ سۇركىشىپ دىگۈدەك ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم. ئۇ بىرىپ بىر شىرەدە ماڭا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تونۇپ قالدىم، چۈنكى ئۇ ئالدى تەرىپىدە چېچى قالمىغاچقا چوقىسىدىكى چېچىنىڭ تەبىئىي ئايرىلىش چۆگىلىمچىنى بۇزۇپ، ئارقا تەرىپىدىكى چېچىنى ئالدىغا ياتقۇزۇپ تاراپ چاچ چۈشۈپ كەتكەن جايلارنى يېپىۋالاتتى، لېكىن ئۇنىڭ چاچلىرى دائىم ئۇنىڭ رايىغا باقماي پات پات يانغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ قىپ قىزىل بېشى ئېچىلىپ قالغاچقا ئۇ قولىنى بېشىدىن نېرى قىلماي بارماقلىرى بىلەن چېچىنى ئوتتۇرىغا قىلىپ تاراپ قوياتتى.

مەن ئۇنىڭ سالاملاشماي ئۆتۈپ كەتكىنىگە خاپا بولمىدىم. ئۇ ماڭا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەممىسى مېنىڭ ئاشۇ قېتىملىق زۇكام بولۇپ قېلىشىمدىن بولدى. ئۇ چاغدا زۇكام بولۇپ نەپەس يولۇمدىن مەسىلە چىققان بولسا كېرەك، ئاغزىمغا دائىم بەلغەم يىغىلىپ تۇراتتى، بىر ئىككى قېتىم مەن بۇ بەلغەملەرنى تۈكۈرەي دەپ تۇرۇۋۇشۇمغىلا ئۇنىڭغا قاراپ سالدىم. ئۇ يەرنى دائىم باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بۇ بۇرادەر كىشىلەرنىڭ بۇغدىيىكىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە بەكمۇ خۇشتار ئىدى. ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇۋېتەي دېسەم كۆڭلۈم ئېلىشتى. سورۇنلاردا تىلەمچىلەرنى مەسخىرە قىلىپ يۇمۇر سۆزلەيدىغان بۇ بۇرادەر كېيىن سىرىق يۇمۇرچى بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى قانچە كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرغىدەك بولسا كىشىلەر ئارىسىدا شۇنچە بازار تاپاتتى. مەن كىشىلەرنىڭ نىمىشقا ئۆز كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇشقا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم.

دېرىزە تۈۋىدىكى ئەينەك ساندۇقتىكى بېلىقلارغا كۆزۈم چۈشتى. بېلىقلار تېنىمسىز ئۇياق بۇياق ئۈزۈپ يۈرىشەتتى. ساندۇققا «دېڭىز ئوكيان دۇنياسى» دەپ يېزىلغان خەت چاپلاپ قويۇلغانىدى. بۇ زادى بېلىقلار ئۈچۈن قىلىنغان تەشۋىقاتمۇ ياكى ئادەملەر ئۈچۈنمۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. بېلىقلار ئاشۇ خەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى، دېڭىز ئوكياندا ياشاۋاتىمىز، دەپ ئويلاپ قالارمۇ ياكى ئادەملەر ئۇزۇنلىقى ئىككى مېتىردىن ئاشمايدىغان، كەڭلىكى ئوتتۇز سانتىغا يەتمەيدىغان ئاشۇ سۇ قاچىلانغان ئەينەكنى دېڭىز ئوكيان دەپ بىلەرمۇ؟

ئىلگىرى مەلۇم بىر شىركەتتە ئىشلىگەن تاقىر باش پاكار كىشى كۆلۈمسىرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ يانچۇقۇمدىن قولۇمنى چىقىرىپ يەنە سېلىۋالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرى باشقا ياقتا ئىدى.

مەن ئولتۇرغان شىرەدە ئىككى يېنىمدىكى بوش ئورۇندىن باشقا ئورۇندۇقلاردا ئادەم لىقلا ئولتۇرۇپ بولدى. لېكىن ئىككى يېنىمدىكى ئورۇن باشتىن ئاخىر بوشلا تۇردى.

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىنى

مەن بۇ تويدا كۆرۈشۈم مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئايال ساۋاقدىشىمنىڭ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەكلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۇنى تىلغا ئېلىپ چىشىمغا تېگىشىنى تەقەززالىق كۈتتۈم. لېكىن ھېچكىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرمىدى ھەم ئۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ چىشىمغا تەگمىدى. ئىلگىرى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بۇ گەپلەرنى نېمىشقا ئاڭلاشنى خالايدىغان بولۇپ قالغىنىمنى چۈشەنمەيتتىم.

ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويغان سۆز قالدۇرۇش دەپتەرچىكى خىيالىمغا يېتىپ قالدى. بۇ دەپتەرنى ئاسقاندىن بېرى ھېچكىم سۆز قالدۇرۇپ باقمىغانىدى.

مەن يەنىلا ئىشىكنى ئەتكەن ئەتىمگەنلىكىم ھەققىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. ئىشىكنى ئەتكەنلىكىم ئىنتايىن ئېنىق ئېسىمدە، لېكىن يەنىلا كەينىمگە يېنىپ ئۇنى ئىتتىرىپ باقمىغىچە ئىشىكنى ئەتكىنىمگە جەزىم قىلالمايمەن. كىم بىلىدۇ ئىشىكنى بۇ قېتىم ئەتكەن ئەتمىگەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا، چوقۇم ئەتكەندەك ئېسىمگە يەتكىنى ئىلگىرىكى قېتىمقى ئىشمۇ تېخى. كۆندە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ قايسى بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىش، قايسى ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىش، بۇنى قانداقمۇ پەرق قىلىش مۇمكىن.

بەلكىم ئىچىدىكى ئىشىكنى ئېتىپ تېشىدىكى تۆمۈر ئىشىكنى ئەتمىگەندىمەن. بىخەتەرلىك ئىشكى دەپ ئاتالغان بۇ ئىشكنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى بىردىن بىر مەنىسى شۇكى، ئەگەر بىراۋ مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، چەكسە ئىشىك ئېچىلمىسا، تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ، مېنى، ئىچىدە تۇرۇپ ئاچمىدى، دەپ ئىللىشى مۇمكىن. تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ كىملەر قانچىلىك ئىللىدى بىلمەيمەن. ئۆيگە ئوغرى كىرىشى ناتايىن. لېكىن ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى بىلىپ قالسا قوشنىمىز كىرىپ بېقىشى مۇمكىن. قوشنىمىز ھېچكىم بىلەن سالاملاشمايدىغان بىر ئادەم، لېكىن ئۇنىڭ باشقىلارنى كۆزىتىش خۇمارى بار. ئۇ بىر خىل پۈتتۈنلەي نورمالسىز بولغان بىلىشۋېلىش ئۈرۈنىشىغا گىرىپتار بولغانىدى. باشقىلارنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى بىلىۋېلىش ھەۋىسى دائىم ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ، يۈرىكىنى چوغدەك پۇچىلايتتى. ئىشىك ئوچۇق قالسا ئۆيگە شۇ كىرىپ، مېنىڭ بارلىق نەرسىلىرىمنى ئۆزىنىڭ نورمالسىز قىزىقىشىنى قاندۇرىدىغان بۇيۇمغا ئايلاندۇرىۋېلىشى مۇمكىن.

بەزىدە، ئۆي ئىچىدە ئۆلۈپ قالسام كىشىلەر كىرەلمەي قالمىسۇن دەپ ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ يېتىشنى ئويلايمەن. لېكىن نېمىشقىدۇر مەندىن بۇنداق خىيال كېچىشى بىلەنلا ئەكسىچە ئىشىكنى تېخىمۇ ھەم ئېتىپلا قالماي، ئەتكەن ئەتمىگەنلىكىمنى ئونۇمدىن تۇرۇپ تىنىمسىز ھالدا كېچىچە قايتا قايتا تەكشۈرىمەن.

شىرەلەر ئادەملەر بىلەن لىق تولغان، ھەرخىل رەڭلىك چىراغلارنىڭ شوللىرى ھەربىر كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى خۇددى مەينەت بىر شالالدەك دەممۇ ـ دەم سىپاپ ئۆتىدۇ، مەن شۇنچە

www.kitaphumar.com

ئەسلەپمۇ نىمشقا پىرقىراپ تۇرغان نۇرلارنى مەينەت شامالغا ئوخشاتقىنىمنى بىلەلمەيمەن. بەزىلەر تۇتقاقلىقى تۇتقاندەك ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ دىسكوغا سەكرىمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىدە كۆرۈلگەن تۇتقاقلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك كۆرىنىدۇ. شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ھەرخىل كىشىلەرنىڭ تامامەن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن،ھەجۋىي رەسىملەردىكىدەك كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ياكى مەستلىكنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى بىلەن بۇزۇۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇش چىرايلار دەممۇ دەم كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ. مەن شۇنى پەرەز قىلالايمەنكى، كېيىنكى چاغلاردا ئاشۇ سۈرۈننى ئەسلىسەم، شىرە ئۈستىدىكى خىلمۇخىل قورۇلمىلار خاتىرەمدە چوقۇم بايرامدا يول بويلىرىغا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىۋېتىلگەن تەشتەكتىكى ئوت چۆپلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

مەن ئولتۇرغان شىرەدە ئىككى يىنىمدىكى بوش ئورۇندىن باشقا ئورۇندۇقلاردا ئادەم لىقلا ئىدى. ئۇلار مۇزىكىنىڭ زالنى تىترەتكەن ئاۋازى ئىچىدە بېشىنى بىر بىرىگە يېقىن قىلىشىپ بار ئاۋازى بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەرنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. پەقەت مۇزىكا بىرەر سەۋەب بىلەن تۇيۇقسىز توختاپ قالغاندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقىنىنى ھېس قىلىشىپ، دەرھال ئاۋازىنى تۆۋەنلىتەتتى. لېكىن ئىككى يېنىمدىكى ئورۇن باشتىن ئاخىر بوشلا تۇردى.

بىردەم شاۋقۇن سۈرەن بېسىلىپ رىياسەتچى تويغا مۇناسىۋەتلىك بەزى رەسمىيەتلەرنىڭ ئورۇنلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا چىرايى تاتىراڭغۇ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى كۆزىنى بېسىۋالغاچقا كۆزى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ كۆرۈنىدىغان بىراۋ مەن ئولتۇرغان شىرە تەرەپكە قاراپ كەلدى. شىرەدە ئولتۇرغانلار ناھايىتى يىرگىنىچ بىلەن، بىر بىرىگە، ئۇلغايغىق كەلدى، ئۇلغايغىق كەلدى، دېيىشىپ، ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ دەرھال باشقا ياققا قارىۋېلىشتى.ئۇلارنىڭ ئۇلغايغىق دېگەن سۆزنى قانداق ھالەتتە ئېيتقانلىقىنى ئۇنتۇشۇم قىيىن بولىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ چىرايى سەسكىنىشتىن دەققە ئارىلىقىدا ئۆزگىرىپ يەنە ئەسلىگە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ يۈزلىرىدىكى سەپكۈنلەر يالتىنىدە روشەنلىشىپ يەنە خۇنۇكلاشتى، بىرەيلەننىڭ ئاغزى شامال دارىغاندەك قىيسايدى. مەنمۇ پۈتۈن نەپسىدە ئۇپكە تۈبىركلىيۇز مىكرۇبلىرىنى ئېلىپ يۈرگەن بۇ بۇرادەرنى كۆرسەم ئۇلارغا ئوخشاشلا بىئارام بولاتتىم، بۇنىڭ ئۇنىڭ كېسىلى ھەققىدىكى سىرلىق رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋېرىش تۈپەيلىدىن باشقىلاردىن قوبۇل قىلىۋالغان تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ياكى ئۆزۈمدىكى كېسەل يۇقتۇرىۋېلىشتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ چىرايىغا بىردەم قاراپ تۇرسىلا بۇ دۇنيا يىرگىنىچلىك مىكرۇبلار بىلەن توشۇپ كەتكەندەك بىلىنىپ، مەندە بۇ دۇنياغا مۇھەببەت قالمايتتى. لېكىن مەن دائىم چاندۇرمايتتىم. ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتقىنىمنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاتايىتىن ئارتۇقچە

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ يىرگىنىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئازابلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالاتتىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆزىدىن يىرگىنىدىغانلىقىمنى دائىم سېزىپ تۇرغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بىز ئولتۇرغان شىرەگە كېلىپ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، مېنىڭ ئىككى يېنىمدىكى ئىككى ئورۇن بىكار تۇرسا ئولتۇرىدىغان يەر قالمىغاندەك ئورۇن ئىزدەپ ئەتراپقا قاراپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا ياندىكى شىرەدىن بىراۋ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسۇل ئوينىغىلى ئوتتۇرىغا چۈشكىلى كەتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىكار قالغان ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ، ئۇدۇل تەرىپىمگە كېلىپ سىغدالدى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بايا ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ باشقا ياققا قارىۋالغانلار ئۇ ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىشكىلا ئۇنى ئىنتايىن خوشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ، دەرھال ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى سىغدىغىدەك جاي ھازىرلىشىپ، تۇشمۇ تۇشتىن قوللىرىنى سوزۇپ، ئورۇندۇقنى جايلاشتۇرۇشۇپ بەردى.

مېنىڭ ئىككى يېنىمدىكى ئورۇندۇقلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىكار تۇردى.

مەن نىمشقىدۇر ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا تەپسىلىي قاراپ كېتەتتىم. كىملەرنىڭدۇر كېلىپ سالاملىشىشىنى ۋە قەدەھ سوقۇشتۇرىشنى خۇددى ئۆزۈم ھەققىدىكى مەينەت بىر يۇمۇرنىڭ كىشلەر ئارىسىغا تارقىلىپ مۇدا بولىشىنى كۈتكەندەك كۈتەتتىم. ئەرلەر دەممۇ دەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قەدەھ سوقۇشتۇرماقتا. ئاياللار بولسا قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازلىرى بىلەن كۈلۈشۈپ ئاغزىنى بىر – بىرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ، ئاللىنېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى، ئۇلار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىر بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىمۇ ئاڭلىمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بەلكىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىسىمۇ ئاڭلىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتقاندۇ. مەن نىمشقىدۇر ئۇلارنى مەن توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاشقا ئۆزۈمنى زورلاۋېرىشتىن توختاپ قېلىشقا كۆپ تىرىشتىم. قېرىشقاندەك ئۇلار پاراڭ ئارىلىقىدا پات پات ماڭا قارىشىپ قويىشاتتى. لېكىن ماڭا ئايانكى، ئۇلارنىڭ پارىڭى مەن بىلەن قەتئىي مۇناسىۋەتسىز. ئۇلارنىڭ پاراڭ ئارىلىقىدا بۇ تەرەپكە قاراپ قويۇشى پەقەت ھېچيەرگە قارىغۇسى كەلمىگەندە بوشلۇققا قاراپ قويغان بىلەن ئوخشاشتۇر بەلكىم. مەن شۇ نەرسىگە ئىشىنىشكە باشلىدىمكى، بۇ سورۇندا ھېچكىم مېنىڭ ھەققىمدە كۇسۇرلاشمايدۇ، ھەتتا مېنىڭ ھاقارەتلىك ئىشلىرىمنى تىلغا ئېلىشمۇ ناتايىن.

ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق بۇ كىشى شىرەلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن قول ئىشارىسى ئارقىلىق سالاملاشسا، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ رېستوراننىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئورۇن ئىزدەپ ئۇياق بۇياققا قاراپ توختاپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئىككى يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا بىر قارىۋېتىپ، يەنە ئەتراپتىن ئورۇن

www.kitaphumar.com

ئىزدىدى. ھېچيەردە ئولتۇرغىدەك يەر قالمىغىنىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ تەرەپكە يەنە بىر قاراپ قويۇپ، ئۇدۇللا كەلگەن بىر شىرەگە بېرىپ، ئۆرە تۇرغىنىچە چوكىدىن بىر جۈپنى قولىغا ئالدى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا يەنىلا ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى.

سۇس يېشىل رەڭدە سىرلانغان بۇ ئىشىكنىڭ سىرلىرى چۈشكەن. شال بىلەن شالنىڭ ئارىسىدىكى ئاق گەج زاماسكىنىڭ بەزى جايلىرى ئېچىلىپ قالغان، بەزى جايلىرىدا بولسا باشقىلارنىڭ كۆزىتىشىگە ياكى ئىچى تەرەپتىكى ئاۋازنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن زاماسكا ئۇۋۇلۇپ چۈشۈپ يىرىق ئېچىلىپ قالغان.

ئىشىكنى ئەتكەن ياكى ئەتمىگەنلىكىمنى ئويلاۋەرمەسلىك ئۈچۈن، سۇ تۇرۇبىسىنى ئەتكەن ئەتمىگەنلىكىمنى ئويلاشقا ئۆزۈمنى زورلىدىم. تەسەۋۋۇرۇمدىكى توختىماي تېمىشلىغان سۇنىڭ ئاۋازى دەسلەپ بىر سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئايالنىڭ سوزۇپ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئاستى تەرەپتىكى قوشنامنىڭ تورۇسىدىكى ھاكنىڭ ھۆل بولۇپ، ئاستا ئاستا سويۇلىشىنى ۋە ئەينەك شىرەدىكى تىزىپ قويۇلغان خىرۇستال قاچىلارغا چۈشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مەن سۇنىڭ گەجلەنگەن تورۇسلارغا يېيىلىشىنى كۆرۈشكە ئامراق.

قايسىدۇر بىر پەيلاسوپنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئادەم ئېڭىنىڭ سىرتىدا تۇرغان ماددىنى ئاڭ قوبۇل قىلمىسا ئۇ نەرسە مەۋجۇتلۇقتا ئايلانمايدىكەن. مەن ئېڭىمنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن بولسام بەكمۇ ياخشى بولاتتى.

ئىككى يېنىمدىكى ئورۇن يەنىلا بوپ بوش ئىدى.

توي باشلىنىپ كەتكىلى خېلى بولغان بولسىمۇ مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. بىر بىرىنى قولتۇقلىشىپ بىر نەچچە جۈپ ئەر-خوتۇن كىردى. ئۇلار بىرەر سورۇندىن يانغاندەك قىلاتتى. چاچلىرى جىگەررەڭ، بوينى توم، قىزىل گالستۇك تاقىۋالغان كىشىنىڭ يۈزلىرى گويا سەھنىگە چىقىش ئۈچۈن گىرىم قىلغاندەك قىزارغانىدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن رول ئېلىۋاتقاندەكلا ئۇنى چىڭ قولتۇقلىۋالغان بولسىمۇ لېكىن ئىككىسى بىر بىرى بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز ئىككى تىياتىردا رول ئېلىۋاتقاندەك بىر بىرىدىن بەكمۇ يىراق كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئىشىك تۈۋىدىكى ساھىبخانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، بىر بىرىدىن ئايرىلىشىپ، ئاياللار ئاياللار ئولتۇرغان شىرەلەر تەرەپكە ماڭدى. ساھىبخاندىن بىرى ئەرلەرنى باشلاپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بىللە كېلىپ، مېنىڭ يېنىمدىكى بوش ئورۇنلارنى كۆرسىتىپ قويۇپ، يەنە ئىشىك يېنىغا كەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنى تونۇيدىغاندەك قىلدىم، لېكىن قانداق تونۇيدىغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىدىم. بەلكىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاندا ئېسىمگە يېتىشى مۇمكىن،

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇلار ئوڭ تەرەپتىكى بىر شىرەگە كېلىپ، ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرغىنىچە داستىخانغا داخىل بولدى.

تەسەۋۋۇرۇم پات پات مەن رېستورانغا كىرىشتىن ئاۋال چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىم بىلەن جىپسىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا بۇ سورۇننى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىنىمنى ئەسلەشكە تىرىشماقتىدىم. لېكىن كۆز ئالدىمدىكى كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ھالەتلىرى تەسەۋۋۇرۇمدىكى نەرسىلەرنى غايىب قىلماقتىدى.

يەنە بىر نەچچەيلەن كېلىپ، ئىككى يېنىمدىكى ئورۇن يەنىلا بوپ بوش تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆرە تۇرۇۋاتتى. ئۇلارنى ھېچكىممۇ بۇ بوش ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدى. بىرەيلەن يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپ قورۇملارنى چوكا بىلەن قىسىپ، مېنىڭ بېشىمدىن ۋە مۈرىلىرىمدىن ئاتلىتىپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ئېگىلگەندە ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسى ئىنتايىن يىرگىنچلىك بىر ھارارەت بىلەن مېنىڭ مۈرىلىرىمنى باساتتى. ئۇلار بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى دەپ ھەممىنى ئۇنۇتقاندەك قىلاتتى. بۇنداق ھالەتتە بۇ يەردە ئىككى بوش ئورۇننىڭ بارلىقى كىمنىڭمۇ ئېسىگە يەتسۇن.

ھەممە ئادەم ئۆزىنى روھلۇق ۋە سالاپەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ چارچىغان. كىشىلەرنىڭ چىرايى توي باشلانغان چاغدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە نۇرسىزلاشقان دەملەرمۇ زاھىر بولۇشقا باشلىدى.

بولدى مەن بۇ يەردىن كېتەي، دەپ ئويلىغىلى خېلى بولدى، لېكىن ئورنۇمدا يەنىلا مىدىرلىماي ئولتۇراتتىم.

سورۇننىڭ ۋە مۇزىكىنىڭ رېتىمغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بارغانسېرى غەيرى ئەقلىيلەشكىلى تۇردى. بۇ يەردىكى پاراڭلار ئىونېسكونىڭ «تاز ناخشىچى» درامىسىغا ئوخشاپ قالدى. ئىككى يېنىمدىكى ئورۇن يەنىلا بوپ بوش ئىدى. لېكىن ساراڭلىقى ئېشىپ تېشىپ، سىرتقا ئېكسپورت قىلىشقا باشلىغان بۇ كىشىلەرمۇ مېنى ئۆزلىرىنىڭ ساراڭلىقىغا قوشۇۋېلىشنى خىيال قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

مەن شۇنداق ئويلايتتىم، لېكىن يەنىلا ئورنۇمدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتىم.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ ھەرىكەتلىرىمنىڭ رېتىمى رېستوراندىكى مۇزىكىنىڭ رېتىمىدىن قۇتۇلالمىغاندەك ھېس قىلدىم. مەن تانسا ياكى ئۇسۇل ئويناشنى بىلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان ئۇ رېتىمنىڭ تەسىراتى ۋۇجۇدۇمدىن كەتمەيدۇ.

كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمدىمۇ رېستوراننىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان رەڭلىك چىراقلارنىڭ پىرقىرىشى داۋاملىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. مەن رېستوراندا ئولتۇرغاندا دائىم ئاشۇ

www.kitaphumar.com

رەڭلىك شولىلارنى جىمجىت ھېس قىلىپ، ئۇلار پىرقىرىماستىن ئۆزەمنى شىرە بىلەن قوشۇلۇپ پىرقىراۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا خۇشتار ئىدىم.

كارىۋاتتا يېتىپ ئىككى يېنىمدا باشتىن ئاخىر بىكار تۇرغان ئىككى ئورۇندۇقنى ئەسلىدىم. كۆزلىرىم ئۇيقۇغا مايىل بولۇۋاتقاندا يەنىلا ئىشكنى ئەتكەن ياكى ئەتمىگەنلىكىم ھەققىدە خىيال قىلىشقا باشلىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بېرىپ ئىشكنى تارتىپ بېقىش ئورۇنۇشۇم ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئەسلىمەمدىكى مەن ئولتۇرغان شىرەدىن ئاستا سۈرۈلىپ رېستۇراننىڭ ئىشىكىگە باردىم، بەلكىم بۇ چاغدا مېنىڭ ئەسلىمەم سەل كېيىنگە چېكىنىپ، غەرق مەست ھالەتتە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان ۋاقتىمغا بېرىپ قالغاندۇ. مەن بەلكىم ئۇ يەردە بىر ھازا ئورنۇمدا تۇرالماي سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئالاق ـ جالاق قاراپ چىققاندىمەن، ئاندىن دەلدەڭشىپ مېڭىپ تانسا ئويناۋاتقان كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىشىمگە، تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ جەينەكلىرى ۋە گەۋدىلىرى كېلىپ تېگىشى بىلەن ئۇ دەلدۈگۈنۈپ مەيداندا گاھ ئۇيان گاھ بۇيان سۈرۈلۈپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي قالغاندىمەن. ئاندىن بېشىم قېيىپ پۈتۈن رېستۇران ئىچى پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنگەندۇ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىمۇ غۇۋا كۆرۈنۈپ گاھ پەيدا بولۇپ گاھ يوقاپ مەن بىلەن خۇددى شەيتاندەك چاقچاقلاشقاندۇ.

مېڭەمنى خۇددى ئىللىق مونچا سۈيىدەك ياكى سوغاقتىكى ئوت يالقۇنىدەك بىر شېرىن تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا ئىگەللەشكە باشلىدى. كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان سان ساناقسىز ئابستراكىت ئۇقۇملار بارا بارا كونكرېتلىشىپ، مەۋھۇم ئوبرازلار ئاستا ـ ئاستا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. باياتىن رېستۇرانغا بارغىچە بېسىپ ئۆتكەن يوللار، يول بويىدىكى ئايىنمىغان ھالسىز دەرەخلەر، ئەنسىز يايىمچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، سىۋەتكە تىزىپ قويۇلغان نانلار... ئۇلار مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى ئىگىلەپ بولغىچە لاپپىدە يوقۇلۇپ يەنە بىر دەمدىن كېيىن قايتا پەيدا بولاتتى ھەم يەنە يوقىلاتتى. مەن ئۇ ئوبرازلارنى يوقىتىۋەتمەسلىك قارارىغا كېلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كىرىپ كەتتىم. مەن ئاشۇ چوڭ يول بويىدا تۇراتتىم. چوڭ يول تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ يىراقلارغا تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن بۇ يوللارنى يوقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە ئاستا مېڭىپ كىرىپ كەتتىم.

2012 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇن، شېنجېن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.kitaphumar.com

# قۇياش تۇتۇلغان كەچ

## (ھېكايە)

ئابلاس مۇنىياز تۈركىيقان

زىيادە چېچەنلەردىن ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. باشقىلارغىمۇ گالۋاڭراق كۆرۈنىمەنغۇ دەيمەن. ئەقلىي كالتىلىقىنىڭ زىيىنىمۇ ياكى گالۋاڭلىقىمنىڭ شاراپىتىمۇ بىلمىدىم، يېقىنىنىڭياقى كىشىلەرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە باشقىچە بىر ھالنى سېزىۋاتقاندەك قىلىمەن. ھەممىسى نىمىگىدۇر جىددىيلىشىپ، نىمىدىندۇر ئەنسىرىشىپ يۈرۈشىدۇ. خۇددى قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك، ئەمما بۇ ئۇچۇرنى بىرەرىگە دىيىشكە بولمايدىغاندەك. ھەممىلا ياقتا تېنىمسىز تىپىرلاش، ھەممىلا يەردە ئۈنسىز ئەنسىرەش. ھەممە ئەنسىرەيدۇ-يۇ، نىمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىر- بىرىگە دىيەلمەيدۇ، خۇددى ئەنسىرەشنى قىزغىنىۋاتقاندەك.....

مەنمۇ ئۆزۈمچە بىر نىمىنى سەزگەندەكمۇ قىلىمەن-يۇ، ئەمما ھېچنىمىنى بىلەلمەيمەن. يەنە تۇرۇپلا قانداقتۇر بىر نەرسىنى بىلگەندەكمۇ بولۇپ قالىمەن، بىراق، ھېچنىمىنى سەزمەيمەن. كۆرۈپ تۇردۇم، بىلەلمىدىم. بىلىپ تۇرساممۇ، ھېچنىمىنى سېزەلمىدىم.... گالۋاڭ دېگەن بەربىر گالۋاڭ-دە!

ھەيرانمەنكى، باشقىلار ئۇڭدا تىپىرلاپ يۈرسە، مەن چۈشۈمدە ئەنسىرەپ ئۆتىمەن. ياراتقۇچى ئەقىللىققا ئەنسىرەش، گالۋاڭغا چۈشنى ھەمراھ قىلىپ بەردىمىكىن. ئەتراپىمدا ھامان ئەنسىرەشلەر. تېنىمسىز ئەندىشىلەر. ئەر-ئايال، ئۇششاق-چوڭ، قېرى- ياش.... ھەممىسىلا ئۆز كويىدا. تىپىرلايدۇ، شەپىسىز. ئەنسىرەيدۇ، ئۈنسىز. ئەمما، مەن بىچارە چۈشلا كۆرىمەن. كىم بىلىدۇ بەلكى، چېچەننىڭ ئەنسىرىشى ئىشىدىن، گالۋاڭنىڭ ئەندىشىلىرى چۈشىدىن بىلىنسە كېرەك....

چۆچۈپ ئويغاندىم. قارا باسقانلىقىنى بىلدىم. ئەمدى چۈش كۆرمەسمەن دەپ ئويلىدىم. نە ئويلاشكى، شۇنداق دەپ تىلىدىم. نەزەرىمدە، ھەممىنى بۇزغان چۈش ئىدى. چۈش كۆرمىسەملا، چېچەنلەر قاتارىغا كىرەلەيدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايانىدى. ئەقىللىقلارنىڭ ئويغاق تۇرۇپ ئەنسىرەشلىرى نەقەدەر سۆيۈملۈك-ھە! قورقۇپ تۇرساڭمۇ، دىر-دىر تىترەپ ئۆتسەڭمۇ. مەن ئەقىللىق بولىمەن. مەن ئەمدى چۈش كۆرمەيمەن!.... مەن، كونا كېگىز سېلىنغان تۆشۈك كاڭدا بېشىمنى كۆتۈرمەي يېتىپ شۇنداق ئويلىدىم. گالۋاڭ دېگەن بەربىر گالۋاڭدە!

www.kitaphumar.com

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، بەلكى كېيىنكى ئەسىردۇر. كىشىلەر ئىگىسىز مال توپىدەك ئۆزلىرىنى ھەريان ئۇرۇشاتتى. بىر- بىرىنى ئىتتىرىشەتتى. دەسسىشەتتى. ئىغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللىشاتتى. ھېچقاچان دېيىلمىگەن ئاچچىق گەپلەر، ھېچزامان بىلىنمىگەن سەسكەندۈرگۈچ ھەرىكەتلەر شۇ تاپتا چۇۋۇلۇپ چىقماقتا ئىدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر باسقۇندىن ئۆزىنى قۇتقۇزماقچىدەك، بىردە دۆڭگە، بىردە ئويغا مۆكۈشەتتى. كونا قۇدۇقتا، قۇرۇق گۆرگە كىرىپ يېتىۋالغانلارمۇ، ئۆگزە ۋە دەرەخلەرگە چىقىۋالغانلارمۇ بارىدى. ھەممە ياق ۋەھىمىلىك، ھەممە يەر پاتپاراق كۆرۈنەتتى، خۇددى قايسىبىر گالۋاڭنىڭ چۈشىدەك، چۈشتىكى گالۋاڭلارنىڭ ئىشىدەك. شۇنداقتىمۇ، كىشلەر ئۆز تەقدىرىگە سەگەك ئىدى.

– قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەر شارىغا سوقۇلىدىكەن. بىز تۇرغان بۇ زېمىن كۇكۇم-تالقان بولغۇدەك!

– زېمىندا ئادەم زاتى قالمىغۇدەك!

– يەرنى كولاپ كىرىۋالغانلارمۇ، ئىگىز دەرەخكە چىقىۋالغانلارمۇ ساق قالمىغۇدەك!

– بىزگە جەبرە قىلغانلارمۇ، جەبرىنى ئۈستىگە ئالغانلارمۇ تىرىك قالمىغۇدەك!

– قىيامەت قايىم! قىيامەت قايىم!!....

..............

چوقان-سۈرەن، ئاللاغا نالە قىلىشلار زېمىننى لەرزىگە سالدى. سوقۇلۇش پەيتلىرى يېقىنلاپ قالغاندەك، زېمىننىڭ قات-قېتىدىن، يىراق-يىراق جايلىرىدىن توپا-تۇمان ئۆرلەپ كېلەتتى. سان-ساناقسىز كىشلەر ئىختىيارسىز ھالدا، چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىككە يىغىلىشقانىدى. ئۇلار، ئۆلۈمنى سەزگەن قويلار توپىدەك ئۆزىنى ھەرتەرەپكە ئۇرۇشاتتى. قان ھىدىنى پۇراپ قالغان ئوغلاق-پاقلان ياكى موزاي-تايچاقلاردەك، بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرايتتى. ئىلتىجا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسى بىر خىل مەقسەتتە، ئاۋازلىرى بىر خىل زۇۋاندا ئىدى.

– بىزنى قۇتقازغىلى ئادەملەر كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدۇققۇ، قېنى ئۇلار؟!

– قېنى بىزنى قۇتقۇزىدىغانلار؟!

– قېنى؟!

............

بىلگەنلەر شۇنداق دەپ تۇۋلاشتى. بىلمىگەنلەر مانا ئەمدى بىلىشتى. چۈشىنىشتى. ھەتتا، چۈش كۆرۈپ ئويغانغان گالۋاڭمۇ، كىشلەرنىڭ نىمشقا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى تولۇق چۈشىنىپ يەتتى.

كىشلەر قوللىرىنى سايىۋەن قىلىشىپ، ھەرياقلارغا تىكىلىشىپ تۇرغاندا، قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان غەلىتە بىر ئۇچقۇ شەپىسىزلا يېتىپ كەلدى. « كەلدى! بىزنى قۇتقۇزىدىغانلار

www.kitaphumar.com

كەلدى! » دەپ ۋارقىراشتى كىشلەر، تونىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ بويى ئېگىزلىكتە نۇرلىنىپ تۇرغان ئاجايىباتقا قاراپ. ھايالشمايلا، ئۇچقۇنىڭ چىرايلىق ئىشىكى ئېچىلىپ، قاڭشارلىق بىر ئادەم سىرتقا چىقتى ۋە مۇئەللەقتە ئۆرە تۇرۇپلا:

ــ ۋەكىل تەييار بولدىمۇ؟ ــ دەپ ئالدىراپ سورىدى.

كىشلەر ھېچنىمنى چۈشەنمەي، بىر- بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. ئۇيەر- بۇ يەرلەردە گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ــ ئاقساقلىڭلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان. سىلەر ئاڭلىغاندەك، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەر شارىغا سوقۇلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك زېمىن ئەمدى مەڭگۈلۈك يوقىلىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ تەل- تۆكۈس يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىز، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، يەر شارىدىكى ھەر بىر قوۋمدىن بىردىن ئادەمنى باشقا پىلانېتالارغا يۆتكەپ كېتىشنى، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىشنى پىلانلىدۇق. شۇ قاتاردا سىلەرگىمۇ بىر سان بېرىلگەن. قېنى، تاللاپ بېكىتىلگەن ۋەكىل بۇ ياققا چىقسۇن!

كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىغا توپان بالاسى، نوھنىڭ كېمىسى كەلدى. ئۆزلىرىنى ئاشۇ دەھشەتلىك زامانغا كېلىپ قالغاندەك سەزدى. ئەھۋالنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكى مانا ئەمدى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولدى. بۇنى چۈشەنمەي بولامدۇ. ئەمدى ئىشەنمەي بولامدۇ؟ راست ئىكەندە. راستتىنلا شۇنداق ئىكەندە!..... تەقەززا بولغان كىشلەر ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى. چۈشەندى-يۇ، ھېچبىرى ئۆزىنى باسالمىدى.

ــ ئەسلىدە، بىزگە بېرىلگەن ساننى ئاقساقال يوشۇرۇپتىكەن-دە!

ــ مەن دېمىدىممۇ، ئاقساقالدا ئىشەنچ يوق!

ــ بەرھەق، ئاقساقالدا ئىنساپ يوق!

ــ مانا مەن ۋەكىل!

ــ ۋەكىللىككە مەن يارايمەن!

ــ مېنى ئېلىپ كېتىڭلار!

............

چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭدە بېسىقتۇرغۇسىز غەليان قوزغالدى. ئۇلار بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتىكى، بىر- بىرىنىڭ، ھېچبىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. تىت- تىت بولغان قاڭشارلىق مېھمان ئۇلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

ــ ھەركىم خالىغانچە بېرىشقا بولمايدۇ. ھەممە ئادەم بېرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر قوۋمغا پەقەت بىرلا سان. شۇ قوۋمغا ھەر جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلالايدىغان، شۇ قەۋمنىڭ ئەقىل- پاراستى، مەنىۋي كامالىتى، پىسخىكا ئۇدۇملىرى، ئەخلاقىي جەزبىلىرى، گۈزەللىكى،

www.kitaphumar.com

ئېرسىيىتى..... قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئادەم بولۇشى كېرەك. يەنە كېلىپ، دېمۇكراتىك يوللار بىلەن سايلانغان بولىشى كېرەك! شۇنچە جىكىلەپ دېيىلگەن بولسىمۇ، تېخىچە نامزات كۆرسىتىلمەپتۇ. ۋاقىت قىستاپ قالدى، ئەمدى بولسىمۇ چاپسان بولۇڭلار. ھازىرلا بىر نامزات كۆرسىتىپ بېرىڭلار. بۇ يەرگە قايتا كېلىشكە ئىمكانىيەت يوق. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يېقىنلىشىۋاتىدۇ، تېزراق بولۇڭلار!.....

ــ مەن ئۆزۈمنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىمەن، ــ دېدى قىيامەتنىڭ يېغىسىنى يىغلاۋاتقان قۇۋمنىڭ ئاقساقىلى، قاڭشارلىق مېھمانغا تەزىم قىلغاچ يېقىنلىشىپ، ــ مەن، سىز ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە تامامەن لايىق. شۇڭىمۇ، قۇۋمىمنى ۋەكىل تاللاشقا تەشكىللىمىگەنمەن. تاللاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. مېنىلا ئېلىپ كېتىڭ. مەن دېگەن ــ ئاقساقال. مۇشۇ قۇۋمنىڭ ئاقساقىلىمەن. شۇڭا، ساندىن بىرى بولسا، ئۆزىمەن. ئىككىسى بولسا بىرىمەن.

ــ بولمايدۇ! ــ ياڭراق ئاۋازدا ۋارقىرىدى توپ ئارىسىدىكى كىشىلەر. باشقا چاغلار بولسا، ئاۋاز ئېگىلىرىنىڭ ئاقساقالغا كىرىپكىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمدىلىكتە يەنە ھەممىسىنىڭلا « بولمايدۇ! » دەپ توۋلىغۇسى كېلەتتى. ــ زېمىن تېنىچ ۋاقىتلاردا، ھەممىمىز ئاقساقالنىڭ خوشلىقى ئۈچۈنلا ياشىدۇق. ئۇنىڭ پۇت ـ قولى بولدۇق. كۆز ۋە تىلى بولدۇق. جېنىمىزدىن باشقا ھەممىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردۇق. لېكىن، ئەمدى ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيمىز. ياق! بېرەلمەيمىز!.....

ــ قوشۇلمايمىز! ــ توپ ئارىسىدىن گۈرۈلدىگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى، ــ ئاقساقال دېگەن بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە. بېشى يوق قۇۋم تېخىمۇ ئەركىن بولىدۇ. ئەمدى بىزگە ئاقساقال كېرەك ئەمەس. ئۇ نېرى بارسۇن!

ــ ئاقساقال ئارىمىزدىن يوقالسۇن!

ــ ئاقساقالغا يول قويمايلى!

ــ توغرا، ئاقساقال بۇ سانغا مۇناسىپ ئەمەس! ــ دېدى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرۇپمۇ پەردازلىرى بۇزۇلمىغان ناخشىچى، بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي قاينىشىۋاتقان كىشىلەردىن ئېگىزرەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ، ــ ئېلىپ كېتىشكە ئەڭ لايىقى مەن! ھەممە بىلىدۇ، مەن بىر ئۆمۈر ئۆز قۇۋمىمغا ناخشا توۋلاپ بەردىم. خەلقىمنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكەتتىم. غەمكىن قەلبلەرگە ئوتلۇق ناخشام بىلەن سۆيگۈ ۋە شادلىق ئاتا قىلدىم. مەن ئۆز قۇۋمىمنىڭ سەنئەت بايلىقى، مۇشۇ خەلقنىڭ مەنىۋى كامالىتى، گۈزەللىك كاپالىتى. چىراي دېسە مەندە بار. ئاۋاز دېسىمۇ مەندە بار. ئەقىل، پەزىلەت.... دېگەنلەرمۇ مانا مەندە. مەن باراي!

ـ كـۆتەر قاسـقاننى! ـ تـوپ ئىچـىـدىن غەزەپلىـك ئـاۋاز ياڭرىـدى، ـ سـەندەك غـتمەك ناخشىچىلار بۇ سانغا لايىق ئەمەس. ناخشا دېگەننى كىم ئېيتالمايدۇ؟ گوڭگۇرلاپ تىلى چىققاندىن باشلاپلا ناخشا توۋلاپ كەلگەن خەلق بىز. بىزگە ناخشىچى دېگەنلەر كېرەك ئەمەس!

ـ تـوغرا دەيـدۇ! ـ قۇۋۋەتلـىـدى تـوپ ئىچـىـدىكى كىشـىلەر، ـ ھېلىغـۇ ناخشـىچىكەن، ئۇسسۇلچى، سازەندە بولغان ھالەتتىمۇ بۇ ساننى ئۇلارغا بەرمەيمىز. سەنئەتكار دېگەنلەر قانچىلىك نىمىلەر ئىـدى. كۆكسـىنى ئوچـۇق قويـۇپ، ساغرىسـىنى تولغـاپ بەرسـىلا ھىسـابمۇ؟ پاقـىدەك كوركىراپ، ئېشەكتەك ھاڭرىغىنىمۇ پوققا تەڭ. بىز ئەسلىدىنلا ئۇلارغا مۇھتـاج ئەمەس. ئـۇلار بىزدىن سان تالاشمىسۇن!

ـ سەنئەتكارلار كۆزىمىزدىن يوقالسۇن!

ـ بىزگە سەنئەتكار ئەمەس، نىجاتكار كېرەك!

ـ سەنئەتكار ئاتالغانلارنىڭ ھەممىنى قوغلىۋېتەيلى!

ـ بەك ئادىل پەتىۋا بولدى! ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى كىشىلەر ئارىسـىدىن، ـ سـەنئەتكار دېگەننى بۇ قەدەر ئەتىـۋارلاپ كەتكۈلـۈك ئەمەس. ئەمەلـىيىمۇ تۇترۇقسـىز ئـادەملەر ئـۇلار. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ساننى مۇئەللىملەرگە بېرەيلى. مەنغۇ مۇئەللىم ئەمەس. تۇرۇۋكرەكمۇ ئوقۇيالمىغان قاراتۇرك ئادەملەردىنمەن. ھۈنەرۋەنلەردىن بولسامۇ، قۇۋۋىمىغا تالاي ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن بولسامۇ، مۇئەللىم دەرىجىسىدىكى ئۇلۇغ ئۇستاز لاردىن ئەمەسـمەن. ئـۆزۈمنى نـامزات قىلىـپ كۆرسىتىشتىن يەنىلا ئۇيىلىمەن. ئۆلۈم يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ. مۇشۇ بىـر سـان مـۇئەللىملەردىن بىرەرىگە بېرىلسـىلا، مەن باشـقىلار بىـلەن تەڭ ئۆلـۈپ كەتسـەم رازى. كـۆپ ئويلانـدىم، بىـزگە مۇئەللىملەر بولمىسا بولمايدىكەن. ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ مۇئەللىملەردىن بىرەرى ھايات قالسۇن. ئۇ، كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ، قاڭشـارلىق مېھمانـدەك، ئۈچقۇ ياسايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيلەپ چىقسۇن. ئۇلار، قۇتقۇزۇشقا مۇھتاج بولمايدىغان، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالايدىغان بولسۇن.

ـ بولمايدۇ! ـ نارازى بولۇپ ۋارقىراشتى كىشىلەر، ـ شۇنچە يوغان بىر قۇۋۋىغا بىرىلگىنى ئارانلا بىر سان تۇرسا، ئۆتۈپ-تېشىپ ئۇنى كوت-كوت ئەپەندىلەرگە بېرەمدۇق؟ زادىلا بولمايدۇ! مۇئەللىم دېگەنلەر، سىنىپقا بىرلا كىرىۋالسا، ھېچنىمىنـى بىلمەيـدىغان بـالىلارنى كولـدۇرلىتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. يەنە كېلىپ، قىشتا سوغاق كۆرمەيدۇ، يازدا ئىسسىق كۆرمەيدۇ. بـورىنى يـوق، يامغۇرى يوق. پۈتـۈن راھەت شـۇلارنىڭ. يـىل بـويى قىلغـان ئىشـىنىڭ تـايىنى يـوق، ۋاتىلـداپ يۈرگىنى-يۈرگەن. راستىنى دېگەندە، بالىلىرىمىزنى كاردىن چىقارغىنى، يارىماس قىلىۋەتكىنى ـ دەل مۇشۇ ئەپەندى دېگەنلەر. بۇنداق ناكەسلەرنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى. شۇڭا، ئۆمرۈمىزدە بىرلا كېلىدىغان بۇ ھاياتلىق ساننى ئەپەندىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ!

www.kitaphumar.com

ــ ھەممىنى بۇزغان ئەپەندى!

ــ بىزنى ئازدۇرغان ئەپەندى!

ــ مۇئەللىملەرگە سان بىرىشكە قەتئىي بولمايدۇ!

ــ بولمايدۇ!

ــ مەنمۇ قارشى!

ــ ئەڭ ياخشىسى، بۇ سانىنى ماڭىلا بىرىڭلار! ــ شۇنداق دەپ ئالدىغا سۇرۇلۇپ كەلدى ئەدىپلەردىن بىرى، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ــ راستىنى دىسەم، بۇ سانغا ئەڭ لايىق ئادەممۇ ــ دەل مەن. ئادەم تەربىيلەشتە مۇئەللىم دىگەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن كەم تۇرمايمەن. كەمتەرلىكىمگە ئىلىپ تۇرسام، ھىچبىرىڭلار مىنى ئىغىزغا ئىلىپمۇ قويمىدىڭلار. ھەممىڭلار بىلىسلەر، سىلەر ئوقۇۋاتقان توم-توم كىتاپلارنى مەن يازغان. سورۇن-ئولتۇرۇشلاردا يادلاپ يۈرگەن شىئىرلارنى مەن يازغان. قەلبىڭلارنى لەرزىگە سىلىپ، سىلەرنى يۇم-يۇم يىغلاتقان، پىخىلداپ كۈلدۈرۈپ، كاككۇكتەك سايراتقان ئاشۇ نادىر ئەسەرلەرنىمۇ دەل مەن يازغان. مەن دىگەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئىنجىنىرى. دەۋر سۈرەتلىرىنىڭ، جەمئىيەت تىۋىشلىرىنىڭ، قەلب ئىزتىراپلىرىنىڭ.... بەدىئىي تارىخچىسىمەن. ئۆتمۈشنىڭ ھەيكەلتارىشى، كەلگۈسىنىڭ رەسسامىمەن. ھىس - ھاياجان، ئەخلاق - پەزىلەت، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئادەمىي سالاپەت ۋە ئاتاق - شارائەتلەرنىڭ ھەممىسى مەندە بار. مەن، قۇۋمىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى. مىنى چۈشۈنىڭلار. سىلەر ئۈچۈن چەككەن رىيازەتلىرىمنى نەزەرگە ئىلىپ قويۇڭلار!.....

ــ ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشەنمەڭلار! ــ دەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن دەرھاللا شۇنداق سادا چىقتى، ــ سەلتەنەتلىك سۆزلەر بىلەن ئادەم قۇتقۇزىدىغان ئىش بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قۇتقۇزۇشسۇن. بىزگە قىلىپ كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۆگۈت ۋە تەربىيەتلىرىگە ئەمەدى ئۆزلىرى رىئايە قىلىشسۇن. ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىمىي پەزىلەت.... دىگەنلەرنى ئەمدى ئۆزلىرىدىن باشلاشسۇن. ئۇلار بىز بىلەن سان تالاشماي، بۇ يەردىن نېرىراق تۇرۇشسۇن. ئۇلارغا سان بىرىشكە بولمايدۇ!

ــ ئەدىپلەر كۆزىمىزدىن يوتسۇن!

ــ شىرىن سۆزلۈك ئەدىپلەرنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئىشەنمەڭلار. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى يازمىلىرى بىلەن زەھەرلەپ كاردىن چىقارغان. ئەمدى بىزنى ئالدىماقچى. تاتلىق گەپلىرى بىلەن ئىغىزىمىزغا ئىمىزگە سىلىپ قۇيۇپ، بىر سانىنى ئۆزلىرى ئۆلەشمەكچى. ئەدىپلەرنى كۆزىمىزدىن يوقىتايلى!

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ماكانى

ـ ئەدىپلەرنى يوقىتايلى! بىزگە ئۇلارنىڭ كېرىكى يوق. ئەمدى بىزگە كىتاپ ئەمەس، جان لازىم. ھاياتلىق لازىم!

ـ يوقالسۇن ئەدىپلەر!

چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغان تۇزلەڭلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭ، شاۋقۇن-سۈرەن، قارشىلىق، تالىشىش ۋە نارازىلىقلار بىلەن گۇرۇلدەيتتى. ئەسەبىيلەشكەن توپ ئارىسىدىن ئاق كىيىملىك بىرى سۇرۇلۇپ چىقتى.

ـ بۇ سانىنى مەن ئالسامغا ھېچكىم نارازى بولماس؟! ـ دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، ـ شاپائەتچى مېھمان، مەيلى كىمدىنلا سورىسىڭىز، بۇ سانىنى ماڭىلا بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىگەنلىرى يوق. مەن بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالىدىم. ئېغىر ئاغرىقلارنىمۇ ساقايتىپ، ئۇلارغا يېڭىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلدىم. ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئۇلار ئاللىقاچان كېسەلگە يەم بولۇپ، ئۆلۈپ تۈگىگەن بولاتتى. ئۇلارنى ھاياتلىققا مەن ئېرىشتۈرگەن. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ يېڭى ھاياتىنى مەن بەرگەن. ئەمدى ئۇلارنىڭ شۇ قەرزلەرنى قايتۇرىدىغان ۋاقتى كەلدى. بۇ سان گەپ يوق، تالاش-تارتىشسىزلا ماڭا كېلىدۇ. ئىككىلەنمەڭ، مېنىلا ئېلىپ كېتىڭ، ئەزىز مېھمان!

ـ ئاغزىڭنى يۇم، بەدرەڭ!

ـ قايسى يۈزۈڭ بىلەن شۇ گەپنى دېيسەن، ئاق كىيىملىك جاللات؟! سېنىڭ بىزگە قىلغانلىرىڭ ئازمۇ. ئوپىراتسىيە ئۈستىلىدىلا، بىمارنىڭ قارنىنى يېرىپ قويۇپ پۇل تەلەپ قىلغىنىڭ يالغانمۇ؟ پۇل تەل بولمىسا داۋالىمايمەن دەپ، بىرمۇنچە ئادەمنى ئەجەلگە تۇتۇپ بەرگىنىڭ يالغانمۇ؟!

ـ توغرا، ئۇ، ئادەم قۇتقۇزىدىغان دوختۇر ئەمەس، ئۆلۈم چىللايدىغان جاللات. ئاشۇ تويمىغۇر، نەپسى بالا دوختۇرلار بولغاچقىلا تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى. سانىنى ئۇلارغا بېرىشكە بولمايدۇ!

ـ شۇنداق، پەقەت بولمايدۇ! ئۇلاردا ئادەم داۋالايدىغان ھۈنەر بولغاندىكىن، سوقۇلۇشتىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قۇتقۇزۇشۇۋالسۇن!

ـ دوختۇرلار نېرى بارسۇن!

ـ ئاق كىيىملىكلەر كۆزۈمىزدىن يوقالسۇن!

ـ ئۇلارغا ھاياتلىق سانىنى ئەمەس، ئۆلۈم سانىنى بېرىش كېرەك!

قاڭشارلىق مېھمان نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا، ھاڭۋېقىپ تۇرغان پەجمىدۇن كىشىلەر ئارىسىغا كۆز تىكتى. بۇلاردا تالاش-

www.kitaphumar.com

تارتىش ئازدەك كۆرۈنەتتى. كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىزدەك، ئېغىر ـ بېسىق، بىپەرۋا تۇرۇۋاتاتتى.

ــ چوقۇم ئاۋاز بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ ــ دېگەن سادا چىقتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن، قاڭشارلىق مېھماننىڭ قاراشلىرىغا جاۋابەن، ــ بۇلارنىڭ نېمىنى شۇنچە تالىشىپ كەتكەنلىكىنى بىز تازا چۈشەنمىدۇق. قىيامەت دەيدۇ، سوقۇلۇش دەيدۇ. يەنە ئۆلۈم دېگەن گەپمۇ بار. جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ. چوقۇم كۆرسىتىدىغان ئىش بولسا، مەن ئالىملارنى كۆرسىتىمەن. ھەممىمىز شۇلارنى كۆرسىتىمىز. تالاش-تارتىشتا قالغان بۇ سان شۇلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلسۇن. ئۇلار كىشلەرگە كۆپ نەپ يەتكۈزدى. شۇلار دورا ئىجات قىلمىغان بولسا، ئۆمۈرۋمىز ھازىرقىدىن قىسقا بولاتتى. بىزلا ئەمەس، زىرائەتلىرىمىزمۇ قۇرۇپ تۈگەيتتى. كېۋەزلىرىمىزنى پىت، شاللىرىمىزنى ئوت بېسىپ كەتكەن بولاتتى. ھازىرقىدەك رادىئو، موتوسىكلىت، ماشىنا، تىراكتور... دېگەنلەرنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق. ھەممىنى دەپ بولالمايمەن، ئۇلار ياسىغان نەرسىلەر بەك-بەك كۆپ. شۇڭا، بۇ سان ئالىملارغا بېرىلسە توغرا بولىدۇ.

ــ قوي، ئۇنداق ئالىم-پالىمڭنى! ــ گەپنىڭ قاپ بېلىگىلا تەپتى توپ ئارىسىدىكىلەر.

ــ كاراڭشىما، پى-پى تۇماق!

ــ نىمە دەپ جۆيلۈيدۇ ماۋۇ قارا قورساق، جۇلدۇر كىيمەن تومپايلار؟! ئۆزلىرىنى ئالىم دەۋالغان شۇ قورساق باقتىلارغىمۇ بېرەمدۇ بۇ ساننى؟! ۋەلسىپىت، تىراكتور دېگەننى كىم ياسىيالمايدۇ. ئادەم گوللايدىغان ساختا دورىلارنىمۇ كىم ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ. توپىغا ھاكىنى ئېلەشتۈرۈپ قويۇپلا، قۇتىغا قاچىلاپ، ئۈستىگە خەت چاپلاپ كىشلەرگە سېتىشتى. بەزىلىرى بۇغدايدىكى ئالنى ئەمەس، بۇغداينى يۇقاتتى. بەزىلىرى، شالنى ئەمەس، ئوتنى ئۆستۈردى. قۇرتنى يۇقۇتۇپ، كېيىنەكنى كۆپەيتكەنلىرىمۇ بار. ئىش قىلىپ، ساختا. ياسىغانلىرى ساختا. ئالىم دېگەنلەر ساختا! دېھقان خەق ياخشى- يامان، ھەق-ناھەقنى پەرق قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغۇلۇق ئەمەس. بۇ ساننى ئالىم ئاتلىق ئالدامچىلارغا بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ!

ــ توغرا دەيدۇ. ئالىم ئەمەس، ئالدامچى ئۇلار! يوقنى بار قىلدۇق، كەشىپ قىلدۇق، دېيىشىدىكەن تېخى. نوچى بولسا، بارنى يوق قىلىپ باقسۇنا قېنى. شۇ تاپتا بىزنى قورقۇنچقا سېلىۋاتقان سوقۇلۇش ئاپىتىنى يوق قىلىپ باقسۇنا قېنى؟ قىلالمايدۇ! بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئالىم ئەمەس، بىر توپ ئالدامچىلار. شۇڭا، ئۇلارغا بۇ ساننى بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ!

ــ بولمايدۇ!

ــ زادى بولمايدۇ!

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

ــ قەتئىي بولمايدۇ!

ھەركىم ئۆزىنى، ئاندا-ساندىكى بىرلىرى ئۆزگىنى كۆرسىتىپ، ئەمما ھېچبىرى قوبۇل قىلىنماي، ئەكسىچە، بىر تالاي ئەيىپلەش- جىنايەتلەرگە شېرىك بولۇپ مېڭىۋەردى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. پىسىرلاپ ئەمەس، پىرقىراپ؛ دۈكۈلدەپ ئەمەس، گۈلدۈرلەپ. شامالدەك، بوراندەك، ئوقتەك، ئۇچقۇدەك. تىت-تىت بولىۋاتقان قاڭشارلىق مېھمان پات-پات كۆككە قاراپ قويىۋاتتى. خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقاندەك، ئالەم قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. زېمىن تىترەيتتى. تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان كېمىدەك ھەريان تەۋرىنەتتى. يىراق-يىراقلاردىن قاراسلىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. كۆك قەھرىدە، كۆز يەتكۈسىز ئۇپۇقتا نىمدۇر گۈلدۈرلەيتتى. قاراڭغۇلاشقان بوشلۇقتىن قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ كېلىۋاتقانلىق شەپىسى كۈچلۈك بوران ئارقىلىق ئېپادىلىنەتتى. بورانغا ئەگىشىپ قۇم-شېغىللار تۆكۈلەتتى. تاش-تۇپىلار ياغاتتى. باشتەك، ئادەمدەك، ماشىنىدەك تاشلار قاراسلاپ دومىلاپ چۈشەتتى. قانچىلىغان ئادەم قورقۇنچتىن، يەنە قانچىلىغان ئادەم تاش-بوران زەربىسىدە جېنىدىن ئايرىلدى. كىشىلەر قىيا-چىيا قىلىشاتتى. قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. بىراق، ئاخىرىدا يەنە سېزىشەتتىكى، ئۇلار قاچماقچى بولغان ھەرقانداق دالدا يەر يەنىلا مۇشۇ زېمىننىڭ بىر پارچىسى ئىدى. يوقالماقچى بولغان يەر شارىنىڭ ئاجرالماس قوينى ئىدى!

ــ مەنچە، بۇ ساننى دېھقانلارغا بېرەيلى! ــ بىر ھازادىن كېيىن شۇنداق بىر سادا ئاڭلاندى قىيا-چىيا قىلىشىۋاتقان توپ ئارىسىدىن. بۇ ئاۋازنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ چىقىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى، ــ ئۇلار بىر ئۆمۈر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىزگە نان بېرىپ كەلدى. لېكىن بىز بىرەر قېتىممۇ ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويمىدۇق. كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلارنى ماختاپ قويمىدۇق. ئۇلاردىن ساپ دىلىمىزنىلا ئەمەس، ئېغىزىمىزنىڭ يېلى بولغان تىلىمىزنىمۇ ئايىدۇق. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلمىدى. بېشىنى ئېگىپ تىقىپ، غەيۋەت-شىكايەتسىز ئىشلەۋەردى. زېمىن تېنچ بولسا ئىدى، ئۇلار ئوخشاشلا ئىشلەۋەرگەن بولاتتى. بىراق، زامان بىزگە باقمىدى. پېشانىمىزنىڭ شورلۇقىدىن، تەلىيىمىزنىڭ كاجلىقىدىن، ياق، ئەمدى يەنە نىمىدىن قورققۇلۇق، خۇي-پەيلىمىزنىڭ ئوساللىقىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئاچكۆزلىكىدىن ئالالىنىڭ جازاسىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرىمىز. جاھان بىزنىڭ دەپ جار سېلىۋېدۇق، جاھان بىزگە باقمىدى. كۆرۈۋاتىسلەر، ھەممىڭلار سېزىپ تۇرۇۋاتىسلەر، ئۆلۈم بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇ تاپتا بولسىمۇ، دېھقان قېرىنداشلارغا بىر مەرتىۋە رەھمەت دەۋالايلى. ئۇلارغا بولغان كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈۋالايلى. بۇ ساننى شۇلارغا بېرەيلى. ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغان بولساقمۇ، شۇلارنى بىر خوش قىلىپ قويۇپ كېتەيلى!

ــ ۋالاقىلما، ئەدىپ!

www.kitaphumar.com

ــ مەن قوشۇلمەن. بۇ سانىي دېھقانلارغا بېرەيلى. ئەمدى يەنە تالىشىپ ئولتۇرغىدەك ۋاقىت يوق!

ــ ئاغزىڭنى يۇم، سولتەك ئەپەندى! سەن قوشۇلغان بىلەن، باشقا مۇئەللىملەر قوشۇلمايدۇ. مەن قوشۇلمايمەن. بىز قوشۇلمايمىز!

ــ توغرا، ھەممىمىز قوشۇلمايمىز!

ــ بىر قوۋمىنىڭ بارلىق خىسلەت ۋە پاراسەتلىرى، گۈزەللىكى، گېنى ۋە دىنى.... قاتارلىقلارنى ئۆزىگە جەم قىلغان ئادەم بولسۇن دەۋاتسا، ئۆتەپ-تېشىپ شۇ قارا قورساقلارنى ۋەكىلىمىز دەپ كۆرسىتىپ بېرەمدۇق؟ بولمايدۇ!

ــ زادىلا بولمايدۇ!

ــ بولمىسا بولمىسۇن! ــ قازاندەك قايناۋاتقان كىشلەر ئارىسىدىن يەنە بىر سادا ئاڭلاندى، ــ جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ. بىز ھېچقايسىڭلاردىن بىرنىمە تالاشمىدۇق. ھېچنىمە تالاشمىدۇق. ئۆزۈڭلار «دېھقانغا!» دېيىسىلەر، يەنە ئارقىدىنلا «بەرمەيمىز!» دەۋاتىسىلەر. ھېچ چۈشەنمىدۇق، سىلەر دېگەن سانىي ئالساق، بىز دېھقانلار ئاسمانغا چىقىپ كېتەمدۇق؟ ياق، ھېلىغۇ ئاسمانكەن، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق يەر بولسىمۇ چىقمايمىز. جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ. نى-نى ئىشلارنى كۆرگەنبىز. بۇنداق يۈرەك ئالدى ئىشلاردىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيمىز. بىزگە ئاسمان ئەمەس، يەر كېرەك. بىز دېگەن دېھقان. يەر تېرىيمىز، چارۋا باقىمىز.... يەردە ياشاپ، يەردە ئۆلىمىز. ئۆلسەكمۇ يەنە يەردە ياتىمىز. بۇ زېمىندا بىز تېرىۋاتقان بىرمۇنچە يەرلەر بار، تاشلاپ كېتەلمەيمىز. بىز دېھقان خەق يەرسىز ياشىيالمايمىز!....

ــ شۇنداق، يەرسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى.

ــ جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ!

ــ ياخشى، ناھايىتى ياخشى! ــ ۋاراڭ-چۇرۇڭلار قېتىدىن يەنە بىر سادا ئاڭلاندى، ــ دېھقان دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل خەق. بىز سانىي ئۇلارغا بېرەيلى دېسەكمۇ بەرىبىر ئالمايدۇ. شۇڭا، بۇ سانىي بىزگە بېرىڭلار. ئەڭ ياخشىسى، مەنلا ئالاي. مېھمان، ئەمدى يەنە دىلىغۇل بولۇپ يۈرمەڭ. تالىشقا ۋاقىت قالمىدى. قاراڭ، ئاسمان يەنە گۈلدۈرلەۋاتىدۇ. بوران چىقىۋاتىدۇ، تاشلار يېغىۋاتىدۇ.... يەنە تۇرساق كېچىكىپ قالىمىز. ھەممىمىز بىراقلا ھالاك بولىمىز. مېنى ئېلىپ كېتىڭ!

ــ يوقسۇ، پىستەك تەقسىر، مەن تۇرغان يەردە سەن كىم ئىدىڭ شۇنچە؟

ــ سەنمۇ نەپسىڭنى يىغىۋال، زەڭگى ئاكا، بۇ يەردە مەنمۇ بار!

ــ ھەي سېرىق ئاسلان، مەنچۇ؟!

ــ مەنچۇ؟!

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

..............

قاڭشارلىق مېھمان ئۆزۈل-كېسىل ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ شۇنچە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرسىمۇ، توختىماي دەتالاش قىلىشىۋاتقان كىشىلەر، كەسپلەر بويىچە، ئاخىر بېرىپ يۇرت ۋە مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشىپ ھەم بىر- بىرىنى رەت قىلىشىپ، زادىلا بىرلىككە كېلەلمىدى. ئەھۋال مەڭگۈ شۇنداق بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە سەزگۈسى خەۋپىنىڭ ناھايىتى يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. زېمىن تەۋرىنەتتى. ئۇچقۇ سىلكىنەتتى. قاراڭغۇلاشقان كۆك قەھرىدىن تاش يېغىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ چۈشمەكتە ئىدى.

......

ــ تولىمۇ ئەپسۇس!.... ــ دېدى مېھمان، ئۇچقۇنىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە بىر پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇپ، مەيۈس ھالدا، ــ سىلەردىن بىرەر ۋەكىلنى ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇق.... لېكىن، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئۆتۈنەي. ساقلىغۇدەك ۋاقىت قالمىسىمۇ، ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن بىر ئۆتۈنەي: كەڭ قورساق بولۇپ، بىر ۋەكىل چىقىرىپ بېرىڭلار. مۇئەللىم، ئالىم.... مەيلى كىمدىن بولسا بولغاي. چىرايى قانداق، ئەقلى ۋە پەزىلەتلىرى قانداق بولسا بولسۇن. بۇ قىممەتلىك بىر سان ئۆلمىسۇن!

ئەمما، قاڭشارلىق مېھمان كۈتمىگەن جاۋابلارغا ئېرىشتى.

ــ بولدى، بىزگە بېرىلگەن بۇ ساندىن كەچتۇق!

ــ بۇ ساننى باشقا قوۋمغا تەقسىملەپ بېرىڭلار!

ــ بىزگە تەگمىگەن ئۇ سانغا باشقىلارنى سايلاپ نىمە قىلىمىز. ماڭىمۇ يوق، ساڭىمۇ يوق!

ــ شۇنداق، بىز ئۆلۈپ كېتىپ، باشقا بىرى ساق قالامدىكەن؟ نىمە بولساق تەڭ بولىمىز!

ــ بۇ ساننى باشقا قوۋمغا بەرسە بەرسۇن. ئەمما بىز ئۆلسەك تەڭ ئۆلۈمىز!

ــ نىمە كۆرسەك تەڭ كۆرۈمىز!

كىشىلەر تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى.

ــ مەن بۇ قوۋمدىن ئەمەس! ــ دەپ ۋارقىردى بىرلىرى توساتتىن، ــ بۇلار ئالمىغان ساننى ماڭا بېرىڭ.

ــ مەنمۇ بۇ قوۋمدىن ئەمەس. شۇ ساننى ماڭا!....

ــ مەنمۇ بۇ قوۋمدىن چىقىپ كەتتىم!

ــ مەنمۇ تاندىم!

............

ئالەم تىترىدى. زېمىن لەپپەڭشىدى. ئۇچقۇنىڭ ئىشىكىنى ئامالسىز يېپىۋاتقان قاڭشارلىق مېھمان، قىيامەت چوقانلىرى ئارىسىدىن يەنە ھەيران قالارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىدى.....

www.kitaphumar.com

«ئېگىسنى تاپالماي يۈرگەن بىر ماقالىنىڭ ھەقدارلىرىنى مانا بۈگۈن، ئاخىرى تاپتىم. » دەپ ئويلىدى مېھمان، ئۇچقۇنىڭ ئىشكىنى ھەسرەت بىلەن يېپىپ.

ئۇچقۇ كۆزدىن يوقىلىپ كەتكەندى. قاراڭغۇلۇق بوران بولۇپ ئۇچۇپ كېلەتتى. تاش-تۇمانلار گويا مۆلدۈردەك ياغاتتى. ئالەم تېزگىنىدىن ئايرىلغان، زېمىن تەڭشىكىنى يوقاتقانىدى. ھەممە ياقتا گۈلدۈر-قاراس، ھەممە تەرەپتە قىيا-چىيا. ئۇخلاپ ئويغانغان گالۋاڭ قايسى تەرەپكە قېچىشىنى ئۇقماي يۈرەتتى. قاياقنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بىردىنلا زېمىن تەتۈر ئۆرۈلگەندەك بولدى. غايەت زور بىر بېسىم بىلەن، كىشلەر ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەرگە قۇشۇلۇپلا تەگسىز قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇدى. باش تۆۋەن، پۇت ئۈستۈن. يۈرەكلەر تاش ئاستىدا، نە تاشكى، تاغ ئاستىدا. قىيامەت، مانا قىيامەت!.....

ۋارقىراپ ئويغۇنۇپ كەتتىم. ئەتراپ قان رەڭگىدە كۆرۈنەتتى. يەنە چۈش كۆرۈپتىمەن،ياق، قارا بېسىپتۇ. گالۋاڭنىڭ چۈشىگە نىملەر كىرمەيدۇ. گالۋاڭ چۈشىدە نىملەرنى كۆرمەيدۇ!

ــ كۈن قىزارغاندا ئۇخلاش ياخشى ئەمەس، بالام، ــ دېدى ئانام، پىشانەمدىكى تەرلەرنى ئېرتقاچ، مەيدەمگە چۈشكەن ساقلىمنى مېھرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ، ــ يەنە كېلىپ، بايا كۈن تۇتۇلدى.....

كۈن تۇتۇلغاندا ئۇخلاشمۇ ياخشى ئەمەسكەندە! دەپ ئويلىدىم مەن، ئۇيۇققا پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشقا قاراپ. ئەمدى ئۇخلىمايمەن. ئۇخلىمىساملا قارىمۇ باسالمايدۇ. قارا باسمىسىلا ، قالغان ئىشلار ئۆز يولىدا بارىدۇ: كۈن تۇتۇلسا، يەنە ئېچىلىدۇ. ئولتۇرغان قۇياش چىقماي قالمايدۇ. كەچ بولىدۇ ۋە يەنە تاڭ ئاتىدۇ!.....

2008-يىلى23-ئۆكتەبىر، ئاقسۇ.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

# قارا سېزىك

## ( ھېكايە )

### ئابباس مۇنىياز تۈركىيقان

بىرقانچە كۈندىن بۇيان تولا ئىككىلىنىپ يۈرۈپ، مانا بۈگۈن ئاخىرى بىر قارارغاغ كەلدىم. نىمە قارار دەمسىز؟ يۈرتقا ئۆزىدىن بۇرۇن نام- تەخەللۇسى كېلىپ بولغان مەھەللىدىشىمنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىش قارارى!

ئاڭلىماققا، بۇ شۇنچىلىك ئاددى ئىش. لېكىن بىلسىڭىز، چەت ئەلدە ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مەھەللىمىزگە ئەمدىلا قەدەم باسقان ئۇ دوستۇم ئۇ قەدەر ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەس. دېدىمغۇ، ئۇ ۋقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ بولغىچە، ئۇنىڭ تەخەللۇسى چېگرا ئاتلاپ كېلىپ بولغان، دەپ مەھەللىدىمۇ بۇ ھەقتە گەپ تولا. « ئاشۇ شۇكۈر زەللىنىڭ كۆك پوتلا ئوغلى چەتتە ئوقۇپ سەللە كىيىپ كېلەلىگەن بولسا، ئوقۇش دېگەن ئادەم تاللىمايدىغان نىمىكەن» دەيتتى بەزىسى. « سەللە شۇ قەدەر ئەرزان بولسا، چەت ئەل دېگەنمۇ تايىنلىق يەركەن» دەپ قايىنايتتى يەنە بىرلىرى.

مەنمۇ مۇرەككەپ ھېسسياتتا. تەڭتۇش ئۆسكەن ئۇ دوستۇمنىڭ( كىچىك چاغلىرىمىزدا دوست ئىدۇق) ئالدىغا شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدىلا باراي دېسەم، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان. ئۆزۈمچە كىچىك ئادەم ئەمەسمەن. زادىلا بارماي قوياي دېسەم، مەھەللىمىزنىڭ ئۇدۇمى شۇنداق: نام- ئابروي قازىنىپ كەلگەن ھەرقانداق مەھەللىدىشىمىزنىڭ ئالدىغا سالامغا بارماي قويمايمىز. كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپلا ــ قايتىپ كېلىپلا، ئۇنىڭ بىزدىن ھېچقانچە ئارتۇق يېرىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىز. دەپ قويۇشۇم كېرەككى، مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئادىمى. ئەمما ماڭا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇنىڭ سەللە كىيىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر. ئۇ، راستىنلا سەللە كىيىپ كەلگەنمىدۇ؟ چەتنىڭ سەللىسى قانداق بولۇدىغاندۇ؟...

گېپىم سەل تاققا- تۇققا چىقىپ قالدىغۇ دەيمەن. كەچۈرۈڭلار، يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس. ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك، ياق، قىزىل مۇچ قۇيۇۋالغاندەك ئېچىشىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەللىسى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيان چۈشلىرىممۇ باشقىچە: كۆكتە بىر ئوبدان ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوقلا چۈشۈپ كېتىمەن.

www.kitaphumar.com

ئېشـەككە مىنـىپ چۈشـەيمەنۇ، بىـر ئوبـدان مېڭىۋېتىـپ يىقىلـىپ چۈشـۈمەن. يۈگـۈرسـەم، نىمىشـقىكىن كەيـنىمگە مـاڭىمەن....ئۇنـىڭ تەخەللۇسـى نىرۋامغـا تېخىـمۇ بەكـراق تېگىـدۇ. خۇدابەردى شۈكۈر ئوغلى مەشھۇرى! قاراڭ، ئۇنىڭ قويۇۋالغان تەخەللۇسىنى. ئۇ نىمە قىلغىنىغا مەشـھۇر بولغـۇدەك؟ چەت ئەلـدە بىرقـانچە يىـل لاغـايلاپ يۈرسـىلا مەشـھۇر بولـۇپ كېتىـدىغان گەپمىكەن؟!

ئەسـلى گېـپىمگە كەلسـەم، مەن مۇشـۇنداق ئويلـۇدۇم. مەھەللىـدىكى خېلـى كـۆپ كىشـىلەرنىڭمۇ شـۇنداق ئويلايـدىغانلىقىغا ئىشـەنچىم كامىـل. مېنىـڭ باشـقا دوسـت- ئاداشلىرىمنىڭغۇ مۇشۇنداق ئويلىشىدا گەپ يـوق. نىمىشـقا شـۇنداق ئويلىمىغـۇدەك؟ تەڭتۇشلار بىلەن بىر قاتاردا چوڭ بولغان تۇرۇغلۇق، مانا ئەمدى مەشـھۇرمەن، دەپ كەلسە، باشقىلار كىم ئىكەن ئۇنداقتا؟ مەن كىم ئىكەنمەن؟ ھېلىغۇ ئازراق بولسىمۇ ئوقۇپتىكەنمەن. ساۋاتسىز بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن مەڭگۈ مەشھۇر. مەشھۇر بولۇشقا ئەڭ لايىقى مەن. ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى، ئۇنىڭ سەللىسى توغرىسىدىكى پاراڭ. ھە-ئە، سەللە!

كىچىك ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئۆز-ئۆزۈمگە يېنىش- يېنىشلاپ ئەسكەرتىپ كەلسەممۇ، يەنە نىمىشقىكىن يۈرۈكىم دۈپۈلدەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇزۇمنى تۇتىۋېلىپ، بوگـۈنكى قوياشلىق كۈنگە ئوخشاشلا چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتتىم. يۈز تېرىلىرىم ئەسـكى پـۇرۇچتەك پۈرلۈشـۈپ تۇرسـىمۇ، ھەرھالدا ئۇچۇق چىـراي بىـر ئـادەمگە ـــ ئـۆزۈمگە زادىـلا ئوخشـىمايدىغان، مەرد- مەردانە بىـر ئەركەككە ئوخشغاندىمەن، دەپ ئويلايمەن.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم!

ئۈرۈكلەر ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەن ھويلىغا شۇنداق دەپ قەدەم باستىم مەن.

سۇپىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان خۇدابەردىنى مېنى كۆرۈپلا چاچراپ ئورنىدىن قوپىدۇ دەپ ئويلىۋېدىم. لېكىن، ئۇ ئۇنـداق قىلمىـدى. چاچراپ تۇرمىسـىمۇ مەيلـى ئـدىغۇ، ماڭـا ئـىزا بـولغىنى، ئـۇ مـىدىرلاپمۇ قويمىـدى. خـۇددى مېنـى كۆرمىگەنـدەك، كـۆزلىرىنى پـارقىراتقىنىچە نىمىگىدۇر قاراپ تۇرۇۋەردى.

« چوڭچىلىقىنى قاراڭ!...»

غەزىپىم تېشىپ تۇرسىمۇ، چىداپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم سالام بەردىم:

ــ ئەسالامۇ ئەلەيكوم، خۇدابەردى ئاداش!

ــ ۋە... ۋەئەلەيكوم ئەسالام!... ۋەئەلەيكوم... --- دېدى ئۇ، مەڭدەپ قالغان ئادەمـدەك دۇدۇقلاپ ۋە قولاشمىغان بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزاتقان قوللۇرىمنى مەھكەم قىستى، ــ كىمنى خىيال قىلسا شـۇ كېلىـدۇ دەپ....تـوۋا، شـۇ تاپتـا سـىلىنى ئـويلاپ ئولتـۇراتتىم. ھەيـران قېلىشۋاتامدىلا؟ خۇدا ھەققى راست دەيمەن ئاكا. سىلى مېنى تونۇمىغان بىلەن، مەن تونـۇيمەن

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

سىلىنى. مەمتىمىن ھوشۇر دېگەن ئۆزلىرى بوللىلىغۇ دەيمەن؟ سىلى دېگەن كاتتا تارىخچى. ئەسەرلىرىنى تولا ئوقۇپ...تووۋا، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، كىمنى ئويلىسا شۇ... خۇدا بەردى، بۈگۈن ماڭا خۇدا بەردى. قېنى، تۆرگە، ئاكا!..

ـــ مەمتىمىن ھوشۇر دېگەن تارىخچى ئەمەس، يازغۇچى ــدېدىم مەن قىستاپ كەلگەن كۈلكەمنى ئاران بېسىۋېلىپ. گېپىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇۋاتتى.

ــ ھە، بىلىمەن، ـــ دېدى ئۇ، ھېچنىمە سەزمىگەندەك بىر ھالەتتە، ئالدىراپ- تېنەپ داستىخان راسلاۋېتىپ، ــئۆزلىرى داڭلىق يازغۇچى. چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇپ چىققانمەن. ۋاي- ۋۇي ، «قۇم باسقان شەھەر»، « ئالتۇن چىشلىق ئىت» ، « قارا قورساق سەركە» دېگەنلەر ئالامەت ئەسەرلەر جۇمۇ. لېكىن، ئاكا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ. مېنىڭ نەزىرىمدە، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تارىخچى. بۇلۇپمۇ، سىلى يازغان ئاشۇ « مەشھۇرى»....

ــ مەڭدەپ قالمىغانسىلە ھە، خۇدابەرداخۇن؟ ــدېدىم مەن ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا «تولا ئوقۇپ ئېلىشىپ قالمىغانسىلە » دەپ كەلگەن گەپنى يۇمشۇتۇپ، ــتونۇمىدىڭلىما؟ مەن دېگەن ھاشىماخۇن. سىلى بىلەن ھېمىشە ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ھېلىقى ھاشىم گاڭگۇن مەن شۇ ئەمەسمۇ؟ بىللە چوڭ بولغان، بىللە ئوقۇغان....ئالدىڭلىغا سالامغا كەلسەمزە تونۇماسقا سېلىپ...

ــ ھە؟!...

ئۇ شۇنداق قاتتىق چۆچۈپ كەتتىكى، چاي تولدۇرۇپ، داستىخانغا قويماقچى بولغان پىيالىمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. شۇئان، قارا بېسىپ ئويغانغان ئادەمدەك بېشىنى سىلكىدى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك يۈزلىرىنى چىمدىدى. كۆزلىرىنى چىملداتتى....

ـــ ئەستاغپۇرۇللا! ــمەن كىرگەن چاغدىكى ھالىتىگە يات بىر قىزغىنلىق بىلەن قۇچۇقىنى كەڭ ئېچىپ ئالدىمغا كەلدى ئۇ، ــيەنە بىر قېتىم ئەستاغپۇرۇللا! سىلىنى باشقا بىر ئادەم دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، ھاشىماخۇن ئاداش. مېنى ئەپۇ قىلىڭلا. يېڭىباشتىن كۆرۈشەيلى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!....

ئۇ، مېنى قاتتىق قۇچاقلاپ، مەڭىزلىرىمگە مەڭىزلىرىنى يېقىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، خىجالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. ئەمدىكى خۇدابەردى ھېچكىمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق، مېھماندوستلۇق ۋە وچۇق- يورۇقلۇقنى ئىپادە قىلىپ ئولتۇراتتى.

ـــ بايازە قىزىق ئىش بوپتۇ- ھە، ـــ دەپ گەپنى يەنە ئۆزى تەشتى ئۇ، ـــ سىلى كىرگەننى تۇ يغاندەك قىلدىم.... مەمتىمىن ھوشۇر دېگەن ئاكىمىز شۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلۇدۇم. نىمىشقا شۇنداق ئويلاپ قالدىڭلا دەمسىلە؟ ھەي... دېسەم، بۇمۇ بىر قىزىق ھېكايە. يا

www.kitaphumar.com

ئىشىنىسىلە ، يا ئىشەنمەيسىلە. دەل شۇ چاغدا ،ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ تارىخىنى، ئوچۇق ئېيتسام، ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. بىر ئۆمۈر باي - باياشاتلىقتا ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇق بوۋام مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە كۆزۈم چۈشكەندە، ئىختىيارسىز ھالدا مەمتىمىن ھوشۇر دېگەن تارىخچىنى( سىلىنىڭ تىلىڭلا بويىچە، يازغۇچىنى) ئەسكە ئالدىم. « مەشھۇرى» نى شۇ كىشى يازغان ئەمەسمىدى. ئەجدادىمنى مەسخىرە قىلغىنى ئۈچۈن ئاچچىقىم كېلىدۇ. راستچىللىق بىلەن، شۇ قەدەر تولۇق ۋە قاملاشتۇرۇپ يازغىنىنى ئويلىسام، ئاپىرىن دېيمەن. كۆلگۈمۇ كېلىدۇ. بۇنى قانداق بىلدىڭ دېسەڭلا، ئۇنىڭ يازغىنى مېنىڭ بايا كۆرگىنىم بىلەن . ئوپ - ئوخشاش چىقتى.

---- بايا قولۇڭلىدا كىتاپ باردەك قىلمايتتىغۇ؟--- ئۇنىڭ گېپىنىڭ تەكتىنى ھېچ چۈشەنمەي، قىزىقسىنىپ سورۇدۇم مەن.

---- كىتاپقۇ يوقتى. لېكىن، قەلب كۆزۈمدە كۆرۈپ ئولتۇراتتىم.

---- خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەنسىلە - دە!

--- ياق. خىيال قىلمىدىم، راستىنلا كۆردۈم، ئاداش.

تېخىچە ئۆزىگە كېلىپ بولالمىدىمۇ نىمە بۇ ئاداش، دەپ ئويلۇدۇم ۋە :

--- ئۇ ئالەمدىكى ئەجدادلارنى خىيال قىلىشقىلا بولۇدۇ، كۆرگىلى بولمايدۇ،---- دېدىم، مېھمان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ، « گاڭگۇڭلۇق» بىلەن.

--- مانا بۆگۈن، ئەجدادلار تارىخىنى ئەينەن كۆرۈشكە بولۇدىغانلىقى تولۇق ئىسپاتلاندى!--- دېدى ئۇ، ھاياجانلىنىپ.

--- تارىخ دېگەننى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە يازىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىگە پايدىلىق تەرىپىنى قازىدۇ. شۇڭا مەن تارىخ دېگەنگە ئۆچ. پايدىسىز ئۆتمۈشنىڭ، يالغان تارىخنىڭ نىمە كېرىگى؟

--- دەل شۇ تارىختىكى ساقتىلىقنى تۈگۈتۈش ھەققىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوكتۇرلۇق قالپىقىنى كىيىپ كېلىۋىدىم. مانا بۆگۈن ئۇ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. نەق ئۆز يۇرتۇمدا كەشپىيات ياراتتىم. ئەمدى نۇرغۇن ئىشلار ئاسانلىشىدۇ. تارىختىكى ساناقسىز سىر - تۈگۈنلەر تولۇق يېشىلىدۇ!....

ئۇ بەكلا خوشالدەك قىلاتتى. ئۆزىنى تۇتالماي، بىر جايدا پىرقىرايتتى. قوللىرىنى توختىماي ئىشقىلايتتى....

--- سىلىنىڭ دوختۇرلۇق قالپىقى دېگىنىڭلا بىز گېپىنى قىلىدىغان سەللە شۇمۇ؟ --- ئۇنىڭ خوشاللىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزۈم قىزىققان ئىشتىن گەپ باشلىدىم مەن. ئەمدىلىكتە ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزگە ئۆزلىشىپ قالغاندۇق.

--- سەللە؟.... ھە، توغرا، سەللە دېسەكمۇ بولۇدۇ. بەك مۇشەققەتتە كىيگەن سەللە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



--- سەللە دېگەن مۇسۇلمان زاتىغا بۇيرۇلغان نەرسە ئىدى.... چەتتىمۇ مۇسۇلمان بارىكەندە، گېپىڭلىچە؟

---- بار. جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇسۇلمان بار.

--- ئۇلارمۇ قۇرئان ئوقامدۇ ئۇندااقتا؟

--- ئەلــۋەتتە. جاھانــدىكى ھەمــمە مۇســۇلماننىڭ مــۇقەددەس كىتــابى بىــر. ئەممــا، شەرھىيلەش، تەدبىقلاش ئۇسۇلى ئوخشمايدۇ.

---- بۇ....

مەن غىققىدە بولۇپ قالدىم. ئۇششاق ئىشلار ھەققىدە پارچە- پۇرات خەۋەر يېزىپ يۈرۈپ ، يازغۇچى دەپ ئاتىلىپ قالغىنىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزگە كۆرۈنگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ھەممىسىنى ساناپ بېرەلەيدىغىنىم ئۈچۈن، مەھەللىدە داڭدار زىيالى سانىلاتتىم. خىيالىمدا، مەن بىلمەيدىغان نەرسە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ ئاداشنىڭ چېكىنىۋېلىپ جۆيلىگەندەك گەپلىرى....

-----دوختۇرلۇق سەللىسى بەك ئېسىلمۇ؟--- خاتا گەپ قىلىپ تاشلاشتىن ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، قىزىقىشمىدىن يەنىلا ۋاز كەچمىدىم.

--- ۋاي چاقچاق قىلماڭلا ھاشىماخۇن. دوختۇرلۇق ئەمەس، دوكتۇرلۇق دەڭلا...ھە، سەللىنىڭ گېپىنى قىلدىڭلا راست، ---- ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە، جاڭگۇر- جۇڭگۇر بىرنەرسىلەر ئېسىلغان سەت بىر باش كىيىمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىر قاراشتا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىتاپ چاپلاپ قويغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى، ---- سىلى دېگەن دوكتۇرلۇق سەللىسى مانا مۇشۇ شۇ. ئاددىيلا نەرسە.

--- چەتتە مۇشۇنى كىيىۋالسىلا ھەممىدىن چوڭ ئادەم بولۇپ كېتىدىغان گەپما؟

---ھەممىدىن چوڭ ئەمەس، ئىش قىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى ئاساسەن مۇشۇنى كىيىدۇ.

--- مۇشۇ كېلەڭسىز سەللىنى كۈن بويى كېيىپلا يۈرۈدىغان گەپ ئىشكەندە...

--- ياق، مۇراسىمدىلا كىيىمىز. باشقا ۋاقىتلاردا ئۆيدە تۇرۇدىغان نەرسە بۇ.

--- ئۇنداق بولسا، سەللە كىيگەنلەر بىلەن كىيمىگەنلەرنى قانداق پەرق ئېتىدۇ، ئۇ خەق؟

----- پەرق قورساقتا، ---- شۇنداق دېگىنىچە قورسىقىغا بىر- ئىككىنى ئۇرۇپ قويدى ئۇ.

مەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم. روھلاندۇرۇش دورىسى يەۋالغان ئادەمدەك كۆلۈمسىرەپلا ئولتۇرغان خۇدابەردى بىردىنلا سىرلىق قارا جاڭگالدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسمۇ، گەپ- سۆزلىرىمۇ....سىرلىق، چۈشۈنۈكسىز ئىدى.

---- پەرق قورساقتا دېگىنىم، ---- پۇشۇلداپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئىزاھات بەردى بەردى ئۇ، بىر ھازادىن كېيىن، ---ئۇ يەردە كىشلەر بىر- بىرىنى سىلى

دېگەن ھېلىقى سەللە بىلەن ئەمەس، قورساقتىكى ئوماچ بىلەن قەدىرلەيدۇ. مەسىلەن، مەن دۇنيا ئانچە تونۇپ كەتمەيدىغان، نامرات بىر مىللەتنىڭ باللىسى. ئەمما، كىچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگۈنۈپ، تەتقىق قىلىپ يۈرۈپ، سىلىگە دەپ بەرگەن ھېلىقى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېدىم، ئەنگىلىز، فىرانسۇس دېگەندەك ھەر چوڭ مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرىمۇ ھەيران قالدى. ھەممىسى بارىكاللا ئوقۇپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بايىقى سەللىنى كىيگۈزدى. ھېچقايسىسى بۇ بىز بىلمەيدىغان مىللەتتىن ئىكەن، شۇڭا بۇنىڭغا بەرگەن سەللىنى ئۆزىمىزلا كىيەيلى، دېمىدى. سىلى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە نىمە توغرىسىدا، دەپ سورايسىلە ھەقاچان. بىر جۈملە بىلەن ئېيتسام، مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىم تارىخ توغرىسىدىكى نەزەرىيە.

--- يەنە شۇ تارىخمۇ؟ يالغان - ياۋىداق گەپ، ئۇستىخانلىرى ئاللىقاچان تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەجدادلار ھەققىدىكى ماختاش، قاغاشلار.... بۇنى بىلسە نىمە بوپتۇ، بىلمىسە نىمە بوپتۇ. ماڭا قويۇۋەتسىغۇ، چوڭ دادامنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلگۈم يوق. بۇنى بىلگەننىڭمۇ نىمىگە پايدىسى؟ شۇڭا دېمەن، ھامان ئىجادىيەت قىلغاندىكىن، نەپ بېرىدىغان ئىشلار ھەققىدە قىلىدىغان گەپ ئىدى.

---- ھازىر دېدىڭلىغۇ، تارىخ -- يالغان - ياۋىداق گەپ دەپ. مەن نەق مۇشۇ يەرنى تۇتتۇم. مېنىڭ بۇ كەشپىياتىم تارىختىكى ھەرقانداق يالغانچىلىقلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ. تارىختىن قىلچە خەۋرى يوق ، ھەتتا ساۋاتسىز كىشلەرنىمۇ ئەجدادىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەينەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈشەنمىدىڭلىما؟ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتاي، بۇ مۇنداق گەپ: بايا سىلى دېگەندەك، ھازىر تارىخنى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە يازىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەتتا بىر مىللەتنىڭ تارىخنى يەنە بىر مىللەت يېزىپ بېرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئەسىر - ئەسىرلەر ئۆتۈۋېرىدۇ. يالغان - ئويدۇرمىلار تارىخ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئىش. بەكلا ئېچىنىشلىق ئىش! مەن دەل مۇشۇنداق ساقتا تارىخ ۋە ئۇنى قالدۇرغۇچىلارغا زەربە بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قىسمەت يولىنى كېيىنكىلەرگە ھەققىي ھالىتى بىلەن كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنلۇملۇك بىر خىل سۈيۈقلۇق ئىشلەپچىقىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. مانا بۈگۈن ئۇنى ئۆز نىرۋام ئارقىلىق سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. ئۆز مەھەللەمدە سىناق قىلغىنىم تېخىمۇ ئۇلۇق ئىش بولدى. مانا، مانا بۇ مۇشۇنچىلىك ئاددىي سۈيۈقلۇق، --- ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان كىچىك بىر قۇتىنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى، ---- قورساقنى ئوبدان توقلاپ ئولتۇرۇپ، بۇنىڭدىن بىر تېمىم يۇتۇمىز. پەقەت بىر تېمىملا يۇتۇمىز. بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، نەچچىنچى ئەجدادىمىزنىڭ چىرايىنى كۆرمەكچى بولساق شۇنچىنى سانايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دادىمىز بىرىنچى ئەۋلات بولىدۇ. بىزنىڭ سانىقىمىزغا ئاساسەن، كۆز ئالدىمىزدا ئاستا - ئاستا بىزنىڭ شۇ سانىقىمىزغا توغرا كەلگەن

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

ئەجدادىمىزنىڭ چىرايى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ساناقنى ئالماشتۇرمساق، شۇ ئەجدادىمىزنىڭ هاياتىدىكى بارلىق ياخشى- يامان ئىشلىرى ئىلگىرى- كېيىنلىك تەرتىۋى بويىچە بىر- بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتىدۇ. باشقا ساناق سانىساق، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئەجدادىمىزنىڭ چىرايىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ تەركىۋى... راست گەپنى قىلسام، بۇنىڭ تەركىۋىنى دېسەم، بېشىڭلا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، يۈز بەرگەن ئىشنىلا دەي. ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن تارتىپلا ئويلاپ كەلگەن سۈيۈقلۇقنى ياساپ، مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم سىناق قىلدىم. قىزىق ئىش بولدى دەڭلا. سۈيىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بىر تېمىم ئىچىپ قويارمەنمۇ، بەش مىنۇت ئۆتەر- ئۆتمەيلا رەھمەتلىك دادام كۆزۈمگە كۆرۈندى. دېسەم ئىشەنمەيسىلە. ئۇنى راستىنلا كۆردۇم. خەۋىرىڭلا بار، دادام قورسىقىغا ئاغراق مەزىن ئىدى. خەقلەر دېگەندەك، ئۇنىڭ قولىدا يەنە شۇ زەللە. بەلۋىغىدا قۇيماق، پوشكال... مانا مۇشۇلارنى ئەينەن كۆردۇم. ئۇنىڭغا قاراۋېتىپ، خۇدايا تۇۋا دەپ قالدىمكى، دادامنىڭ هاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسى نەزىر- باراۋەتلەردە ئۆتۈپتۇ. ئۇنى ياش ۋاقتىدىن تارتىپ، قېرىپ، ئۆلۈپ تۆگۈگىچە بولغان ئارىلىقتا لوقما چايناۋاتقان هالەتتىلا چېلىقتۇردۇم. ياسىغان نەرسەم كارغا كەلدى دەپ بەكلا خوش بولۇپ كەتتىم. سىلىگە دېسەم، خوش بولۇپ ياكى خاپا بولۇپ كەتكەن هالەتتىمۇ بۇ دورىنىڭ تەسىرىدىن دەرهال ئاجرىغىلى بولمايدىكەن. باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ تۇرغان تەقدىردىمۇ كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئۈزۈلۈپ قالمايدىكەن. بىرقارىسا چۈشتەك، چۈشمىگىن دېسە راست ئىش. قەلب بىلەن كۆزنىڭ تۇتاشقان بىر يېرىدە، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇۋاتقان بىر بوشلۇقتا راست سۈرەت---- ئەجداد، ئۇنىڭ چىرايى، قىسمىتى، گەپ- سۆزلىرى، ئوي- خىيالى ....خوشاللىقىمدا قانداقتۇر بىر سانىنى سانىۋەتتىم. ( مەن ئۇتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەدىمۇ ساناق ساناش تەلەپ قىلىناتتى. بۇنى بايا سىلىگە دېدىم.) تۇيىمايلا قالدىم، شۇئان دادام رەھمىتىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىشىنىڭ چىرايى ئالماشتى. قارايمەن، قارايمەن، هېچ مەن تونۇيدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. بۇ كىم بولغىيتتى ئەمدى، دەپ تۇرسام، ئۇ مېڭىپ- مېڭىپ، هەيۋەتلىك بىر ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. رەختكە يۆگەلگەن بىر نەرسىنى قولتۇقىغا مەهكەم قىسىپ، گېدىيىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىنى كۆرۈپلا، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ياراقلىق كىشىلەر سەپرۈس بولۇپ تۇرۇشتى. كىمدۇر بىرىنىڭ:

---- مەغپىر خوجا جاناپلىرى كەلدى!---- دەپ تووۋلىغىنى ئاڭلاندى.

بوۋام مەشھۇرىنىڭ ئىسمىغا ئەجەپ ئوخشايدىكىنا، دېگەن خىيالنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈپ بولغىچە، ئۇ، تەختتە ئولتۇرغان شاهقا سالام قىلىپ بولۇپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئەكەلگەن كىتاپتىن ئىككى ۋاراق ئوقۇپ ئۆلگۈدى.... مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ كىشىنى ئۇلۇغ بوۋام مەخپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرى شۇ ئىكەن دەپ جەزىملەشتۈردۈم. بۇ ھەقتە تارىخقىمۇ خېلى يازمىلار پۈتۈلگەن. « بىر مەشھۇر كىشى» دېگەن ئەسەردىمۇ بۇ زات توغرۇلۇق نۇرغۇن

گەپلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام رەھمەتلىكمۇ ئۇلۇغ بوۋام مەشھۇرى توغرىسىدا بوۋىسىدىن ئاڭلىغان جىق گەپلەرنى دەپ بېرىدىغان. ...شۇڭا مەن، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا « مەشھۇرى» دېگەن سۆزنى ئۆزۈمگە فاملە قىلىۋالغانىدىم. ...

---- ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئەسلى مەشھۇرى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ تەخەللۇسنى باشقىلار قويۇپ قويغان، دەپ يازغانىكەنغۇ « مەشھۇرى» دېگەن ھېلىقى ئەسەردە.،

--- ئانچە - مۇنچە بىلىدىغان نۇقتىدىن گەپ چىققىنى ئۈچۈن ، ھاپىلا - شاپىلا سۆز قاتتىم مەن.

----- بۇ دېگىنىڭىلا راست، ---- ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، داۋام قىلدى ئۇ ، ---

- مەن ئوقۇغان ماتېرىياللاردىمۇ شۇنداق دېيىلگەن. دادامدىن ئاڭلىغىنىممۇ شۇ. « مەشھۇرى» دېگەن تەخەللۇسنى ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر قويۇپ قويغانىكەن. بىراق، مەن بۇنى فاملە قىلىۋالدىم. بۇنداق بولۇشتا، ئەجدادىمىز ئىچىدىن بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم چىقمىغانىكەن. ئاتا - بوۋىلىرىم دىنى ساھەنىڭ ئۆلىمالىرى، داڭلىق زاتلاردىن بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەڭ مەشھۇر بولغىنى يەنىلا«مەشھۇرى» ئىكەن.

---- تارىخقا يېزىلغاندەك خوشامەتچى ئادەممىكەن زادى؟

----- بەكلا...

---- خوشامەتى بوۋاڭنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلىپ نىمە قىلارىدىڭلا؟

---- زامان - زاماندىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئۇلۇغ بوۋامنىڭ مەشھۇر ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈپ قوياي دېمەن.

---- بۇ كونا گەپلەردىن سىلىگە نىمە پايدا ئەمدى؟

---- كونا گەپ ----- تارىخ. تارىخ---- كېلەچەكنىڭ يىلتىزى ۋە ئەينىكى. مەن مۇشۇ « مەشھۇر» لۇق تارىخنى بالىلىرىمغا ئەينەك، ئەۋلادلارغا ئىبرەت قىلماقچى.

---- ئا...ھاي، ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلماڭلا ئاداشاۋاي. مۇشۇنداق مۇرەككەپ بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىچە، كەلگۈسىدە كۆرۈدىغان بالىلىرىڭلىغا ئەسقاتىدىغان ئىجادىيەتلەرنى قىلساڭلا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى دەيمەنغۇ مەن.

---- مۇشۇ قىلغىنىم دەل بالىلار ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. نىمىشقا دېسەڭلا، ئۆتمۈشى ئېنىق مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ روشەن بولۇدۇ. ئىبرەتلىك تارىخ پاراسەتلىك تۆرەلمىگە ھامىلدار. مەن، تۆنۆگۈن ئارقىلىق ئەتىگە يول ئاچماقچى. ئەجدات تارىخىغا مېھنەت سىڭدۈرۈش بەدىلىگە ئەۋلات ئىستىقباللىنى پەرۋىش قىلماقچى.

---- مۇشۇ ئارقىلىق قالتىس بالا( پەرزەنت) تاپاي دەپسىلە-دە.

---- قالتىس بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما، بىر نەرسىگە ئىشىنىمەن: ئەجدادىنى توغرا تونۇيالىغان ئادەم ئەۋلادىنىڭ سىماھسىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ.

www.kitaphumar.com

---- ھەي-ي-ي!... يەنە چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپلەر چىققىلى تۇردى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتسام، مېنىڭ تارىخ- پارىخ دېگەن بىلەن خۇشام يوق. كۆڭۈل بۆلۈدىغىنىم، تاپماقچى بولغان بالىلىرىم كاتتا ئادەملەردىن بولسا، دەيمەن... ھە راست، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرىلى. ھېلى مېنى سىلىگە باشقا بىر ئادەم قىلىپ كۆرسەتكىنى سىلى ياسىغان مۇشۇ دورىنىڭ كۈچىمۇ زادى؟

----- ياق. ئالدىن پەرەز قىلغىنىمدەك، بۇ دورا كۆز ئالدىمىزدىكى ئادەمنى خاتا كۆرسىتىپ قويمايدىكەن. تۈنجى قېتىم سىناق قىلىشىم بولغاچقا، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئوخشايمەن. ئۇلۇغ بوۋام مەشھۇرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇ ھەقتە يېزىلغان « مەشھۇرى» ناملىق ئەسەرنى ۋە بۇنى سەممىيلىك بىلەن يېزىپ چىققان ئاپتورنى ئەسلەپ كېتىپتىمەن. زىيادە ھاياجان مېنى خىيال بىلەن چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجايىپ بىر رېئاللىققا غەرق قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، سىزنىڭغان ئادىمىنى---- « مەشھۇرى» نىڭ ئاپتورىنى سىلىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن.

----- ھە، ئېيتماقچى، ---- ئەگىپ- ئەگىپ، گەپنى يەنە ئۆز قىزىقىشىم تەرەپكە يۆتكىدىم مەن.،---- مەن ئوقۇغان ماتېرىياللاردا مەشھۇرىنىڭ سەللىسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچنىمە دېيىلمەپتۇ. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇدىغان شۇ سەللىسىنى قويۇپ كېتىپتۇۋۇلارمىدى يا بولمىسا ئۇ ئالەمگە ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەن بولغىيمىدى؟ ماۋۇ دوراڭلىنى ئىچكەندىن كېيىن كۆرگىلى بولدىمۇ ئۇنى؟

---- دىققىتىڭلا سەللىدىن نېرى كەتمىدى- ھە؟ ---- خۇرسىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە بىر تەلەپپۇزدا جاۋاپ بەردى خۇدابەردى شۈكۈر ئوغلى مەشھۇرى، چىرايىدىكى ئۆڭۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈسنى يوقۇتۇشقا تىرىشىپ، ----- راستىنى دېسەم، بۇ تەرىپى ھازىرغىچە ماڭمۇ سىر. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەپ، ئۇلۇغ بوۋام مەشھۇرىنىڭ تازا مۇھىم قىسمەتلىرىنى كۆرۈۋاتسام سىلى كىرىپ قالدىڭلا. دىققىتىم چېچىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ دورىنى سىناپ باقمىغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، سىلىنىڭ سەللە ھەققىدىكى سوئالىڭلىغا جاۋاپ بېرىشىم تەس. لېكىن، بىر نەرسە ئېنىق، مەشھۇرىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ سەللە غەۋغاسىدا ئەسىر- ئەسىرلەپ جاڭجاللىشىپ ئۆتكىنى راست. مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ جىددىلى تېخى مەھەللىمىزدىمۇ تۈگىمەپتۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلۇغ بوۋام مەشھۇرى ئۇ ئالەمگە ماڭار ۋاقتىدا سەللىسىنى قويۇپ كەتكەنمىدىكىن دەيمەن.

---- توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن! ---- ئۇنىڭ پەرىزىگە ۋارقىراپ دېگۈدەك ئاۋاز قوشتۇم مەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇنى قويۇپ كەتكەن بولسىكەن دېگەنىنلا ئويلاپ يۈرەتتىم، ---- نىمىشقا دېسەڭلا، مەھەللىمىزدە ھازىرغىچە بولۇۋاتقان جىدەللەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سەللىگە

www.kitaphumar.com

مۇناسىۋەتلىك. تېخى تونۇغۇنلا ئۈچ ئادەم بىر بولۇپ، دادىسىغا قارىلىق تۇتۇپ سەللە يۆگىۋالغان بىرسىگە پىچاق تىقىۋەتتى....

----- ياپىرىمەي!.......... ئىختىيارسىز ھالدا پىشانىسىگە ۋاققىدە بىرنى ئۇرۇۋەتتى ئۇ، - --- مەشھۇرى دېگەن سۆزنى فاملە قىلىۋالغىنىم توغرا بولغانىكەن. بەك توغرا بوپتۇ.... ھەربىر ئادەم بۇ دورا ئارقىلىق ئاتا - بوۋىلىرىنى... مۇشۇنچىلىك چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىسە...ۋاھ! بۈگۈن مەن بەك خوش. كېلىڭلا ئاداش، ئاتا - بوۋىلىرىڭلا زادى قانداقراق ئادەم، سىلىمۇ بىر سىناپ كۆرۈپ بېقىڭلا.

----- ياق، ياق. دېدىمغۇ، مەن تارىخقا ئۆچ. ئۆتمۈشكە دائىر ئىشلارنى زادىلا بىلگۈم يوق. بوۋىمىزنىڭ كىم ۋە نىمە بولۇشى بىلەن نىمە چاتىقىمىز... تاپماقچى بولغان باللىرىمىزنىڭ، بولسا نەۋرىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان دورا بولسىدى......... كىچىك قۇتىدىكى دورىنى ئېلىپلا ئېغىزىمغا قۇيۇۋاتىدىغاندەك، چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم مەن.

---- بوپتۇ. ئۇنداقتا، سىلى ئوقۇغان مەشھۇرىنى بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى، ---- دېدى ئۇ، مېنى سىناۋاتقاندەك بىر نەزەردە، ---- سەللىگە ئائىت ئۇچۇرلار چىقىپ قالامدۇ تېخى.

----- ھە، ھىم... ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئەمسە. لېكىن، ئاداش، بۇ دورا بىلەن باشقا خەقلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولامدۇ؟

---- بولىدۇ. دورىنى ئىككىلىمىز تەڭ ئىچىمىز. ساناقنى مەن سانايمەن، سىلى بەدىنىڭلىنى مېنىڭ بەدىنىمگە تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇسلە. قولۇمنى تۇتۇپ يۇرساڭلىمۇ بولىدۇ.ھە، باشلىدۇق ئەمسە. ماۋۇ دورىدىن بىرتېمىم يۇتۇڭلا....

بىز ھېمىشە ئىچىدىغان ئاق ھاراقتەك ئاچچىق بولمىسىمۇ، لېكىن، قىرتاق ۋە قاڭسىق پۇرايدىغان بىر تېمىم سۇيۇقلۇق گېلىمنى بىلىنەر - بىلىنمەس نەمدەپ ئۆتتى. ئارىدىن بىر نەچچە دەقىقە ئۆتەر - ئۆتمەيلا دورا كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. پۈتۈن دىققىتىم كۆزۈمگىلا مەركەزلەشكەندەك بولدى. كۆرۈۋاتىمەنمىكىن دېسەم، قەلبىمدە سېزىۋاتقاندەك، چۈش كۆرۈۋاتىمەنمىكىن دېسەم، كۆز ئالدىمدىلا كۆرۈنىۋاتقان چىرايلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. قەلبىممۇ، كۆزۈممۇ تەڭ كۆرۈۋاتاتتى. باشقىچە ئېيتسام، كۆزۈم قەلبىمگە كۆچكەندەك ياكى قەلبىم كۆزۈمگە تۇتۇشۇپ كەتكەندەك ئىدى....

----- ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، ئاقساقال!

چۆچۈپ قولۇقىمنى تۇتۇپ قويدۇم. كۆرۈنىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ گېپىمۇ ئاڭلىنار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. خۇدابەردىنىڭ قايسى سانىنى سانىغىنىغا ئانچە دىققەت قىلالماپتىمەن. ئەمما، مەن كۆرۈۋاتقان بۇ ئادەم تونۇشتەكلا قىلاتتى.

----- ۋائەلەيكوم ئەسسالام، مەخپىر خوجا جاناپلىرى!

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ھە، مەشھۇرى شۇ ئىكەندە، دەپ ئويلۇدۇم مەن شۇئان ۋە ئۆزۈمنى تونۇتالماي :

--- نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ، خۇدابەردى. كارامىتىڭلا بارىكەن جۇمۇ، --- دەۋەتتىم.

--- مەنمۇ ئاڭلاۋاتىمەن. ئەنە ئاۋۇ « ۋائەلەيكوم ئەسسالام! » دەپ جاۋاپ قايتۇرغان ساقاللىق ئادەم مۇشۇ مەھەللىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىمامى ئىكەن. ماتېرىياللاردىن ئوقۇغانلىرىم ئەينەن كۆرۈنىۋاتىدۇ.

مەن ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىمچە كۆز ئالدىمدىكى كۆرۈنىشلەرگە قاراپ قالدىم. ھاياجانلانغىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى خۇدابەردىگە قايىل بولۇپمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تىخىمۇ بەكراق ئېسىلدىم.

---- سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىشىمدە ، تەقسىر، ---- « مەشھۇرى » نامىلىق ئەسەردە تەسۋىرلەنگەندەك، كۈلۈپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى مەغپىر خوجا، ---- ئەجەل- پەيمانىمىزنىڭ مۆھلەت تىزگىنى ئاللانىڭ ئىلكىدەدۇر....

---- خوش...

--- دېمەكچىمەن، ۋاقىت- سائىتى يېتىپ، باقىيغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇنراق يول ئېلىپ قالغۇدەك بولسام، مۇنۇ سەللەم سىلىگە نۇمۇنە.

--- رەھمەت. مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ھەزرىتىم!

--- بىرلا تىلىكىم، شۇ چاغدا سۆيۈمگە سىلى كىرىپ، مېنى ئۆز قوللىرى بىلەن كېپەنلىگەيلا.

---- بېشىم بىلەن، تەخسىر!

مەشھۇرىنىڭ سەللىسى مۇشۇ ئىمامغا يادىكار قالغانمۇ نىمە، دەپ ئويلاپ بولغۇچە، يەنە بىر كۆرۈنۈشكە كۆزۈم چۈشتى.

--- ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مەزىن جاناپلىرى!

لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر قىشتا، غېرىبانە ئۆيگە شۇڭداق دەپ سالام قىلىپ كىردى مەخپىر خوجا كۈلگەن پېتىچە.

--- ۋائەلەيكوم ئەسسالام، ھەزرىتىم!

بۇ يەردىمۇ گەپ يەنىلا سەللە ھەققىدە بولۇندى. مەغپىر خوجا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سەللىسى مەزىنگە قالدىغان، مەزىن ئۇنىڭ ئۆلۈم نامىزىدا ئۇن سېلىپ يىغلايدىغان بولۇپ كېلىشتى.

لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇدىغان سەللىسىنى بېشىغا مەھكەم ئورىۋالغان مەغپىر خوجا، سان- ساناقسىز كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ، مۇشۇ

www.kitaphumar.com

خاسيەتلىك سەللىنى ئۇلارغا نۇمۇنە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇلارغا ئايرىم- ئايرىم ۋەدە بەردى. ئۇلار قىن- قىنىغا سىغماي قېلىشتى. تېخى قولىغا چۈشمىگەن بۇ سەللىنى، ئۆزلىرى قازالاپ كەتسە كىمگە يادىكار قىلىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇشۇپ، ئىلىشىپ قالاي دېدى. بەزىلەر ھەتتا، سەللىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان يېقىن- يۇرۇقلىرىغا دىل سۆزىنى يەتكۈزۈپمۇ ئۈلگۈردى. ...

----- كۆرۈۋاتامسىلە، خۇدابەرداخۇن؟ ---- ئۇن- تىنسىز ئولتۇرغان خۇدابەردىنى نۇقۇلاپ قويدۇم مەن.

----- ۋاي كۆرمەمدىغان. مانا ھازىر سەللە جېدىلى كۆرۈنىۋاتىدۇ.

----- راست، مەنمۇ شۇنى كۆرۈۋاتىمەن.

سەللە قېنى؟

سەللە نەدە؟

سەللە مېنىڭ!....

جېدەل ئەۋجىگە چىقتى. يۇرەكلەرگە تەگلەنگەن خەنجەرلەر. يول- يوللاردا يېيىلىپ ياتقان قانلار....

بۇ كۆرۈنىشلەر تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ، ئۇزاقتىن- ئۇزاق داۋاملىشاتتى. مەغپىر خوجا بولسا، جېدەل قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ توختىماي كۈلەتتى....

ئەسىر- ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى. مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق مەشھۇرنىڭ خاسىيەتلىك سەللىسى مۇخلىسلار قەلبىنى تېنىمسىز دەيدەيگە سالاتتى.

---- مەن ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغاندىكىن، سەللە ئەلۋەتتە مېنىڭ بولىدۇ!

---- پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپسەن. سەللىنى ئۇ ماڭا يادىكار قىلغان!

---- شۇ سەللە نەدە زادى؟

---- ئېيتە، ھەي نەفسى بالا، ئىچىدە تۈگكۈز قاترايدىغان پوق ساقال، نەگە تىقىپ قويدۇڭ شۇ سەللىنى؟!

خۇدابەردىگە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم. ئۇ، بوشلۇقتىكى قانداقتۇر بىر نۇقتىغا مىت قىلماي قاراپ ئولتۇرغىنى بىلەن، قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەندى. ئېزىقلىرى بولسا توختىماي كاراسلايتتى.

نىمانداق ئۇزاق جېدەل، نىمە دېگەن شەرمەندە ئىلىشىشلار بۇ؟!

مېڭەم چىڭقىلىپ كەتتى. ئۆگە- ئۆگىلىرىمگە ئاغرىق ياماشتى. ئايىقى چىقماس دەتالاشلار مېنى ھاردۇرۇپ قويغانىدى. بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىۋاستە كۆرۈپ، ئاۋازلارنى ئەينەن ئاڭلاۋاتقىنىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ كۆرۈنىشلەرنىڭ مەن سەسكىنىدىغان تارىختىن

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارىخ دېگەنگە ئۈچ ئەمەسمۇ مەن! بىر نەرسىنى تالىشىپ ئۇرۇش بولىدى دەۋاتقان، ئۇ بۇنى قىرغان، بۇ ئۇنى يوقاتقان. قارىسا ھەممىسلا ئوخشاش گەپلەر...

پىيالىدىكى تاۋلانغان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋالدىم. تەشنالىقىم سەل بېسىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن، ھاردۇقىم چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. بىز تەرەپكە قىستاپ كېلىۋاتقان ئالامان مېنى تېخىمۇ ھاردۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈش ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، « سەللە قېنى؟ » ، «سەللىنى قەيەرگە يوشۇرۇشتۇڭ؟ » دەپ، بىزگىمۇ پىچاق تەڭلەپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى.

شۇ ئارىدا ، يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. كۆڭلۈمدە بىر ـ ئىككى قېتىم تېلېفونلاشمىساق چىداشمايدىغان قىز دوستۇم بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىۋالدىم. بىر ھېساپتا، مۇشۇنداق ۋاقىتتا تېلېفون كەلگىنى بەك ئوبدان بولدى. ھەممە نەرسە چەت ئەلدىلا بولمايدۇ، بىزدىمۇ بار. چەتتە ئوقۇپ كەلگەن كىشلەردىن قېلىشقىچىلىكىمىز يوق بىزنىڭ!

ئۆزۈمنى كۆز ـ كۆز قىلىمەن دەپ بەك ئۇزاق سۆزلەشكەن ئوخشايمەن. بىر چاغدا قارىسام، ئوخشىمايدىغانلا كۆرۈنۈش.

---- باشقا بىر سانىنى سانىۋەتتىڭلىما؟ ---- دېدىم مەن، ئاۋازىمنى ئەركىن چىقىرىشقا تىرىشىپ.

--- ھە ـ ئە، چوڭ دادامغا توغرىلاپ ساندىم.

..... بىر ئىشەك، سەللىلىك بىر ئادەمنى ئېلىپ ئاستا يورغىلاپ كېلەتتى. ئىشەك ئۈستىدىكى كەكە ساقال ئادەم، ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىدىغاندەك ياكى تۇيۇقسىز بىرەرسى پەيدا بولۇپ، بېشىدىكى كىر تۈتۈپ كەتكەن سەللىسىگە « كاپ » قىلىپ ئېسىلىدىغاندەك، ئەتراپىغا شۈبھىلىك قارايتتى. ئۆزىگىمۇ تازا ئىنىق بولمىغان ئاللىقانداق بىر گۇمان بىلەن ھەريانغا باقاتتى. ھېلىلا چىڭىتىۋالغان سەللىسى يەنە بوشاپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى ھازىرلا « پۇر » قىلىپ بېشىدىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تۇتۇپ قوياتتى. سىيلايتتى، باساتتى...

«مەغپىر بوۋامنىڭ شۇ سەللىسىنى بىر تېپىۋالغان بولسام ـ ھە!.... نەدىدۇ. زادى نەگە كەتكەندۇ شۇ سەللە؟!....» ئۇنىڭ قولىلا ئەمەس، خىيالىمۇ سەللىدە ئىدى.

ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانىنى ئاز دەپ، ئۇنىڭ خىيالىنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ماڭا مۇشۇنداق كارامەت كۆرسەتكەن خۇدابەردى شۇكۇر ئوغلى مەشھۇرىنى دۇنيادا كام ئۇچرايدىغان سۆزلەر بىلەن ماختىغۇم كېلەتتى ـ يۇ، يەنە نىمىشقىدۇر، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى

www.kitaphumar.com

ئېغىزىمدىن چىقارغۇم كەلمەيتتى. ئېغىزىمنى مىدىرلىتاتتىم، ئۆمەللەيتتىم...يەنە چىقىرالمايتتىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى چاقماق تېزلىكىدە بىلىپ يەتتىمكى، بۇ، مەندىكى سەھۋەنلىك ئەمەس، بەلكى مەھەللىمىزنىڭ ئادىتى ئىكەن. ھە-ئە، مەھەلىمىزنىڭ سەھۋەنلىكى ئىكەن. شۇ تاپتا يەنە بىر ئىشمۇ ئېسىمگە كەلدىكى، دۆڭگەشمۇ مەھەللىمىزنىڭ ئادىتى. مەن ئۆزۈمچە بۇنداق ئادەتلەرگە ئۆچ، خۇددى تارىخقا ئۆچ بولغاندەك. ....

---- ئېشەككە مىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگەندەك قىلىمەنا، خۇدابەرداخۇن؟ ---- تىلىمنىڭ ئۇچىدىكى مەدھىيە سۆزلىرىنى نەگىدۇر تۈزۈتىۋېتىپ، كۆرۈۋاتقىنىم ھەققىدە ناھايىتى تېزلا ئېغىز ئاچتىم مەن.

---- ھە-ئە، چوڭ دادامنىڭ خىيالىدىكىنى مەنمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئېسى-يادى مەغپىر بوۋامنىڭ سەللىسىدە قاپتۇ. ---- ئۇ، ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قارىۋېتىپ، ئەلىدىكى نۇقتىغا قادالدى، ---- تۇۋا.... دورىنىڭ بۇنچىلىك ئۈنۈمى بولارىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. راست، بەك قالتىس ئىش بولدى. چوڭ دادامنىڭ سەللە كويىدا يۈرگىنىنى، سىلى دېگەندەك،ئۇنىڭ ئوي-خىيالىنىمۇ...بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن مانا.

---- راست نىمە دەپ ئات قويدىڭلا بۇ دورىغا؟ --- ئېشەكنىڭ بېقىنلىرىغا دېۋىتىپ كېلىۋاتقان كەكە ساقال ئادەمدىن كۆزىمنى ئۈزمەي تۇرۇپ، شۇنداق سورۇدۇم مەن خۇدابەردى شۈكۈر ئوغلى مەشھۇرىدىن.

--- ئات؟ ھە، دورىغا دەمسىلە، ----- مەڭدەۋاتقاندەك جاۋاپ بەردى ئۇ، --- تېخى ئات قويمۇدۇم.

--- بۇ بولماپتۇ. بۇنداق ئوبدان، ... كارامەت نەرسىنىڭ ئېتى بولمىسا قانداق بولۇدۇ، --- -- تامىقىمنى قايتا-قايتا چاكىلدىتىپ ۋە قىرىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردۇم مەن، ---- ھازىرلا ئات قويۇۋېتەيلى. گۈزەل، ئېسىل ئىسىم بولسۇن. يازغۇچى بولغاندىكىن ( ئۆزۈمنى مۇشۇنداق ئاتاشقا ئامراق ئىدىم) ئىسمىنى مەن قويۇپ بېرەي بولمىسا. بۇ، ئىككىمىزنىڭ ئورتاق تۆھپىسى بولۇپ قالسۇن. دورىنىڭ ئىسمىنى مەشھۇرى ھاشىم، ياكى بولمايدۇ شەربىتى ھاشىم قويساق قانداق؟ بۇنداقتا، دورىنى ئىجات قىلغۇچىنىڭمۇ ، ئېتىنى قويغۇچىنىڭمۇ نامى ئوخشاشلا بىلىنىپ تۇرۇدىغان بولۇدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك پاساھەتلىك ئىسملار بۇ.

---- ياق. دورىنىڭ ئىسمىنى كېيىن قويۇمەن. ... ئۇنى ھەممە تەرەپتىن سىناپ بولغاندىن كېيىن قويۇمەن. لېكىن، جەزمەن ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇدۇ. شەربىتى، شىپائىي... دېگەندەك ئىسملارنى ھەرگىز يېقىن يولاتمايمەن.

--- ئۇنداقتا، بۇ...

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

مەن پەقەت شۇنداقلا دېيەلىدىم. خۇدابەردى شۇكۇر ئوغلى مەشھۇرى تىلىمنى ئۆمەللەپ، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قالغىنىمنى كۆرمىدىمۇ ياكى قەستەن كۆرمەسكە سالدىمۇ ( بەلكىم كۆرمىدىغۇ دەيمەن. شۇنداق بولغاي ئىلاھىم)، ئۆزى تىكىلىپ تۇرغان بايىقى نۇقتىغا مىت قىلماي قاراپ ئولتۇراتتى. يېنىدا مېنىڭ بارلىقىمنى بىلمەيدىغاندەك، ھېلىلا دېگەن گەپلىرىمنى زادىلا ئاڭلىمىغاندەك ( ئېھتىمال ئاڭلىغاندۇ. ئاڭلىسا نىمە بوپتۇ؟!) قىلاتتى.

يېگى بىر ئىختىراغا شېرىك بولالمايدىغىنىم سەۋەپلىك، خىيالىم چېچىلىپ تۇرسىمۇ، نىمشقىكىن خۇدابەردىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەيتىمەن. كەشپىيات مېۋىسىدىن بىر ئۇنىڭلا ئوڭچە ھوزۇرلىنىشىنى خالىمىغاندىمەن، بەلكىم.

بوز ئېشەككە مىنىپ كېلىۋاتقان سەللىلىك ئادەمنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتسامۇ، خۇدابەردى مەندىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك، مەن كۆرەلمىگەن بىر قىسىم يەرلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك ... بىلىنەتتى. مۇمكىن بولسا، كۆزۈم خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە ئايلىنىپ قالسا، سېزىلمەس ۋە كۆرۈنمەس بىر ھالەتتە ئۇنىڭ پوستىغا كىرەلىسەم...

مەن ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتۇم. سەللىلىك ئادەم ئېشەكنى بارغانسېرى تېز چاپتۇرۇپ كېلەتتى.

..... « خىت چۇ، چۇ!...قوتۇر!...»

تارىسلداپ تېگىۋاتقان كۆك تاياق، ئۆلەر تىرىلىشىگە قارىماي چېپىپ كېلىۋاتقان ئېشەكنى يەنىمۇ ئىتتىك چېپىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كەرىلىپ، تىلى ساڭگىلاشقا باشلىغان ئېشەك ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بېقىنلىرىغا تاپانداپ- تېپىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ھېچ رازى بولۇدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇمۇ ئېشەك بىلەن تەڭ تەرلەيتتى، ھاسرايتتى....

« ئەستاغپۇرۇللا!...خىت چۇ دەيمەن، تاپ گۇيىنىڭ ئېشىكى.... ھارام يەيدىغان ئۆلەرمەن!...»

مانا ئەمدى قىقاس- چوقانلار ئېنىق ئاڭلاندى. ئېشەكلىك ئادەمنىڭ نىمە سەۋەپتىن قاچقىنىمۇ ئايان بولدى.

---- توختا ھەي، نائەھلى! رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان سەللە داداڭنىڭ ئۆيىدىكەن. تاپالىساڭ، ئۇنى ساڭابېرەي، دېدىڭ. دادامنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، تۈپ- تۈز قىلىۋەتسەممۇ سەللە تېپىلمىدى. مېنى گوللاپ، سەللىگە ئۇزۇڭ ئېگە بولماقچى بوپسەن. مەغپىر خوجا سېنىڭ ئەجدادىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا سەللە سېنىڭ بولامدۇ؟ سەللىنى ئۆزۈڭ تىقىۋاپسەن. بەلكىم، بېشىڭدىكى سەللە شۇدۇر. ئۇنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، قاسماق سىياق بىر سەللىگە ئوخشىتىپ

www.kitaphumar.com

قويغانسەن. سېنىڭ قولۇڭدىن ھەربالا كېلىدۇ. لېكىن، سەندىن دەردىمنى ئالماي قويمايمەن. تۇختا، ئوغرى. يا سەللىنى بەر، يا بۇزۇلغان ئۆينى ئوڭشا!....

---- قاچما، جادىگەر! قىڭغىيىپ قالغان مەسچىتتە ناماز ئوقۇسا ساۋاپ. مەسچىتتىن ساۋاپ تاپساق، رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان سەللىنى تاپماي قويمايمىز، دەپ مەسچىتنى يېڭىلاپ سالغىلى قويماي، مەھەللىدىكى ئەر زاتىنىڭ بارىنى تام ئاستىغا-- ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىڭ. بۇنىڭغا تېخى مەسچىت تېمى بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم شېھىت بولۇدۇ، دېگەن پەتىۋانى چىقاردىڭ. جەننەتكە كىرگەن ئادەم بىز ئىزدەپ يۈرگەن سەللىگە جەبرى- جاپاسىزلا ئېرىشىدۇ، دېگەن يېرىڭمۇ بار. ئىمامىمىز، دەپ يۈرسەك، بىزنى ئەخمەق قىپسەن. ئېرىمنى تېپىپ بەر، ئوغرى!

--- دادامنى تۆلەپ بەر!

--- ئاكامنى تېپىپ بەر!

--- ھەي ساختىپەز ئالۋاستى، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئىبلىس! ---- بۇ، قىقاس- چۇقانلار ئارىسىدىن ئۈنلۈكراق چىققان تۇنجى ئەرنىڭ ئاۋازى ئىدى، ----- مېنى داغدا قويۇپ، ئەمدى نەگە قاچاي دەيسەن؟ مەھەللىگە كېلىپلا مەن بىلەن ئاغىنە بولدۇڭ. قارا تۇرۇك بولغىنىم ئۈچۈن ئىلىمىڭگە ئىشەندىم. رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان سەللە ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، مېنى ئايلاندۇردۇڭ. ئۇنى تاپساق تەڭ مەنپەئەت ئاللى. مېنىڭ ئىككى كۆزلىكىم قالدى. مەندىن قالسا سېلىگە قالسۇن، دېدىڭ. بېرىپ- بېرىپ، خوتۇنلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلە بىز تاپماقچى بولغان سەللىنىڭ دۈشمىنىكەن. كىتاپ كۆرسەم شۇنداق چىقىپ قالدى. سەللىنىڭ دۈشمىنى سىلىگىمۇ دۈشمەن. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، دەپتىكەن. سەللىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن بالا دېگەننى تېپىۋالامدىلا، دېدىڭ. نەشە چېكىپ كىرگەن بىركۈنى خوتۇنىمنى بولۇشغا ئۇرۇپتىمەن. خوتۇنىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. ئەمدى ئاڭلىسام، سەن يۇقارقى مەھەللىدىمۇ شۇنداق دەپ، نۇرغۇن خوتۇننى بويىدىن ئاجراتقانىكەنسەن. ئۇ يەردە ئېتىڭ مۇھەممەت ئىكەندۇق. بۇ يەرگە كېلىپ، ئېلى ئىمام ، دېدىڭ. ئېيتە، بىزنى ئالداپ، ئەر ئەدىبايىنى يوق قىلىپ، مەھەللىنى سەللىسىزلەر باسسۇن دېدىڭمۇ. سەللىلىكلەر يوق بولسا، رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان سەللە مېنىڭ بولىدۇ، دېدىڭمۇ. ئۇخلاپ چۈشۈڭ. سەللە مېنىڭ. بېشىڭدىكى سەللىنى تارتىۋالماي قويمايمەن!

--- يا ھەزرەت. مەھەللىمىزدە بىر ئەر بولسىمۇ ھايات قاپتۇ. ئەمدى ھېچ بولمىسا سەللە جىدىلى تۈگەر. لېكىن، ...لېكىن، خالايىق، ئۇ ئىبلىس كېتەر چېغىدا مۇنۇ ئەركەككە : سەللىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى خوتۇۇن خەقنىڭ ماتكىسى دەپتۇ.

--- بۇ ن نىمە دېگىنى؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.kitaphumar.com

--- بالا تۇغۇدىغان بارلىق خوتۇن خەقلەرنىمۇ يوق قىل دېگىنى.

--- ئۇخلاپ چۈشى. قات- قات ئىشتان كېيىۋالايلى. يامنى كەلسە، ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمىزنىڭ ئورنىغا سەللىنى بىز يۆگەيمىز.

---- شۇنداق. بىزگىمۇ يارىشىدۇ سەللە.

---- پوقنى سوۋۇتماي يېيىشىپسەن!--- ئاقساپ كېلىۋاتقىنىغا باقماي، گولدۇرمامىدەك ۋارقىرىدى ھېلىقى ۋىجىك ئەر، --- مەھەللىدە مەن بىرلا ئەر قاپتىمەن. سەللىنى ئوچچە يۆگەرمەن دەۋاتسام، سەنلەر نىمە دەپ چەن سوقۇشۇۋاتىسەن؟! ھەرقايسىڭ خىيالنى خام ئەيلەشمە، سەللە مېنىڭ!

--- ئېرىم ناھەق كەتتى، سەللە مېنىڭ!

--- مېنىڭ!

كالتەك- چوماق، ئارا- ئاسقاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ قوغلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بىردىنلا توختاپ، ئەر- ئايال تائىپىسى بويۇچە( ئەرلەر يوق ھېسابىدا بولسىمۇ) ئايرىلدى. ئېنىقكى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا « مەن » ۋە « سەن » دېگەن تائىپىگە بۆلۈنەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشى مۇمكىن ئەمەسىدى.

« شۈكرى!....»

شۇنداق دېگىنىچە ئىغىر- ئىغىر نەپەس ئالدى سەللىلىك ئادەم ۋە ھاسىراپ كېتىۋاتقان ئېشىكىنى ئۇرۇشتىن توختىدى. ئۇ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇن- سۈرەننىڭ بىردىنلا ئۆزارا جېدەل- ماجىراغا ئايلىنىپ كەتكىنىنى ھېس قىلغانىدى. ئىلگىرىغۇ تالاي قېتىم شۇنداق بولغان. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىپتۇ؟

«خىخ، ئېشىكىم!...» ئۇ، چېپىشتىن يورغىلاشقا ئۆتكەن ئېشىكىنى مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئەركىلىتىپ قويدى. ئەمدىكى ئېشەك، ئۇنىڭ مۈكىدىشى ئىدى.

«نىمىشقا مەھەللىمۇ- مەھەللە چېپىپ يۈرۈيمىز؟ دەيدىغانسەن- ھە، ئېشىكىم؟ ---- بىر خىلدا كېتىۋاتقان ئېشەككە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، داۋاملاشتۇردى ئۇ، ---- جاۋاپ ئاددىي: سەللە ئۈچۈن. سەن بىلمەيسەن، سەللە بەك مۇھىم نەرسە، جانىۋار. شۇ نەرسە بولسا، ھەممىنى قىلالايسەن، ھەممە نەرسە سېنىڭ بولىدۇ. ئىقلىمنىڭ خوجىسى بولغان ئاپپاق خوجا ھەزرەتنى بىلەمسەن؟ ھە، ئۇ ۋاقىتتا سەن تېخى تۇغۇلمىغان، بىلمەيسەن. مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇزات خۇسۇسىدا ئاڭلىغانمەن. ئۇنىڭمۇ سەللىسى بولغانىكەن. ئۇنىڭ سەللىسىنى تۇرلۇك- تۈمەن رەڭگە ئۆزگىرەتتى دېيىشىدۇ. بىر تۇرۇپ، ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ شۇ خاسىيەتلىك سەللىسىنى ئۇلۇغ بوۋام مەغپىر خوجا ھەزرەتكە نۇمۇنە بولۇپ قالغانمىدىكىن دەيمەن. بوۋامدىن ئاپپاق خوجىغا قالغان بولغىيمىدى- يا؟ ھەي، كىمدىن- كىمگە قالسا ئوخشاشقۇ. لېكىن، شۇ سەللە ھازىر قېنى؟

www.kitaphumar.com

گەپنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدا، جانىۋار. كۆردۈڭغۇ، رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان مۇشۇ سەللەم بولغىنى ئۈچۈن، قايسى مەھەللىگە بارسام جامائەت ماڭا ئىشەندى. ئادەتتىكىچە بولسىمۇ بىرەر سەللىگە ئېگە بولۇپ قالارمىزمىكىن دەپ، ماڭا قىلمىغان خوشامىتى قالمىدى. نان بەردى. قىز بەردى. ئاقچا بەردى. ھەتتا، خوتۇنلىرىنىمۇ بەردى. .... ئاخىرىدا، سىزنىڭمىدىن چىقماس بولۇپ، بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشىمنى بەجا كەلتۈردى. ئۇلار سەللىگە خۇمار بولۇپ، ئۇڭۇدىمۇ سەللە چۈشەيدىغان ھالغا يەتكەندە، تېخى تېپىلمىغان سەللىنى مەندىن قىزغانغۇدەك بولدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە سالدىم. شۇنداق قىلمىسام سەللىنىڭ قەدرى بولامدۇ؟ قەدرى يوق سەللىنى تاپقانلىق قىممىتى بولامدۇ؟ چۈشەنگەنسەن، مۇشۇ كويدا مەھەللىمۇ ـ مەھەللە قاتراپ يۈرۈمىز جانىۋار. سەللە ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. قىلمىغان ئىشلىرىمىزمۇ ئاز.... لېكىن، جانىۋار، ھەممە يەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئاختۇرۇپ، بىزنىڭ ئۆيىنى پەقەت بىر قېتىم ئاقتۇرغاندەك تۇرۇمىز. ھە ـ ئە، شۇنداق قىپتۇق. بىر قېتىم ئاقتۇرۇپ قويغانغا چىقىدىغان سەللىمىدى ئۇ؟ يەنە ئاقتۇرايلى. يېنىش ـ يېنىشلاپ ئاقتۇرايلى. ئۇنى چوقۇم تاپىمەن. بېشىمدىكى مۇشۇ سەللەمگە تايىنىپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان ئاشۇ خاسىيەتلىك سەللىنى تاپماي قويمايمەن. ئەمدى نۆۋەت ئۆز ئۆيۈمگە!....»

ـــــ ئۆز ئۆيۈمگە؟! ــــ چۈچۈپ ۋارقىرىۋەتتى خۇدابەردى، ـــــ دادامدىن ئاڭلىغىنىم راست ئوخشامدۇ. ... راست ئىكەن ـ دە!

ــــ چوڭ داداڭلىنىڭ ئېتى نىمە بولىدى شۇنداقتا؟ ــــ ئۇ گەپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئېغىز ئاچتىم مەن. بايا ئۇنى خاپا قىلىپ قويدۇممىكىن، دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇراتتىم.

ــــ مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ مېنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىش ئىدى. باياتىن بېرى كۆرگەنلىرىم بۇ سىرنى يېشىۋەتتى، ــــ ئۇ بىكارلىنىپ قالغان پىيالىلەرگە چاي لىقلاپ قويۇپ، سەسكەنگەندەك بىر ھالەتتە داۋام قىلدى، ـــــ چوڭ دادامنىڭ دادام بىلىدىغان ئىسمىدىن ئالتە ـ يەتتىسى بارىكەن. دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدا دەپ بېرىشىچە، چوڭ دادامنىڭ دادىسى ئەزان قىچقىرىپ قوويغان ئىسمى ئېبرەتخوجا ئىكەن. ئېھتىمال، ئۇلۇغ بوۋام مەغپىر خوجىدىن ئىبرەت ئالىلى دەپ قويغان بولغىيدى. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋاپتۇ. كېيىنكى مۇقىم ئىسمىنى دادامۇ بىلمەيدىكەن. خەقتىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئىسمىنى كۈندە بىر ئۆزگەرتىپ تۇرغانىكەن. بەزىلەرنىڭ گېپىچە، ئەتىگىنى بىر خىل، چۈشتىن كېيىن يەنە بىرخىل ئىسىم قوللانغان دېيىشىدۇ. ئاڭلىسام، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، قويۇۋالغان ئىسمى ھەددى ـ ھېساپسىز كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئىسمىنىڭ زادى نىمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەس بولۇپ قالغانىمىش.

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

---- تۇۋا قىلدىم....

مەن بۇ قېتىم چىن دىلىمدىن ياقامنى تۇتتۇم. مەن سەسكىنىدىغان تارىخنىڭ تېخىمۇ غەلىتە يېرى مانا ئەمدى كۆرۈنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

« راست، ئۆيىنى تۇزۇك ئاقتۇرماپتىمىز، ئېشىكىم. » ئۇ، ئېشىكىنى سۆز بىلەن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، تاياق بىلەن قاتتىق بىرنى سالدى. « خىت! ئېزىراق، ئېزىراق!....»

نەپسى ئارامغا چۈشكەن ئېشەك يېڭىباشتىن چېپىشقا باشلىدى. چىغىر يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئارىلاپ- ئارىلاپ كۆرۈنىدىغان شالاڭ يېشىللىقلار، ئاچ قورساق ئېشەككە سۇۋۇارلا قېنىق ۋە يېقىملىق يېشىللىق بولۇپ كۆرۈنەتتى.

« ھەي ئېسىت، ھەي ئېسىت! نىمىشقىمۇ ئويلىمىغاندىمەن. چىراقپاي تۇۋۇى قاراڭغۇ دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمىدى بىزدە. يەنە كېلىپ، چوڭ ئوغلۇم دېگەن گۇيىنىڭ بىر چاغدا: ‹رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان سەللىنى تېپىۋالسام ماڭا بېرەمسىز ›دېگەن گېپىمۇ ئېسىمگە كەلمەپتا. ئالىمادىس، شۇ ئىنساپسىز گۇي تېپىۋالغان بولسىچۇ؟ ھەي!.... شۇنىڭدا بىر گەپ بار. چوقۇم!....»

ئېشەك ئۇچقاندەك چاپاتتى. سەللىلىك ئادەم ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى غاراسلايتتى. بېقىنلىرىغا سانجىق تۇرۇپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. بېشىدىكى كىر سەللە خۇددى بىركىشى تارتىۋاتقاندەك پات- پاتلا چۇۋۇلۇپ كېتەتتى. بۇياقتىن يۆگەپ بولغۇچە، ئۇ ياقتىن چۇۋۇلۇپ تۇراتتى. يەنە تۇرۇپ- تۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجراپ چىقىپ، سەللە قېنى دەپ بولغىچە باشقا كىيىلىپ بولاتتى.

«مەن بىلەن تولا قىرىشما، ---- دەيتتى ئۇ، چېپىپ كېتىۋېتىپ، كىمدۇر بىرىگە، ---- مەن قاسىم، ياق، سۇلتان.... بوگۇنكى ئىسمىم نېمىدى؟ ھە، موللاخۇن. مەن موللاخۇن رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان شۇ سەللىنى تاپماي قويمايمەن. ئەنە شۇ چاغدا ھەممىڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن. سەللە مېنىڭ!...»

----- ئاۋۇ قېچىپ كېتىۋاتقان قاسىم دېگەن ئوغرىنى تۇتۇڭلار!

---- ياق، ئۇنىڭ بۇگۇنكى ئىسمى موللاخۇن. موللاخۇن ئاتلىق ئاۋۇ ئالدار كوسىنى تۇتۇڭلار!

---- بوش قويۇۋەتمەڭلار ئاۋۇ كاززاپنى!

ئۇ، قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازنى خىرە- شىرە ئاڭلىغاندەك بولدى. قايسىبىر مەھەللىنىڭ ئادەملىرى يەنە توۋلاپ كېلىۋاتامدىكىن. ھېچ بولمىسا بېشىدىكى سەللىنى بولسىمۇ تارتىۋالمىز دەۋاتامدىكىن.

« خىت چۇ! خىت!!....»

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى. تاياق تۇتقان ئوڭ قولى تاياق يېگەندەك ئاغرىدى. تاياقتەك قاتتى. بىراق، ئېشەك چاپمىغاندەك، بىرەر قەدەممۇ ماڭمىغانـدەك بىلىنەتتـى. بېشـىدىكى سـەللە بولسا هامان چۇۋۇلۇپ باراتتى....

«خەپ گۇيىنىڭ سەللىسى، مەغپىر بوۋامنىڭ هېلىقى سەللىسىنى تېپىـپلا ئالسام، سـەندەك سەللىنى ئەۋرەت لاتىسى قىلىمەن. ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىمەن! »

ئۇنى قورقۇتقان ئاۋاز كۆچۈيۈپ كېلەتتى. ئاۋاز كۆچەيگەنسېرى نەس باسقان بۇ سەللىمۇ شـۇنچە ئىتتىـك چـۇۋۇلاتتى. تـۇرۇپ كېتىدىغانـدەك بـۇزۇلاتتى. باشـتىن چىقىـپ، قۇيۇنـدەك پىرقىرايتتى، توپىتەك سەكرەيتتى. ئۇ، ئوراپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. بېسىپ يېتىشەلمەيتتى....

بىر چاغدا، سەللە چۇۋۇلۇپ، ئېشەكنىڭ ساغرىسىدىن ئېشىپ باردى. ئېشەك چاپقانسېرى، ئۇ لەيلەپ ۋە ئۈزىراپ، هاۋادا ئاق بايراقتەك لەپىلدەپ ماڭدى. ئەمدىلىكتە ئېشەكنىڭ چېپىشـى راستىنلا ئاستىلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئادەممۇ بېشىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنىمۇ، ئېشەكنىمۇ ئارقىسىغا تارتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا!...»

ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە ئارقىسىغا قارىدى. قارىدى- يۇ، هەيرانلىقتىن ئېشەكتىنمۇ يىقىلىپ چۈشتى........

ئۆيگە كېلىپ ئەسلىشىچە، ئۇنىڭ سەللىسى چۇۋۇلـۇپ، كۆزيەتكۈسـىز يىراقلارغا ئـۇزىراپ كەتكەنىدى. سەللىنىڭ بىر ئۇچى ئۇنىڭ بېشىغا باغلىنىپ تۇراتتى....

«قارا بېسىپتۇ، ـــــ دەپ ئويلىدى ئۇ، شۇ كۈندىكى ۋەقەنى قورقۇنچ بىلەن غىـل- پـال ئەسلەپ ۋە ئارقىدىنلا، ـــــ ياق، ئويغاق تۇرۇپ قارا باسامدۇ، چۈش كۆرۈپتىمەن. ياقەي،چۈش دېگىــنىم نېمىســى، شــۇنداق بىرئىشــنى ئــويلاپ قالغــان ئوخشــايمەن....» ـــــ دېــدى يەنە مۈجمەللىك بىلەن مۈئەييەنلەشتۈرۈپ.

نىملا بولمىسۇن، ئۇنىڭ سەللىسى بېشىدا تۇراتتى. بۇرۇنقىدىن بەك كىرلىشىپ كەتكەن، سەللىگە ئوخشـماي قالغـان بولسـىمۇ، يەنىلا بېشـىدا ئىـدى. بـۇ تەرىپـى ئـۇنى سـەل قانـائەت تاپقۇزغاندەك قىلاتتى. لېكىن، رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان شۇ سەللىنىڭ غېمى....

ـــــ دادا، هەممە ئۆيىنى بۇزۇپ، تۈپ- تۈز قىلىشۋەتتۇق. مەغپىـر بوۋامنىـڭ سەللىسـىنىمۇ تاپالمىدۇق. ئەمدى نەدە ياتىمىز؟ ـــــ ئـۇ، سـەللىنى تـولا ئـويلاپ جىلـى بولـۇپ تۇرغـان بىـر ئەتىگىنى شۇنداق دەپ سوراپ قالدى چوڭ ئوغلى، ئونبىر ياشلىق سەللىبەگ.

ـــــ ئىسـىمىنى قوشـۇپ دادا دە، گــۇي!، ـــــ بوشـاپ كېتىۋاتقانــدەك بىلىنىۋاتقـان سەللىسىنى چىڭىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى ئۇ، ـــــ هەممىسى سەن گۇيىنىڭ ئىشى. سەللىنىڭ

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

بار يېرىنى دەپ بەرسەڭلا ئىش تۈگۈمەمدۇ؟ ئىسمىڭنى سەللە نامى بىلەن --- ئۇلۇغ نام بىلەن ئاتىغىنىمغىمۇ رازى ئەمەسسەن. سەندەك ھارامسىۋىدۇككە سەللە يارىشامتى ئەسلى.

----- سەللىنى ئاكام تىقىپ قويۇپتۇ- ھە، مەھەممەت دادا؟

----- قاشىم دادا، شەللەبەگ ئاكاشنى ئۇشىگىز، ھېلىقى نەيشىنى تېپىپ بېيىدۇ تاژا.

----- نىمە دېيىشۋاتىسەن؟ بالام تۇرۇپ ئىسمىمنى بىلشمەمسەن؟! مېنىڭ بۆگۈنكى ئىسمىم تاپقاق قارى. بىلشتىڭمۇ، تاپ- قاق-قا- رى!...

ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. مېڭىسى زىڭىلدايتتى. ئەس- يادىغا سەللىدىن باشقا نەرسە كەلمەيتتى. دۇنيا-- سەللە ئىدى. بەختىمۇ سەللە ئىدى. سەللىدىن ئۆزگە نەرسىنى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسىنىڭ گېپى قولۇقىغا كىرمەيتتى. سەللىگە باغلانغان سۆزلىرىمۇ شۇ قەدەر پاساھەتلىك ئىدى.

----- باللىرىم! ---- دېدى ئۇ، مەسچىتتە سۆزلىگەندەك تىترەك ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا، ----- سەللە بەك ئۇلۇغ نەرسە. مەغپىر بوۋاڭلارنىڭ سەللىسى تېخىمۇ شۇنداق. مەھەللە- مەھەللىلەرنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇنى پەقەت تاپالمىدىم. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئۆيدە. ئۇنىڭ بار يېرىنى چوقۇم بىرەرسىڭلار بىلىسلەر. ماڭا دەپ بېرىڭلار، شۇ سەللە زادى نەدە؟ سىلەر تېخى كىچىك. ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيسلە. ئۇنى تېپىۋالساقۋاغۇ نىمە دېسەڭلار شۇ بولىدۇ. ھازىرقىدەك جاڭگالدا مال بېقىپ يۈرمەيسلەر....

----- مەغپىر بوۋامنىڭ شۇ سەللىسى راستىنلا شۇنداق يامانما، تاپقاققارى دادا؟

----- ئۇنى شەللە بەگ ئاكاش بىلىدۇ.

تاپقاق قارى، باللىرىنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىغا ئەمدى رەسمىي ئىشەندى. ئۇنىڭ بار يېرىنى بىلمىسە شۇنداق قىلىشامدۇ بۇ نىملەر؟ تىقىپ قويغان بولۇشمىسا، ئۇ سەللە راست يامانمۇ دەپ سورامدۇ؟ يامانمۇ دېگىنى، مۇھىممۇ دېگىنى. مۇھىملىقىنى سورىغان ئادەم ئۇنى بىلمەي قالامدۇ. يەنە كېلىپ، 11 ياشقا كىرگەن بالىنى كىچىك دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيناپ يۈرۈپ بىر يەردىن تېپىۋالغان بولسا.... ئاتا- بوۋامدىن قالغان بۇ كونا ئۆيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىنى ئاقتۇرۇپ بولالمىغىنىم راستقۇ. ھازىر ئادەمگە ئىشەنگىدەك جاھان ئەمەس. بالايۇۋاقا تېخىمۇ ئىشەنچسىز. مىراس تالىشىپ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بالا ئازمۇ؟ ئەدىناسى، ئۇ بارغان مەھەللىلەردىكى ئوغۇل باللار سەللە ئۈچۈن دادىلىرىغا نىمە كۈننى كۆرسەتمىدى؟ سەللىنىڭ خاسىيىتىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان باللار شۇنچىلىك قىلغان يەردە، سەللىدىن باشقا گەپلەرنى ئاڭلىماي چوڭ بولغان بۇ ھارامسىۋىدۇكلەر نىملەرنى قىلمايدۇ؟

«توختا، ---- دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۆز- ئۆزىگە، ---- سەن ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى تاياقتا بېسىپ ئاندىن تاپتۇرمىسام....»

www.kitaphumar.com

تاپقاق قارىنى رەللە قىلغىنى، باللارنى بىر- بىرلەپ تاياققا باسقانىنىڭمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. ھەممىسلا بىلمەيمەن دېيىشىنىڭ ئورنىغا « ئاكام بىلىدۇ »، « ئۇكام بىلىدۇ » دەپ بىر- بىرىگە باللارچە دۆڭگەشتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىمانىنى ئېزىقتۇردى. گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمىدى. پارقىراپ قاراپ تۇرۇشقان باللار ئۇ ئىزدەۋاتقان سەللىنىڭ ئالدىدا ھېچنىمە ۋە ھېچنىمە.... ئەمەسىدى.

---- كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇدۇ، مەغپىر بوۋاڭلارنىڭ سەللىسى مۇشۇ يەردىكەن، ------ دېدى ئۇ، تاياقتىن قورقۇپ، تاغ قاپتىلىدا قاتار تىزىلىپ ئولتۇرغان باللارغا، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان غايەت كۆپ توختام سۇلار يىغىلىپ قالغان تەگسىز جىلغىنى كۆرسىتىپ.

باللار غال- غال تىترەيتتى. تاپقاق قارىنىڭ ئۆڭ- سىلى ئۆچكەن گاچا خوتۇنى ھازىرلا زۇۋانغا كىرىپ قالىدىغاندەك، بوغۇق ئاۋازدا خىقىرايتتى، قىقىرايتتى.....

---- ئۇنۇڭنى ئۇچۇر، گاچا! ---- دېدى ئۇ، باللارنى تولا ئۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن تاياقنى خوتۇنغا تەڭلەپ، ---- باللىرىڭ ئۆلگىلى بارمايدۇ، سەللە ئىزدەپ بارىدۇ، سەللە! ئەمدى ئۇ، سەللە ئۇچۇن ھەممىدىن كېچىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

«جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن، ---- ئەسەبىيلەشكىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ شۇنداق دەيتتى ئۇ، ---- ماڭا ھەمدەرد بولمىغان، ھالىمغا يەتمىگەن سەندەك باللارنى!..... تاپماي قويمايمەن شۇ سەللىنى. سەن ۋاپاسىزلارنى جىلغىغا تاشلىۋېتىپ، ئۆيىنى يېڭىباشتىن ئىزدەيمەن. ياتقان يەرلىرىڭنى، ئوينىغان جايلىرىڭنى!..... بۇ قېتىم ھېچيەرنى قويماي ئاقتۇرۇمەن. ئۆينى ئاقتۇرۇپ بولۇپ، ھە، ئۆينى يەنە ئاقتۇرۇپمۇ سەللىنى تاپالمىسام، باشقا مەھەللىلەرنىمۇ قايتا ئاقتۇرۇمەن. ئەمدى ئايالارمۇ ساق قالمايدۇ.... ----- ئۇ، بىر ھازا قاينىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، ----- نېمە دېدىم؟ سەللە ئۆيدىنمۇ تېپىلماي قالسا دېدىمما؟ ياق. تېپىلمايدىغان ئىش يوق. سەللە چوقۇم مۇشۇ ئۆيگە تىقىپ قويۇلغان. مۇشۇ شۇمتەكلەر تىقىپ قويغان. بولمىسا مۇشۇنداق ۋاقتىتىمۇ بىلمەيمەن، دېمەي، بىر- بىرىگە دۆڭگەپ يۈرەمدۇ؟ زادى بۇلارنى كۆزدىن يوق قىلىش كېرەك! مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن غەرەز ئۇۇققۇدەك بولغاندا ۋاپا كېلەمدۇ؟ سەللە تالىشىپ ماڭا پىچاق تىقىدۇ بۇلار. ۋاپاسىز ئادەمدىن ئىت ياخشى!....جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.... ماڭا دېگەن جان بولسا جاھان، سەللە بولسا قازان. ياق، ھەممە!... سەللە بولسا يەنە ئاش، خوتۇن. خوتۇن بولسا بالا.... ھەي، يەنە شۇ ۋاپاسىز بالا!....»

---- سەللە ئاشۇ كۆرۈنگەن سۇنىڭ قېتىدا، ---- دېدى ئۇ، ئەڭ كىچىك ئوغلىغا ۋە ھېلىغىچە لام- جىم دېمەي تۇرۇشقان باشقا ئوغۇللىرىغا بىر- بىرلەپ ئالىيىپ قويدى، ---- بىرلا

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

سەكرىسەك سەللىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشسەن. ئۇنى تاپساڭلا، بۇ يەرگە ئۆزلىكىڭدىن ئۇچۇپ چىقىسەن. ھە، سەكرە!

ئاق- قارىنى تازا بىلمىگىنى ئۇچۇنمۇ ياكى بىياتىدىن بېرى دېگەن چىرايلىق گەپلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ، كىچىك ئوغلى ھېچ ئىككىلەنمەيلا جىلغىغا سەكرىدى.

---- ھە، ئەمدى سەن سەكرە! ----- دېدى ئۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلىغا، ---- كۆردۈڭمۇ، ئۇكاڭ غىلىك قىلماي سەكرىدى. لېكىن، ئۇ كىچىك بولغاچقا سەللىنى تارتىپ چىقالمايۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىل. سەللىنى بىرگە ئېلىپ چىقىڭلار. تېز بول!...

بۇ چاغدا، 11 ياشلىق ئوغۇل سەللىبەگىنىڭمۇ سەۋر قاچىسى توشقانىدى. ئۇ، لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى دادىسىغا قاداپ تۇرۇپ:

---- ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت ماڭا كېلىدۇ- ھە، تاپقاق قارى دادا؟ --- دېدى.

---- ئىسمىمنى يەنە ئۇنتۇپ قاپسەن بەدبەخت، بوگۇنكى ئىسمىم راھەتباي.

---- سىز بىلەن تۇرۇشقا مەنمۇ تويدۇم. خوش، راھەتباي دادا! ----- دېدى بالا ۋە ھاڭۋېقىپ تۇرغان ئۆكىسىنى سۆرىگەن پېتى جىلغىغا سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

«ئۇھ!.... » دېدى راھەتباي ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا يەنە خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. قورساق كۆتۈرگىنىگە بەش ئاي بولغان گاچا خوتۇنى يۈز- كۆزلىرىنى مۇرلاپ، ئالاللىنىمەلەرنى دەپ تۆ- تۆتىلگىنىچە يىغلاپ ياتاتتى.

«سەللىنىڭ ئەك ئەشەددىي دۈشمىنى خوتۇن خەقنىڭ ماتكىسى!...»

بىردىنلا شۇنداق ئويلىدى ئۇ ۋە خوتۇنىنىمۇ جىلغىغا چۈشۈرمەكچى بولدى. ئۇ، خوتۇنىغا ئەمدىلا يېقىنلىشاي دەپ تۇرۇشىغا بىرمۇنچە قوي- ئۆچكىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا مەرەپ كەلدى. تونۇدىكى، بۇ، باللىرى بېقىۋاتقان ماللار ئىدى.

«قويىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ »

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خوتۇنىنىڭ قولىغا ئېسىلدى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. قوي- ئۆچكىلەر خۇددى يۈيۈناقچى بولغاندەك، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى جىلغىغا سەكرەشكە باشلىدى. سەكرىگەن قوي- ئۆچكىلەر ھەددى- ھېساپسىز كۆپ ئىدى. ئۇلار يەنە ئۈزۈلدۈرمەي سەكرەۋاتاتتى.

ئۇ، ماللىرىنىڭ بۇ قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. توختىماي سەكرەۋاتقان قويلارغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچى سەل ئېچىشقاندەك بولدى. سەكرەشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنلىرىنى بولسىمۇ تۇتۇپ قالغۇسى كەلدى.

---- ھۇشت- ھۇشت!.... نەگە بېرىشسەن گۇينىڭ قويلىرى، توختاش!

www.kitaphumar.com

----- ئىمام بولمەن. مە!..... ئىمام.... ----- سېمىز بىر قوشقار شۇنداق دەپ مەرىگىنىچە جىلغىغا سەكرىدى.

«تووۋا! » دەپ ياقىسىنى تۇتتى راھەتباي، قوينىڭ زۇۋانغا كىرگىنىگە ھەيران بولۇپ. ئارىدىن نەچچە تىنىق ۋاقىت ئۆتەر- ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى خۇمارى باستى.

«سەكرەپ چۈشۈپ كەتكەن قوشقار ئىمام بولۇمەن دېدىما؟.... راست، شۇنداق دېگەندەك قىلدىغۇ. ئىمام؟ توغرا، ئىمام بولۇش ئۈچۈن سەللە بولۇشى كېرەك. سەللە بولمىسا ئۇلار نىمىشقا سەكرەيدۇ؟ قوي دېگەن ساق جانىۋار، بىلمەي قالمايدۇ. سەللە ئەسلىدە جىلغا ئاستىدىكەندە! بالىلارنىڭ بىرەرسىدىنمۇ ئۇنداق- مۇنداق ئاۋاز چىقمىدى. ئاشۇ شۇمتەكلەر تېپىۋاپتۇ- دە، ئۇنى. ھەي، ۋاپاسىز كۈچۈكلار، بىر ئېغىز تىنىپ قويۇشمىدىڭ. مېنى يەنە گوللاشتىڭ. قوي دېگەن ھايۋانچىلىك بولالمىدىڭ. ھەممىنى قىلغان سەن سەللىبەگ. ئۇكىلىرىڭنى ئازدۇرۇپ.... خەپ، سېنىڭ تاپقان سەللىنى تىقىۋالغىنىڭنى بىر كۆرەي. پايخانلىرىڭنى ئۇشتۇۋېتىمەن. توختا،ھازىرلا كۆرىسەن، سەللە مېنىڭ!...»

راھەتباي ئەسەبىي قىزغىنلىقتىن ئەس- ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئۇ، ئۆلۈم، ئېغىر ئاياغ خوتۇن... دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، خىيالى بىر تۇيغۇ قېتىدا جىلغا گىرۋىكىگە كەلدى ۋە « يا بىسمىللاھ! » دېگىنىچە ئۆزىنى تاشلىدى.

جىلغا سەللىنى راستىنلا يۇشۇرۇپ ياتقاندەك ئۇن- تىنسىز تۇراتتى. قاياقتىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان قىقاس- چۇقانلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ....

----- ئاشۇ گاچا ئايالنىڭ قورسىقىدا قالغان بالا، دادام شۇكۇر ئاخۇن شۇ ئىكەن، ----ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك دېدى، چاناقلىرى ياشقا تولغان خۇدابەردى شۇكۇر ئوغلى مەشھۇرى.

مەن ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدىم. بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇدەك قىزغىنلىقىممۇ قالمىغانىدى. پەقەت تارىخقا بولغان ئۆچمەنلىكىم تېخىمۇ ئاشتى. بىر ئامال قىلىپ ،تارىختىن كەلگۈسىگە يۈزلەنمەكچى، تارىخ دېگەن بۇ نەرسىدىن ئۈزۈل- كېسىل يۈز ئۆرۈمەكچى بولدۇم. « تارىخقا لەنەت! » دېدىم مەن ۋە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ قېتىدا چاچراپ قوپۇپ، ھېلىقى دورىنى كاپ قىلىپ قولۇمغا ئالدىم.

----- نېمە قىلىسىلە؟ توختاڭلا، رېئاكسىيە قىلىدۇ!

خۇدابەردىنىڭ گېپىمۇ قولۇقىمغا كىرمىدى. ئۇ، يۈگۈرۈپ كېلىپ بولغىچە، قۇتىدىكى دورىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىچىۋەتتىم ۋە:

---- ئەۋلادىنى كۆرستەلمەيدىغان بۇنداق دورىنى... ----- دېدىم. ئارقىدىنلا ئىلھامىم كەلگەندەك، ئىنىقراق ئېيتقاندا، نىمە كۆرسەم كۆرەي دەپ: ---- مىنۇس بىر! دەپ توۋلىۋەتتىم،

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

خۇدابەردىنىڭكىگە ئوخشمايدىغان ئۇسۇلدا ساناشقا تىرىشىپ. مەقسىتىم، ئەجداد ھەققىدىكى ھەرقانداق گەپلەرنى ئۇنتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى.

---- بىرا! ---- يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدىم مەن، مېھمان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ، گاڭگۇنلۇق بىلەن.

دېگەنىدەك، مۆجىزە يۈز بەردى. كۆزۈمگە راستىنلا بىر نەرسە كۆرۈندى: تېخى ھېلىلا تېلىفۇنلاشقان قىز دوستۇم--- تويلاشماقچى بولغان ئايالىم يىراقتىن بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئايالىمنىڭ چىرايى سولغۇن، بالا بولسا ماڭىلا ئوخشايتتى.

--- مۆجىزە، خۇدابەرداخۇن، مۆجىزە! بالامنى كۆردۈم! --- دورىنى خۇددى مەن كەشىپ قىلغاندەك خوش بولۇپ كەتتىم مەن.

--- ۋاي، دورىنىڭ بۇنداق رولى بولسا تېخىمۇ ياخشىغۇ. راستىنلا مۆجىزە!

---- بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى خۇدابەردى؟ ---- قوپاللا سورۇۋدۇم مەن، بالامنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن جىددىيلىشىپ، ---- بالىنىڭ بېشى گەجگىسىدە تۇرۇۋدۇ- يا، ئەستاغپۇرۇللا!...

---- ئىككى! ---- دەرغەزەپ بىلەن يەنە ساندىم مەن. ئەمدى، بېشى گەجگىسىگە ئورۇنلاشقان بىر ئادەم، بېشى ئىت، بويىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئادەمگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇقنى يېتىلەپ كەلمەكتە ئىدى.

مەن زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، جان- جەھلىم بىلەن ساناشقا باشلىدىم.

---- ئۈچ!.... ۋاي، خۇدابەردى، بۇ نىمە گەپ، ئىت باشلىق بىر ئادەم ئۆزىدىن ئېگىز بىر ئېشەكنى بالام دەپ يېتىلەپ كېلىۋاتىدۇغۇ. خۇدايىم، بۇ ماڭا نىمە تارتقۇلۇق. تۆت!....

www.kitaphumar.com

# مازار بالىسى

## (ھېكايە)

### ئابباس مۇنىياز تۈركىيقان

ئۇ ئاخىر مازاردىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئەمدىكى ھالىتى باشقىچە ئىدى: گومۇشلۇق دورىسى يەۋالغان ئادەمدەك ئەتراپقا ئىپادىسىز ھالدا قاراپ كېلەتتى. يۇچۇن دۇنياغا كېلىپ قالغان غەلىتە مەخلۇقتەك ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيتتى. خاتا كېلىپ قالغاندەك، ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەندەك، گويا كۆزى ئېچىلمىغان بوۋاقتەك سەبىي، ئاددىي، روھسىز ۋە تەسىرسىز ئىدى.

«. . . شۇ يىلى ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەردى. ئەسىر-ئەسىرلەردىن بېرى سۈرلۈك سۈكۈتكە غەرق بولۇپ كەتكەن مازاردىن يېڭى بىر تىنىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ يەرنى كىشىلەر نېمىشقىدۇر <مازار ئانا> دەيدىكەن. ئەمدى كېلىپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئانا بولۇپ قالغىنىغا مەن ھەيران».

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، ئالىملار، بىر تارىخشۇناسنىڭ ساياھەتنامىسىدىن مۇشۇ قۇرلارنى ئىزدەپ تېپىشتى.

تۇرقى، يۈرۈشى، ئۆڭ ۋە قاراشلىرى. . . ھېچكىشىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئاجايىپ بالا تولىمۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن پىلتىڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە يېڭى، ھەممىسىلا ئەھمىيەتسىزدەكلا ئىدى.

- بۇ يەرنى مازار ئانا دېگەنلەر بىكار ئېيىتمىغان ئىكەندە، ئەسلى.

- ئەمما، لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ؟

- بۇ، مۇمكىنچىلىك ئىزدەيدىغان جاھان، ئۇنىڭ ئېھتىماللىقىنى سورايدىغان جاھان ئەمەس.

- لېكىن مۆجىزە بولۇپ يارالغاندىكىن، مۆجىزىلىك خىسلەتلەر بىلەن تۇغۇلسا دېيمىنا.

- ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر!

- ئاللاھ ئۇلۇغ!

چوڭلاردەك قوپال قەدەملەر بىلەن، گۆدەكلەرچە نەزەردە قاراپ كېلىۋاتقان بالا بىردەمدىلا يىراق-يېقىنغا تونۇلۇپ كەتتى. بازارنىڭ بولۇڭ-بۇلۇڭلىرىدا مۇشۇ ھەقتە مۇلاھىزىلەر قايناپ

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

كەتكەنىدى. ئۇلار، بالىنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنى، ئۇنىڭ ئۆك، تۇرقى . . . توغرىسىدا توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى.

بالا، بازارغا تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى. لېكىن، ئۇ توغرىسىدىكى خەۋەر ھەتتا بازارنىڭ ئەڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى كونا ساتىراشخانىنىمۇ ئۆرە-تۆپە قىلىۋەتتى.

ـ ئۇنى ئاتىسىدىن بىسوراق تۇغۇپ قويغان بىرەرسى مازارغا تاشلىۋەتكەن بالىمىكىن، دېمەن ئۇستام، ـ دەپ مۇلاھىزىدىن كېيىنكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، سالۋاراپ تۇرىدىغان سىرىق چاچلىرى مۇرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان، پىستان كۆز يىگىت، ئاپتوماتىك ئورۇندۇقتا قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك ئولتۇرغان خام سېمىز خېرىدارنىڭ قاردەك ئاق ۋە زىيادە ئۆسۈك بورۇتىنى ئۇنىڭ قولاقلىرىغا يۆگەۋېتىپ. چېچىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىنى پاكىز قىرىۋەتكەن، سول تەرىپىدىكى يېشىل چاچلىرى بولسا قۇلاقلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، كۆپتۈرگۈچ بىلەن ھېلىقى خېرىدارنىڭ بورۇتىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەي قالغان قىسمىنى كۆپتۈرۈۋاتاتتى،-بۇنداق دېگىنىم،-سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بايىقى يىگىت،-ھازىر بازاردا ئون ياشقا كىرمەي تۇرۇپ تۇغۇپ قويىدىغانلار بەك كۆپكەن. تېخى قايسى كۈنى يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەن بىرسى ماڭا تەلەپ قويدى. ماقۇل دەي، دەپ ئويلىدىم. لېكىن دورا بىلەن يوغانتتىمىكىن، ئەمچىكى بەك يوغان ئىكەن. كىيىملىرىگە پاتماي قاپتۇ، مانا مۇنداق،-ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئاپىرىپ كۆرسەتتى،-مەن بۇنداق قىزلارغا ئۆچ. قىز بالا دېگەن بىر قاتلىسا «كوس» قىلىپ سۇنۇپ كېتىدىغان قودايدەك ئورۇق بولسا....

ـماگە، ماڭ! مەن سېمىزىگە ئامراق،-دېدى بورۇت كۆپتۈرۈۋاتقان يەنە بىرى،-سېمىزى بەلەن بولمامدۇ، راھەت، مىلىق-مىلىق....

ـمازاردىن كېلىۋاتقان ھېلىقى بالا ئوغۇلمىكەن، قىزمىكەن، ئورۇقمۇ ياكى سېمىزمۇ، شۇنى دېيىشمەمسىلەر بالىلار.

پاكىز قىردۇرغان بېشىغا ئالىقانداق رەسىملەرنى چەكتۈرىۋاتقان يەنە بىر خېرىدار، شاگىرت باللارنىڭ تېمىدىن يىراقلاپ كەتكەن پاراڭلىرىنى بۆلدى.

ـ ھېلىقى بالىنى دېيسەن-ھە؟ ـدېدى شاگىرت خېرىدارنى شەنلەپ،-ئۇنى ئوغۇل بالىكەن دەپ ئاڭلىدۇق.

ـ قىز بولغان بولسىغۇ، مەنلا.....دېدى يەنە بىرسى.

ـ ئۇنداقتا، مىنىلا ئالىمىسەن بالام،-ھاياسىزلارچە ھىجايدى ئاپئاق ۋە شالاڭ چېچىنى توزغا ئوخشىتىپ يۆگىتىۋاتقان، بويۇن، ئىڭەك گۆشلىرى پورلۇشۇپ، ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ماخشاق بىر ئايال چىشسىز مىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ.

ساتىراشخانىدىكى پۈتۈن ئادەم قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

www.kitaphumar.com

- ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز،-باياتىن بېرى ئۆز ئىشى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن قېرى ساتراش، كارىۋاتلىق ئورۇندۇقتا قورسىقىنى ئېچىپ ئوڭدا ياتقان ئايال خېرىدارنىڭ كىندىكىنىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل رەڭدە بىر نېمىلەرنى سىزىۋېتىپ ئېغىز ئاچتى،-مازارنىڭ ئۇلۇغلىقىغا بىر نېمە توغرا كەلمەيدۇ جۇمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كونىلارنىڭ دېگەنلىرى تولا چاغلاردا راست چىقىپ قالىدىكەن. ھېلى بوۋامدىن ئاڭلىغان گەپنى دەپ بەرسەم ئىشەنمىدىڭلار؟ يەھۇدىي دېگەن مىللەتتىن ئەيسا ئاتلىق پەيغەمبەرنىڭ چىققانلىقىغا ھەممىڭلار ئىشەندىڭلار. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد دېگەن پەيغەمبىرى ئۆتكەنلىكىگىمۇ ھەممىڭلار قايىل. نېمىشقا بايىقى گېپىمگە ئىشەنمەيسىلەر؟ مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بوۋام دەپ بەرگەن. دېگەندىمۇ، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى گەپلەرگە ئۇلاپلا دەپ بەرگەن دەڭلا. پەيغەمبەرلەر ھەققىدە دېگەنلىرى راست بولغان يەردە، باشقا ھېكايىلىرى يالغان بولامتى. دېمەنكى، كونىلارنىڭ نەسىھەت، قىسسىلىرىدە ھېكمەت بار. بوۋام دەپ بەرگەن «مازار ئانا» ھېكايىسىمۇ چوقۇم راست ئىش.

- بوۋاڭ ياشىغان زامانلاردا، قېرىلارنىڭ قىلغىلى ئىشى يوق، ھېكايە توقۇيدىغان گەپكەن دېگىنە، ئۇستام،-دېدى شاگىرتتىن بىرسى.

- ھېكايە، پالان-پۇستان دېگەنلەرگىمۇ ئىشىنىپ يۈرگىلى بولامدۇ.

- راست، مۇشۇ زاماندىمۇ ھېكايىگە ئىشىنىپ يۈرگۈلۈكمۇ. مەن خېرىدارنىڭ بېشىنى پاكىز قىرىۋەتسە، يەنە تۈك چىقىدىغانلىقىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيمەن.

-مەن، مۇشۇ پەيغەمبەر دېگەنلەرنىمۇ كونىلار ھېكايىلىرىدا توقۇپ چىققان ئادەملەرمىكىن، دەپ قالىمەن.

- ياق، ياق،-ئېتىراز بىلدۈردى بايىقى ساتراش،-بوۋام يەنە شۇنداق دېگەن ئىدىكى...

- قويە ئۇ گېپىڭنى، ئۇستام،-ئۇستازىنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ گەپنى تارتىۋالدى، بىر خېرىدارنىڭ بېشىنى يۇيىۋاتقان جىرتاق كۆز شاگىرتى،-ھازىرقى باللار دېگەن تۇغۇلۇپلا بەش-ئالتە خىل تىل بىلىدىغان، چوڭ-كىچىك ماشىنىلارنى ھەيدىيەلەيدىغان تۇرسا، ئەمما ئۇ بالىنى گۇمۇش ئىكەن دەۋاتامدۇ؟

- جىڭ گەپ،-دەپ سۆز قاتتى بۇرۇت كۆپتۈرۈۋاتقان سېرىق چاچ شاگىرت، — ئات-جونى يوقاپ كەتكەن شۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى سەندىن بۆلەك كىشلەر بىلمەيدىغان مازاردا بىرنى ھەيران قالدۇرغىدەك قانچىلىك ئىش بولماقچىدى؟ خام خىيال قىلما، ئۇستام. سەن ئاڭلىغان ھېكايىلاردىكى ئۇ كىشلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. نەسلى-ۋەسلى مازار بىلەن تەڭلا تۈگىدى. مازارنىڭ ئەمەس، بازارنىڭ دەۋرى بۇ. ياشايدىغىنى بازارلىقلار! باشقىسى قۇرۇق گەپ، يوق گەپ!....

- مەن دېمەكچى....

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

گومۇش سۇپەت بالا بازارغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى. ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاڭ-چۇڭلار، شاۋقۇن-سۈرەنلەر كوچىيگەنسىرى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچە بىئارام سېزەتتى. قورۇنۇش، پېتىرقاش ۋە بېرىمسىراشلار ئۇنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا يامىشىپ كىرەتتى. ئۇنىڭ قەدەملىرىمۇ شۇقەدەر ئاستا ۋە تەستە يۆتكىلەتتى. نەگە قەدەم تاشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك، قەدەم ئېلىشقىمۇ بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى....

- ئەسسالامۇ ئەلەيكوم!

بالا، غەلىتىلىك ھېس قىلسىمۇ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، ئاستا قەدەم ئېلىپ كېتىۋەردى. دېمىسىمۇ ئۇ، بۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەمنى، گەپ قىلمىسىمۇ گەپ قىلىدىغاننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىكىن؟ بۇ يەردە ماڭساڭ بولمايدۇ، دېگىنىمىكىن ياكى ئۇدۇل ماڭ، دېگىنىمىكىن؟ ئۇ ئاۋۋالقىدەك مېڭىۋەردى. مېڭىشتىن باشقىسىمۇ خىيالىغا كەلمەيتتى. نەدىن كەلدى؟ مېڭىپ نەگە بارىدۇ؟ بۇنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كەينى قاراڭغۇ، ئالدى بولسا چەكسىز تۇمان ئىدى. «قانداق ئادەمدۇ؟ نېمە دېگىنىدۇ ئۇ؟» ئۇ بەلكىم شۇنداق ئويلىغاندۇ. كۈتمىگەندە، ئۇنى يەنە بىرسى تەمتىرىتىۋەتتى.

- ياخشىمۇ سىز؟!

بالا تېخىمۇ بەك خۇدۇكسىرىدى. لېكىن ئۇنىڭغا مېڭىشلا توغرا تاللاشتەك بىلىنەتتى. راست ئۇنىڭ ئېسىدە بارىمۇ، بىلىدىغىنىمۇ مۇشۇلا ئەمەسمىدى. مېڭىش كېرەك! پىنگىۋىنەدەك ئىغاڭلاپ، توخۇدەك توكۇلداپ، بېلىقتەك پىلتىڭلاپ...

- ئادەممىكىن دېسەم، ئېشەكمۇ نېمە ئۇ؟

بالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مۇشۇنداقراق بىر غۇدۇراش ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇغىنىسى، بۇ ئاۋازمۇ ئۇنىڭغا چۈشۈنۈكسىز ئىدى. بۇ نېمە دېگىنىدۇ ئەمدى؟ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ھەر نېمە دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېشەك ئەمەس ئىدى. ئۇ زاماننىڭ ئېشەكلىرىگە مۆڭگۈز چىقىپ ئۆلگۈرگەن بولسىمۇ، ئىككى پۇتلاپ مېڭىشنى تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغانىدى. بالىنىڭ باشقا ھالەتلىرىمۇ ئېشەككە ئوخشىمايتتى. قول سېلىپ ماڭاتتى، ساقاللىرىمۇ ناھايىتى شالاڭ (ئېشەكنىڭكىدەك قويۇق ئەمەس) ئىدى. كۆككىمۇ، بوزغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر جۈپ كۆزى، بىر قارىسا ماخشاقراق، يەنە بىر قاراشتا قاڭشارلىقتەك كۆرۈنىدىغان بۇرنى، قېلىن كۆرۈنسىمۇ، گىلاستەك قىزىرىپ تۇرغان لەۋلىرى، ئەتراپقا قاراشلىرى ۋە قاراپ بولۇپ خۇدۇكسىرەشلىرى.... راۋۇرۇس بىر بالىنىڭ، ھەئە، ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى. دېمەككى، بازاردا چىن مەنىسىدىكى بالا ئۇقۇمى يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن جاھانلار بولغانىدى. بالىلارنىڭ چوڭلاردەك، چوڭلارنىڭ بالىلاردەك بوپ قېلىشلىرى بۇنى دەلىللەپ تۇراتتى. شۇڭا، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ كىنو قويۇپ يۈرۈشلىرىمۇ، 90 ياشلىق بوۋايلارنىڭ ئىشتاننى تېقىمغا سىيرىپ قويۇپ، ئاسمانغا

www.kitaphumar.com

قارىتىپ سىيىشلىرىمۇ ھېچكىشىگە غەلىتە بىلىنمەيتتى. قىسقىسى، بالىلار ئادەم، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بالا ئىدى. مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، بازار شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بالىمۇ چوپ-چوڭلا ئادەم سانىلاتتى. ئادەم ئىكەن، دېمەك ئۇ، بالا ئىدى!....

قەدەملەر داۋام قىلاتتى، ئاستا، ئېنىقسىز، دېلىغۇل.

بازار قايىنايتتى. كىشىلەر تۇمان قېتىدا چېپىپ يۈرۈشەتتى.

شاۋقۇنلار ئۆرلەيتتى. مىسلىسىز زامانىۋىلاشقان قاتناش قورالىرى تېخنىكىۋىي تومۇرلارنى بويلاپ بوراندەك ئۇچاتتى.

بۇلۇت ئۇستىگە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئەڭ يوقىرىدىكى بىر خانىسىدا 5ـ6 ئادەم بىر نېمىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. بىرىپ-بىرىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر نوقتىغا مەركەزلەشتى.

- ماڭا قاراڭلار،-دېدى چاچ ۋە ساقاللىرى ئوخشاشلا ئاقارغان كۆز ئەينەكلىك ئادەم ئۆينىڭ بىر تېمىدىكى مىدىرلاپ كېلىۋاتقان سۈرەتكە قاراپ. قارىغاندا، تام كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى،-بىز كۆرۈۋاتقان بۇ بالا بىلەن بايا كۆرگەن ئادەمنىڭ بىرەر ئوخشاشلىقىنى بايقىدىڭلارمۇ؟

ساقاللىق ئادەمنىڭ سوئالى بىلەن تەڭلا، ئېكران توغرىسىغا قاراپ ساناقسىز بۆلەكلەرگە بۆلۈندى. ئەڭ باشتىكى بۆلەكتە، چاچلىرى مۈرىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ساقاللىق بىر ئادەم يىراقلارغا كۆز تىكىپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بۆلەكتە بولسا، بىز كۆرگەن بالا، ھېچكىشىگە ئوخشىمايدىغان چىرايى بىلەن مىسىلداپ كەلمەكتە ئىدى. قاراپ تۇرغانلار مۇشۇ ئىككى بۆلەككە كۆپىرەك نەزەر ئاغدۇردى. ئوتتۇرىدىكى بۆلەكلەرنى، دەرۋەقە كۆرۈپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

- بۇ ئىككى چىرايىنىڭ ھېچقانداق ئوخشايدىغان يېرى يوقكەن،-دېدى ساقالنى مەيدىسىگىچە قويۇپ، بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرىۋەتكەن بىرسى كېسىپلا،-پەقەت ئوخشىمايدىكەن!

- شۇنداقمۇ؟- بۇرنىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان كۆزئەينىكىنى يۇقىرىغا سۈرۈپ تۇرۇپ كۈلدى ساقاللىق ئادەم.

- لېكىن، مەن بىر ئوخشاشلىقنى بايقىدىم، مۇئەللىم،-بايىقى ئېكرانىنىڭ يان بۇرجىكىدىكى ئايرىم ئېچىلغان كۆزنەكتە كۆرۈنىۋاتقان نۇر توچكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى بىر كۆزىگە ئەينەك تاقاپ، قۇلىقىغا تىڭشىغۇچ تىقىۋالغان تاقىرباش بىر يىگىت،- يىراقتىن تەكشۈرۈپ باقسام، كېلىۋاتقان بۇ بالا بىلەن باشتىكى ئاۋۇ ئادەمنىڭ قان تىپى ئوخشايدىكەن.

- بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى،- دەپ نېمىندۇر چۈشەندۈرمەكچى بولدى ساقاللىق ئادەم. لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بىر يىگىت بۆلۈپ تاشلىدى:

www.kitaphumar.com

- مەنمۇ ئوخشايدىغان يەنە بىر تەرەپنى بايقىدىم. ئىككى چەتتىكى كۆزنەكتە كۆرۈنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قان تەركىبلىرى، بارلىق تەركىبلىرى ئوپ-ئوخشاش ئىكەن.

- قان تىپى ۋە تەركىبلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى گېن ئىزچىللىقىنى دەلىللەپ بېرەلەمدۇ؟

- ....

- ....

- دېمەكچى بولغىنىم،- دەپ جىمجىتلىقنى ئۆزى بۇزدى ساقاللىق ئادەم،- بىزگە ئىرقىي بىرلىكنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پاكىت كېرەك. شۇندىلا، بۇ يوچۇن بالىنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە توغرا يەكۈنگە ئېرىشىپ، مۇشۇ ئىشقا قىزىقىۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلەيمىز. ئەپسۇسكى،- ئىككى مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى ئۇ،- ئىش بۇنداق ئاددىي ئەمەس. بەلكىم بۇ بالا نەچچە ئەسىرلىك يىراق جايلاردىن-تولىمۇ يىراق ئۆتمۈشتىن كېلىۋاتقاندۇ ۋە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەسىرلىك ئۇزاقلىقلار ئۇنىڭ يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر....

ساقاللىق ئادەم جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسىمۇ دېرىزە سىرتىدىكى تۇمانلىق بوشلۇقتەك قاراڭغۇلۇشۇپ قالغاندى.

- ئېكراندىكى ھەر بىر كۆزنەكنى يەنە يۈزدىن كۆزنەككە بۆلۈۋالار،-ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئىشەنچ تۇرغۇزغاندەك ھالەتتە شۇنداق دېدى ساقاللىق ئادەم،- ئاندىن...ئاندىن شۇ چاغدا كۆرۈنگەن چىرايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىپ باقايلى. قېنىنى سىيلىشتۇرايلى، بەدەن تۈزۈلۈشىنى تەھلىل قىلايلى، ئاندىن...ھە، ئاندىن بۇنىڭدىمۇ ئىلگىرلەش بولمىسا، سۆرەتلەرنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، يەنە پارچىلايلى، تاكى ئېنىق بىر يەكۈنگە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرايلى. لېكىن يىگىتلەر، بىزنىڭ يەكۈنىمىز باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ جەمئىيەتكە ئاشكارىلايدىغان نەتىجىلىرىدىن كېيىن قالمىسۇن. بىلىسىلەر، بۇ بىز ئۈچۈن ئۆلۈم!...

تۇمان قاپلىغان بازار يېڭىدىن-يېڭى شاۋقۇن تۇغاتتى. سانجاق-سانجاق بولۇشقان كىشىلەر تۇمان قېتىدا، شاۋقۇن بويلاپ تېپىرلايتتى. ھەممە ياق، ھەممىلا نەرسە شاۋقۇندىن يارالغاندەكلا ۋە مەڭگۈ شاۋقۇنغا ئەسىر بولۇپ ياشايدىغاندەك ئىدى...

ۋاقىت شاۋقۇنلاپ ئۆتەتتى. لېكىن، زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچ كىشى دەپ بېرەلمەيتتى. يوچۇن بالا بولسا، ئۆزىگە يوچۇن كۆرۈنگەن بازارغا قەدەم ئېلىپ ئۆلگۈرگەنىدى.

قانداق يەر بولغىيتى بۇ؟ كىشىلەر نىمانداق كۆپ، نىمىشقا مېڭىشىدۇ، نەگە ئالدىرايدۇ؟

ئۇنىڭ غۇۋالاشقان تەپەككۇرىدا مۇشۇنداق سوئاللار ئويغانغاندۇر ۋە بەلكى ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن شاۋقۇن ۋە چىداپ بولماس دەرىجىدىكى تېز رېتىم بۇنچىلىك ئويلاشقىمۇ پۇرسەت

www.kitaphumar.com

بەرمىگەندۇر. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، شۇ تاپتا ئۈنىڭ ھەر قانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك مەڭدەپ قېلىۋاتقانلىقى چىراي ئىپادىسىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىۋاتاتتى. راست، ئۈنىڭچە ھەممە غەلىتە ئىدى. كۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسە غەلىتە كۆرىنەتتى. بىر-بىرىنى ئۆسمەكچىدەك، تاپ باشتۇرماي قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ھەر رەڭدىكى ۋە ساناقسىز ماشىنىلار، ئېگىزلىكىدىن ئاسمان قېنى، كۆن قېنى، دېگۈزىۋاتىدىغان ناتونۇش بىنالار....ھەممىسى غەلىتە ئىدى. ئۇ ھەيران قالاتتى، ئالاقزادە بولاتتى-يۇ، نېمشقا كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. يېنىپ كېتىشمۇ خىيالىغا كەلمەيتتى. پەقەت مېڭىشلا كېرەكتەك، يەنە كېلىپ ئالدىغا مېڭىش ئۆچۈنلا كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۈنىڭ ئۈنتۇلۇپ قالغىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان يۈرىكى، خۇددى گاڭگىراپ قالغان ئىگىسىنى ئۈرۈپ يېقىتىۋەتمەكچى بولغاندەك كۆكرەك قەپىزىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. بوغۇزى ئۈنىڭدىنمۇ بەتتەر قىسىلاتتى. ياناقتەك كۆرۈنىدىغان، قاڭشارلىققىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇرنىنىڭ بىر جۈپ تۆشۈكى نەپەس ئالماشتۇرۇشقا يېتىشمەيۋاتقاندەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۈنىڭ ئېغىزىمۇ ھاڭدەك ئېچىلىق تۇراتتى. ئويۇر كۆزلىرى ئەتراپقا ئەندىشىلىك تىكىلەتتى-يۇ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئىدى. شاۋقۇندىن قۇلاقلىرى يېرىلىپ كېتەي دېيتتى-يۇ، يەنە ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. يۈرىكى، ھەي...يەنە شۇ يۈرەك ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەندىشىلىك تىترەيتتى. چىرايى بولسا، قانسىز، تىنچسىز، چۈشىنىكسىز، تەسۋىرلىگۈسىز....

ھەممە ئۆز غېمى بىلەن ئالدىراش يۈرسىمۇ، بىراق ھېچكىشى قىزىقىشىنى ئۈنتۇپ قالمىغاندى. يوچۇن بالا توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممىنى قىزىقتۇراتتى. بازارغا كەينى-كەينىدىن ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى خەۋەرلەر ئىچىدە بۇگۈنكىسى ئەڭ قىزىقارلىقى ئىدى. چۈنكى، بازاردىكىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆزى ئاڭلىغان ئاجايىپ خەۋەرلەرنىڭ قاتناشچىسىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. بىراق بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە. تېخىمۇ قىزىقى، يوچۇن بالىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى غەلىتە خەۋەرلەرگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنى-ھە!

- ئەنە كەلدى!

- بىز تەرەپكىمۇ كەلدى!

سودىگەر-يايمىچىلار ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. قانداقتۇر بىر چوڭ سودىدا زور پايدىغا ئېرىشكەندەك، بىر-بىرىسگە خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

بالا، گۈرۈلدەپ تۇرغان شاۋقۇندىن باشقىسىنى ئاڭلىمايتتى. ئۈنىڭ گاڭگىراش ۋە ئەندىشلىرىدىن پەيدا بولىۋاتقان بىر قاتار غوۋا گۇمانلىرىمۇ قەلبىنىڭ قات-قېتىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان تىنىمسىز شاۋقۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

www.kitaphumar.com

- بىز تەرەپكە كەلسەڭ زىيان تارتمايسەن. بۇياققا كەل، بالا.- ئۇچاقنىڭ كۈيسىدەك قارا بىر ئادەم، سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بالىغا پارقىراق خالتىسىغا قاچىلانغان ئالمىدىن ئىككى تال تەڭلىدى.

بالا كەلدى. ئۆزگە تەڭلەنگەن نەرسىنى ئالاي دەپ ئەمەس، ئىختىيارسىز ۋە تەبىئىي ھالدىلا كەلدى.

- ھە، ياخشى قىلدىڭ، ھە.- دېدى گېپىمنى چۈشىنىپتۇ دەپ ئويلىغان ھېلىقى قارا ئادەم، باشقىلار ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ.- ئەپتىڭدىن قارىغاندا، سەنمۇ مەندەكلا بىچارىدەك قىلىسەن. يەنە كېلىپ، يىراقتىن كېلىۋېتىپسەن. ئازراق بىر نەرسە يەۋال. ئاندىن پاراڭلىشىمىز. مازاردىن تۇغۇلغىنىڭ راستمۇ، قانداق تۇغۇلدۇڭ....ھەممىنى شۇ چاغدا دەپ بېرىسەن، ھە، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ئاله.

بالا بېشىنى ئىككى ياققا ئىرغىتتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدى.

نېمىدەپ ئالمايسەن، ئاله!- تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئەزۋەيلىدى بايىقى ئادەم.- تارتىنما، پەقەت تارتىنما. ئىككىمىزنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىمۇ ئوخشايدىكەن. يوغان، ئولتۇرۇشقان...

- ئۇنىڭكىنى ئالغۇڭ كەلمىسە، ماۋۇنى يە،- ئالدىراپ ۋارقىرىدى خېرىدارىغا بىر نەرسە جىڭلاپ بېرىۋاتقان قىزىل چاچ سودىگەر، كۆپ-كۆك ۋە شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ.

بالا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، بۇ غەلىتە كۆرۈنگەن يايمىچىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۈن-تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ توختىماي ماڭاتتى. تۇشمۇ-تۇشتىن بىر نەرسە تەڭلەپمۇ، ياغدەك سىيلىق گەپ قىلىپمۇ، ھەتتا چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ بېقىپمۇ ھېچكىم ئۇنى توختىتالمايتى. سودىگەرلەر ئۇنى تالىشىپ قىزىرىشاتتى. خېرىدارلار سودىسىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىۋېلىشقانىدى. شوپۇرلار بويۇنداپ قارىشىپ، قاتناش قىستاڭچىلىقى پەيدا قىلماقتا ئىدى...

ئۇ، بازارنىڭ قانداق كوچىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغان، بىر نەرسە تەڭلىگەن ۋە ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭمۇ سانى يوق ئىدى. ئۇ پەقەتلا ماڭاتتى، ماڭاتتى...

- مازاردىن تۇغۇلغان بولساڭمۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەنسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شالاڭراق بولسىمۇ ساقىلىڭ باركەن. قېنى، يېنىمغا بىر كەلگىنە ئاداش،- دېدى ساقاللىرى شالاڭ كەلگەن، پىستان كۆز بىر ئادەم، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بالىغا قولىنى ئۇزارتىپ.- قانداق كەلدىڭ، نېمە ئىش قىلىسەن، بىر پاراڭلىشىپ باقايلى. ئەگەر ماشىنا ھەيدىيەلىسەڭ، سېنى يېنىمدا ئەپقالاي. ساقىلىڭغا مەستلىكىم كېلىپ قالدى مېنىڭ. شۇ ساقىلىڭنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن....

www.kitaphumar.com

بالا ھېچنېمىنى ئاڭقىرمايلا، ھاڭۋاقىنىچە بىردەم تۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن شالاڭ ساقال ئادەم، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراشلىرىغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە:

- يېنىمدا تۇرساڭ زىيان تارتمايسەن. بەك ماشىنا ھەيدىگۈڭ كەلمىسە، باشقا ئىش قىلساڭمۇ بولىدۇ. تورۇبا يولىنى رېمونت قىلسەن، تەرجىمە شىركىتىدە ماتېرىيال تەرجىمە قىلسەن .... ــ دېدى.

- مەندە ئىشلىسەڭ، شەخسىي ئايروپىلانىمنى ھەيدەپ بېرىسەن.

- ئات دېگەن نەرسىنى مىنەلەمسەن، تېرت چوُ! قىلىپ، مۇنداق،- ئاتقا مىنگەننىڭ ھالىتىنى كۆرسەتتى پور كۆتەك يەنە بىر ئادەم،- ئەگەر مىنەلىسەڭ، ئەڭ يۇقىرى مائاش بېرىپ ئىشلىتىمەن. مەندە ماشىنا، ئايروپىلان ھەيدەيدىغانلار تولا، ئات مىنەلەيدىغانلار يوق. ئات دېگەن نەرسىنىڭ ئايروپىلاندەك خوتى، رولى بولغان بولسىغۇ...

شۇنچە گەپ بىكار كەتتى. بالا كۆزىنى بىردەم مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرىۋېتىپ، بېشىنى ئاۋۋالقىدەكلا ئىككى يانغا ئىرغىتتى. ئۇ، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى قېتىدا، قولاشمايۋاتقان پۇتلىرىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى.

- يوچۇن بالا گاچىكەن!

تەۋرەپ تۇرغان شاۋقۇنلۇق بازاردا بىردىنلا مۇشۇنداق گەپ تارقالدى. قىزىقسىنغان،ئەس-خىيالى يوچۇن بالا ھەققىدىكى ئاجايىباتلاردا قالغان كىشلەر بۇ ئۇچۇرنىمۇ ھەممە ياققا تارتىپ ئۇلگۈردى. بالا بولسا، ئاۋۋالقىدەكلا ماڭاتتى، گاڭگىرايتتى...

- گاچا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ھەم گاس دېگەن گەپتە،- يوچۇن بالا سەۋەبىدىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان يەنە بىر كوچىدىكى كۆككۆز ئادەم، شاۋقۇن قېتىدا قىستىشىپ تۇرغان كىشلەرگە ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېيتتى،- قاراموق كوچىدىكىلەر بىكار ئاۋارە بوپتۇ.

- ھەي بالا، سېنى گاچا دەيدۇ، راستمۇ؟- دېدى يوچۇن بالىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان تاقىرباش بىر ئادەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ،- مانا، قۇلۇڭ بىزنىڭكىدەك گۆش-سۆڭەكتىن پۈتكەن قولكەن. ھەممىلا يېرىڭ بىزگە ئوخشايدىكەن. راستتىنلا ئادەم ئىكەنسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا سۆزلىيەلمەيسەن، تىلىڭغا نىمە بولدى؟

- گاچا بولسا، مەن ئۇنى ئىشلەتمەيمەن. تىلى يوق ئادەم يوق ھېسابىدىكى ئادەم.

- توغرا دەيسەن، گاس بولسىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، خەقنىڭ گېپىنى ئۇقمىسا قانداق بولىدۇ.

- ھاي!...ھاي-ي-ي!...ھە، مۇشۇنداق دەپ ۋارقىراپ باق دەۋاتىدۇ،-گەپ قىستۇردى ياندىكى يەنە بىر ئادەم قاتتىق تووۋلاپ تۇرۇپ.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

-ئى،ئى!...

باللىنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى قېتىدىن تۇيۇقسىز باچكىنىڭ زەئىپ قىچقىرىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋاز چىقتى. بۇ ئاۋاز شۇنچە پەس ۋە ئۇقۇمسىز بولسىمۇ، بازاردىكى ھەممىلا ئادەم تولۇق ئاڭلىغاندەك بولدى.

- گاس ئەمەسكەن، گاچىكەن.

- نەدە گاچا بولىدۇ، گومۇشكەن.

- گومۇش دېگەن قانداق گەپ، سۆزلىيەلمەيدىكەن.

- ياق، ئۇنىڭ ئاۋازى بارىكەن. دېمەك، گاسمۇ، گاچىمۇ ئەمەستەك. گېلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تىلىنى بۇغۇپ تۇرۇۋاتقان بىرەر توسالغۇ بارمۇ قانداق؟

- ھازىر تارقىلىۋاتقان كېسەللەرگە بىر نېمە دەپ بولمايدۇ.

- گاس بولامدۇ، گاچا بولامدۇ بەرىبىر، ماڭا ئىشلەپ بېرىشكە ئۇنىسىلا، ئۇنى يېنىمدا ئېلىپ قالىمەن. ھېچ ئىشقا يارىمىسا، تۆمۈر قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە قىلىمەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ پۇل.

بازار ئەھلى مۇلاھىزە قىلىشاتتى، تالىشاتتى، گۇمانسىرايتتى، ئۈمىدسىزلىنەتتى.

- ھېچنېمىنى چۈشەنمىسە، ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟

-چۈشەنگىلى بولمايدىغان قانداق بالا ئۇ؟

بالا راستىنلا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى ئۆزىگە تارتالمايتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ھامان بىر خىل ئاۋاز-مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئارىلاشما گۈلدۈرلەشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرى بولسا ئاۋۇالقىدەكلا مۆلدۈرلەيتتى. ئالاقزادە، چۈشىنىكسىز، تېنچسىز، نۇرسىز.....

- يوچۇن بالا ئۆلۈككەن!

- مانا دېمىدىممۇ، مازاردىن پەقەت ئۆلۈكلا تۇغۇلىدۇ!

- ئالدىنىپتۇق!

- ئۆلۈكنىڭلا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپتۇق!

بازاردا يەنە نۇرغۇن گەپلەر بولۇنغاندۇ. كىم بىلىدۇ، تالاي كىشلەر ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەت قىلغاندۇ. لېكىن، بۇلار بالا ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. ھەممە بىر بولۇپ، پەلەككە يەتكىدەك يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا پەقەت غۇڭۇلداش، ئاخىرىغا بېرىپ گۈرۈلدەش بولۇپلا ئاڭلىناتتى. ماختاش، تىللاش، قىزىقتۇرۇش، قورقۇتۇش....ھەممىسى ئوخشاش ئىدى.

www.kitaphumar.com

مېڭىش داۋام قىلاتتى. مەنبەسىز، مەنزىلسىز، خۇددى كونتروللىقنى يوقاتقان ماشىنا ئادەمدەك.

ئالاقزادىلىك...ۋە يەنە بىپەرۋالىق....

زىدىيەتلىك، مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە كېتىۋاتقان بالا تۇيۇقسىزلا چۆچۈپ توختىدى. ھەئە، بازاردىكى ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ توختىدى. بىرەر كىشىنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، نېمىتى ۋە گېپى بىلەنمۇ ئەمەس، ئۆزى خالاپ توختىدى. بۇ ھال ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

- ھەر نېمە قىلساقمۇ توختىمىغان بۇ بالىغا ئەمدى نېمە بولغاندۇ؟

- ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان گومۇشقا نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟

كىشلەر، تۇمانغا ئارىلىشىپ كەتكەن شاۋقۇن قېتىدىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىن نەزەر سالدى. بالا، بازارغا قەدەم باسقاندىن بويان تۇنجى قېتىم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. ئۇ بېشىنى تىك ۋە سەل يېنىچە تۇتۇپ قانداقتۇر بىر ئاۋازغا دىققەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى قانداق ئاۋازدۇ؟ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقاندۇ؟ ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا شۇ بىرلا سوئال ئىدى. ئەمما، ھېچ بىرىدىن جاۋاب چىقمايتتى.

بالا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق ۋە ئاجايىپ بىر خىل ئاڭلىقلىق بىلەن، كوچىنىڭ چېتىدىكى تارچۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ تېزلەشكەن قەدەملىرىگە، قەدەمدىن بۇرۇن تېمىسقىلاپ كېتىۋاتقان قولاقلىرىغا، ھوشيارلىق كۆچىدىن ئويناپ ۋە چىملىداپ تۇرغان كۆزلىرىگە كەسكىن بىر مۇددىئا سىڭىپ كەتكەنىدى....

ئۇ، ئەمدى ئېنىق ئاڭلىدى، ئۈچ تەرىپى ئەينەك بىلەن توسۇلغان كىچىككىنە بىر ئۆيدىن مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتاتتى!

دۇكان ئىگىسى سىرتقا ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ ئاۋازىنى بىردىنلا كۆتۈرىۋەتتى. بازار ئەھلى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان، لېكىن ھېچكىشى ئېتىبار بەرمەيدىغان قەدىمي بىر كۈي تار كوچىنى لەرزىگە سالدى. بالىنى جەلپ قىلىپ كەلگىنى مۇشۇ كۈي، دەل مۇشۇ كۈي ئىدى.

ئۇ، ئەتراپقا ئۇلىشىۋالغان سان-ساناقسىز كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، جۇشقۇن بىر ھالەتكە ئۆتتى. قانداقتۇر بىر كۈچ تومۇر-تومۇرلىرىدىكى ئويغان قانلارنى قىزىتىۋاتقاندەك، ئۇرنىدا تۇرالمايلا قالدى. قەدەم ئېلىشقا قولاشمايۋاتقاندەك كۆرۈنىۋاتقان پۇتلىرى نېمىدىندۇر قۇۋۋەت تاپقاندەك، يەڭگىل دىكىلداشقا باشلىدى. بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا سىيلىنىپ كەلگەن كۈچسىز قوللىرى پۇتلىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك، ئۆز-ئۆزىنى دەسسەپ كۆرمەكچى بولغاندەك ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، پۇتىغا ماس ھەركەتلىنىشكە باشلىدى....

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

مۇزىكا تېخىمۇ كۈچەيدى....شاۋقۇن مۇزىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ سەزگۈلىرى مۇزىكا تەرەپكە تامامەن ئېغىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، شاۋقۇنمۇ بىلىنمەيتتى. تۇمانمۇ سېزىلمەيتتى. مۇزىكا زامانىۋىي ئوركېستىر بىلەن ئورۇنلانغانىدى. ئۇنىڭ بىر يەرلىرى قايسى بىر ئەلنىڭ مۇزىكىسىدەك ئاڭلىناتتى، يەنە قايسى بىر مېلودىيەسى ھەممىشە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مودا مۇزىكىلارنىڭكىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. قىسقىسى، بۇ، ئەبجەش مۇزىكىدەك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن سېزىلىپ تۇرىۋاتقان ئۆزگەرمەس ۋە ئۆزگىچە بىر رىتىم، مۇزىكىنىڭ ئومۇرتقا قىسمىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان بىر مېلودىيە بالىغا بارغانسېرى ئايدىڭ بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە، مۇزىكا قانچىلىك ئۆزگىرىش ياسىسۇن ۋە بۇزۇپ چېلىنسۇن، بەرىبىر ئىدى. جۇشقۇن، مەردانە، ئۆزگەرمەس ۋە يوقالماس بىر رىتىم ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ باراتتى. ئۇنىڭ پوستلاق قېتىدىن ھەققىي، گۈزەل بىر ئاۋاز يۈز ئېچىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ ئاۋاز ئېنىق، كۈچلۈك، رىتىملىق ۋە تارتىملىق ئىدى!....

بالا ئۆزىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. كۈچلۈك ئاۋاز تەسىرىدە، مېڭىسىنىڭ قانداقتۇر بىر قاراڭغۇ پوستى سويۇلۇپ چۈشكەندەك، چوڭقۇر بىر جايلاردىن يورۇق رىتىم بىلەن تومۇرداش نېرىڭلار تىرىلىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى. ۋۇجۇدى ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان قۇش قاناتلىرىدەك لىغىلداپ تىترەيتتى. قاتقان تەپەككۇرى، ئۇنتۇلغان خاتىرىلىرى، مۇزلىغان خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلىرى ...ھەممە، ھەممىسى پورۇقلاپ قايناۋاتقاندەك، چاراسلاپ يېرىلىۋاتقاندەك، كۈچ بىلەن، زەرب بىلەن قاسىراق تاشلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى، قان ئەمەس، ئوت ئىدى. ئۇ كۆيدۈرگۈچ كەلكۈن بولۇپ تومۇر-تومۇرلارغا يامرايتتى. بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قىزدۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى. ھەممە ئويغۇنۇش، ھەممە تىرىلىش مانا مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى....

تۇنۇش رىتىم...

تۇنۇش مېلودىيە....

- مەن گاچا!!

بالا قىزىش چېكىگە يەتكەن ئارغىماقتەك ۋارقىرىغان ۋە سەكرىگەن پېتى ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى ئىزدىگەن قانداقتۇر بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك قىلاتتى. شۇئان، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان تونۇش گەۋدىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى. كۆز ئالدىدىكى ساناقسىز كىشىلەرمۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ھالەتتە كۆرۈندى.

- مەن ئۇسسۇل ئوينايدىغان گاچا، سىلەرمۇ ئويناڭلار، ھەممىڭىز ئويناڭلار!

ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئوينايتتى. ۋارقىرايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كىشىلەر كۆرگەن گۇمۇش ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئەتراپتىكىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. ئاجايىپ بىر

www.kitaphumar.com

مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئىغىزلىرىنى ھاڭدەك ئېچىشىپ، كۆز ئالدىدىكى كارامەتكە قاراپ بۇتتەك قېتىپ قېلىشتى. تېخى ھېلىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي يۈرگەن گوموش مۇشۇ شۇمۇ. «ئىھ-ئىھ» دىن باشقا بىرەر ئىغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمىگەن گاچا مۇشۇ بالا شۇمۇ. دۇنيا نېمە بولۇپ كەتتى. بۇ بازار نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

ھەممە ھەيران، پۈتۈن بازار ھەيرەتتە ئىدى. بالا بولسا، تېخىمۇ ھەيران قالسۇن دېگەندەك، زوق-شوخ بىلەن ئۇسسۇلغا تەككەنىدى. ئۇنىڭ پىرقىراۋاتقىنى قانداق ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى ھېچكىشى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇسسۇل دېيىلىدىغان سەنئەت ھەركىتى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. يائاللا، ئۇسسۇل دېگەنمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئوينۇلىدىغان ھەرىكەت ئىكەن. نەدە يۈرۈپ ئۆگەنگەن بولغىيدى بۇ گاچا، ياق، بۇ بالا. مۇشۇنداق چىرايلىق ھەرىكەتنى بازار ئەھلى نېمشقا بىلمەيدىغاندۇ؟ بۇ بالا كىم ئۈچۈن، نېمشقا ئوينايدىغاندۇ. ئۇسسۇل ئويناپ پۇل تاپقىلى بولامدىغاندۇ، يا ئۇسسۇل گاچىغا زۇۋان، گوموشقا جۈرئەت بېرىدىغان ھەرىكەتمىدۇ؟

مۇزىكا ئۇدارى بارغانسېرى كۈچىيەتتى. ئۇسسۇل ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ۋىجىك گەۋدە گويا مۆجىزىلىك ئۇسسۇل ماشىنىسىدەك تىنىمسىز چۆرۈلەتتى، پىرقىرايتتى. ئۇنىڭ تولغۇنۇشلىرى ئۇسسۇل، قول كۆتۈرۈشلىرى ئۇسسۇل، قەدەم يۆتكەشلىرى، ھەتتا سەكرەشلىرىمۇ ئۇسسۇل ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە ئۆچمەس سۈرەت بولۇپ سىزىلاتتى. سۈرەت سۈرەتكە ئۇلۇشۇپ كېلەتتى. سۈرەت سۈرەتنى پۈتۈنلەپ باراتتى. ھەيرانلىق قاپلىغان ۋۇجۇدلاردىكى مۇكەممەللەشكەن سۈرەتلەر ئەمدى قانغا ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. مۇسكۇللار غىدىقلىناتتى، تومۇرلار كۆپىشەتتى....

دۇكان ئىگىسى توختىماي قويدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، مۇزىكا تويۇقسىز توختاپ قالدى. ئەمما، بالا بۇنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇزىكا تېخىمۇ جۇشقۇن، ئويناق ئۇدار بىلەن ياڭراۋاتاتتى. بازاردىكى ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۇسسۇل دۇنياسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر ئويناپتتى. بازار ئاۋۋالقىدەكلا قايناپتتى.....

- ئوينا!....

- ئوينا!....

بالا ئۆزىنى ئونتۇغان ھالدا ئويناۋېتىپ، بىردىنلا يولنىڭ چېتىدە تاشلىنىپ قالغان تاياقچىغا ئىسىلدى ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنى ئىككى قىلىپ سۇندۇرۇپ، يايمىچىنىڭ ئالدىدىكى كونا داسنى تاراڭشىتىپ چېلىپ ئۇلگۇردى. بىر جۈپ قاتتىق تاياق داسقا رىتىملىق، ئەمما شىددەتلىك ئۇرۇلاتتى. داس بولسا داراڭلايتتى، تاراڭلايتتى، ياق مۇزىكا بولۇپ جاراڭلايتتى!

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن چىلىۋىتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا قاراپ قويدى. قارىدى-يۇ، ھەيرانلىق ۋە ھاياجاندىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدى: مازار كىشىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى!

ئەمدى ئۇ، ناخشىنىمۇ ئۆزى توۋلاۋاتاتتى. ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھەيرانلىق ۋە بېسىۋالغۇسىز ھاياجان ناخشا بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

- مەن گاچا، ناخشا ئېيتىدىغان!

- مەنمۇ گاچا، ئۇسسۇل ئوينايدىغان!

- مەنمۇ گاچا، مۇزىكا تىڭشايدىغان!

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلا بىلىدىغان تىلدا، تەرەپ-تەرەپتىن شۇنداق دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. لېكىن، مەزمۇنداش گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ھېچقايسىسى بىلىشمەيتتى. داسقا تەگكەندەك قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ، ئوتتۇرىغا ۋارقىراپ چۈشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىلىدىغان بىر تەرىسسى-ئۇدار، تونۇش، قەدىمىي، جۇشقۇن ۋە مەردانە ئۇدار ئىدى. باياتىن بىرى قانلارنى قىزىتقانمۇ، قىزىغان قانلاردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانمۇ يەنىلا مۇشۇ تۈگىمەس ئۇدار ئىدى!

- ئوينايلى!....

- ئوينا!...

مانا ئەمدى ھېچكىشىنى توسىۋالغىلى بولمايتتى. گاچا بىلەن گومۇش، بازارلىق بىلەن مازارلىق غايەت زور ئۇسسۇل قوشۇنى بولۇپ، بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. بالا بولسا، ئۇسسۇلچىلار توپىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كونا داسنى قىزغىنلىق بىلەن تاراڭشىتىپ، مازار ئەھلىگە تونۇش، ئەمما ئۆزىلا ئېيتالايدىغان ناخشىسىنى تىماي توۋلايتتى....

- تاپتىم، ئۇلارنىڭ ئوخشايدىغان يېرىنى تاپتىم، ئۇستاز!

ئەتراپنى بولۇتلار ئوراپ تۇرغان ئېگىز بىنادىكى تەتقىقاتخانىدا، كومپيۇتېرغا ئەمەس، بازاردىكى مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ تۇرغان قاپ-قارا ساقاللىق بىر يىگىت شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە پەسكە قاراپ يۈگۈردى.

« بۇ، كۈندە دېگۈدەك مۆجىزە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بازار ئىكەن.» ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، كىشلەر ئەستايىدىل بىر تارىخچىنىڭ خاتىرىسىدىن شۇنداق جۈملىلەرنى كۆرۈشتى. «مازارنىڭ ئانا بولغىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قىلىشىدىم. مانا ئەمدى غەلىتە بىر مۇزىكا مازار ئەھلىنى ئۇسسۇل قېتىدا تىرىلدۈردى. قانداقتۇر بىر مۇزىكا بىلەنلا، گومۇشلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان، گاچىلارنىڭ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ كەتكىنىگە تېخىمۇ ھەيرانمەن...»

www.kitaphumar.com

تارىخ ئوبزورچىلىرىنىڭ كېيىنكى كۆنلەردە بۇ خاتىرىگە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىلگىلى بولمايتتى. بىلىدىغىنىمىز: بازار يېڭىچە بىر شاۋقۇندا قاينايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئامبىرى

www.uyghurkitap.com



# يەتتە قىزلىرىم

## ( ھېكايە )

**ئابباس مۇنىياز تۈركىقان**

(1)

جەڭنامىلەر كاملى بولغان مەدداھ بوۋىلار نىمشقىدۇر، يېقىندىن بېرى كوچىلاردا ئۆزىنى كۆرسەتمەس بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارغا بولغان سېغىنىش ئوتىمىزنى ئەتراپىمىزدىكى تارىخچى تاغىلارنىڭ قىسسىلىرى بىلەن بېسىپ كېلىۋاتاتتۇق. ھە ـ ئە، ئۇلار ماڭغان يولدا ئەمدى تارىخچى تاغىلار كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى كۆزەينەك تاقايتتى. كۆپىنچىسىنىڭ چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاپئاق ئىدى. ئۇلار ھەممە كوچىلاردا بولغىنى ئۈچۈن، بىز ئاڭلايدىغان ھېكايىلەرمۇ بەك كۆپ ئىدى. ئېيتقانسېرى شاخلاپ ۋە چوڭقۇرلاپ بارىدىغان بۇ ھېكايىلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاقلارغا، يىراقتىن ـ يىراقلارغا تارايتتى...

ـــ مانجۇلارنىڭ چەنلۇڭ خانى دەۋرىدە، شەھىرى ئۈچتۇرپاندا « يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتالغان قەھرىمان ھەدىلىرىڭلار ئۆتكەن. يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنى دەل مۇشۇ ھەدەڭلار باش بولۇپ ئېلىپ بارغان باللىرىم...ـــ دەپ ھېكايىلىرىنى باشلايتتى تارىخچى تاغىلار،خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا تۇنجى ھېكايىسىنى «يەتتە قىزلىرىم» دىن باشلاپ. ئۇلارنىڭ بۇ ھېكايىسى بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق ئۆتمۈش زامانىدا، كونا ئولتۇرار تامانىدا، پالانى ئاتلىق ماكانىدا ئاجايىپ بىر باتۇر ئۆتكەنىكەن.... دەپ باشلىنىدىغان قىسسەلەردىن كەسكىن پەرق قىلاتتى. بولۇپمۇ، بۇ ھېكايىلەرنىڭ قىلغانىكەن ، بولغانىكەن، ئۆتكەنىكەن ... دېگەندەك چۆچەك ئېيتىش ئۇسلۇبىدىكى جۈملىلەر بىلەن ئەمەس، قىلغان، بولغان، ئۆتكەن... دېگەندەك چىنلىق تۈسى قويۇق بولغان، ئادەمنى خۇددى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىشەندۈرۈدىغان جۈملىلەر بىلەن باشلىنىشى بىزنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالاتتى. بىز گويا جەڭگە قاتناشقان قەھرىمانلارنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن تەسىرلىك جەڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلايتتۇق. مۇشۇنداق چاغدا، ئويۇن دېسە بەشكۈنلۈك يەرگە چېپىپ بارىدىغان باللارمۇ ھەممە كەيپسىزلىكلىرىنى تاشلاپ، تارىخچى تاغىلارنىڭ ئەتراپىغا ھەسەل ھەرىسى گۈلگە ئولاشقاندەك ئولىشىۋېلىشاتتى. تارىخچى تاغىلار بولسا تېخىمۇ روھلىنىپ

www.kitaphumar.com

كېتەتتى، ـــبۇ يەتتە قىزلارنىڭ باشچىسى مايسىخان ئىدى. ئۇ، ئۈچتۇرپاننى سورايدىغان ئىبلى بەگ ئاتلىق بىر تۆرەمنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھۆسنى ـ جامالدا تەڭداشسىز ئىدى. قىلىچۋازلىق، مەرگەنلىكتە ھېچبىر كىشى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ناخشا ـ ئۇسۇل، شېئىرىيەت بابىدىمۇ تەڭتۇشلىرىغا يول بەرمەس ئىدى. زوھرا، دىلبەر، غۇنچەم، گۈلئايىم، ئەختەرنىسا، قەمبەرنىسا.... قاتارلىق ئالتە نەپەر قىز ئۇنىڭ ھەمساۋاقلىرى ۋە مەخسۇس نەۋكىرى ئىدى. ئۇلارمۇ ھۆسن، پەزىلەت، پاراسەت ۋە ماھارەتتە يېتىلگەن قىزلار ئىدى. مايسىخانغا ھەمراھ بولۇپ، خۇددى ئەرلەردەك، ئات مىنەتتى. ئوۋ قىلاتتى. چەۋەندازلىقتىمۇ ھەممىنى تاڭ قالدۇرۇدىغان ماھارەت ئىگىلىرى ئىدى.... ئايلار ئۆتۈپ ـ يىللار ئۆتۈپ، ئىبلى بەگ قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۈچتۇرپاندا ھەق ـ ئادالەت قۇياشىمۇ پاتتى. ئىنساپ ـ دىيانەتلەر كۆتۈرۈلۈپ، زۇلۇم ـ ستەم چېكىگە يەتتى. ... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كونىلار « جىگدە يېغىلىقى » دەپ ئاتايدىغان بىر قوزغۇلاڭ بولدى. بۇ قوزغۇلاڭغا بىز گېپىنى قىلغان مايسىخاننىڭ چوڭ ئاكىسى رەخمىتۇللا، ئۇ جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىچىك ئاكىسى ئەسمىتۇللا باشچىلىق قىلدى. مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇش شۇنچىلىك قاتتىق بولدىكى، بىر ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى. ئۈچتۇرپان شەھرى دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتكە تولۇپ كەتتى. مانجۇلاردىنمۇ سان ـ ساناقسىز چېرىك ئۆلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۈچتۇرپان خەلقى شەھەرنى مانجۇ چېرىكلىرىگە بەرمىدى. چوڭلار ئۆلسە، ياشلار؛ ياشلار ئۆلسە، گۆدەكلەر قولىغا قورال ئېلىپ، ئەزىز شەھىرىنى جان تىكىپ قوغدىدى. ئۈچتۇرپان تارىخىدا، ياق، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق مەردانە ئېلىشىش كام كۆرۈلىدۇ. بەك كام كۆرۈلىدۇ! لېكىن، لېكىن... باللىرىم، شۇ ئارىدا ئۆز ئىچىمىزدىن خائىن چىقتى. ئاڭلاۋاتامسىلەر، ئارىمىزدىن مۇناپىق چىقتى باللىرىم! ئەسمىتۇللا بەگكە ئىنتەك سۇۋۇلىنىپ يۈرۈدىغان شېرىپ، ساۋۇت دېگەن ئىككى مەلئۇن، سېپىل ئىچىدە تۇرۇپ شەھەرنى قوغداۋاتقان قېرىنداشلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى مانجۇ چېرىكلىرىگە سېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر قولدىن كەتتى. بىر ئايدىن بۇيان سېپىل يېنىغا يېقىن يۇلىيالمىغان چېرىكلەر بىردەمدىلا شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۆلتۈرگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغان ئونمىڭلىغان ئەركەكنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، ئاتلارغا سۆرۈتۈپ، قامچا، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، ئىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېرىكلەر ئەر زاتى قالمىغان شەھەرنى خالىغانچە ئاياق ـ ئاستى قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، جەڭ مەيداندىن ئاسراپ ئېلىپ چىققان قېرى ـ چورىلار، ئايال ۋە باللارنى قوغداپ، يىراق تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە مۆكۈنۈپ ياتقان مايسىخان باشلىق يەتتە قىز ئەرەنچە ياسىنىپ جەڭگە كىردى. بۇلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلىقى، ۋاي بۇلارنىڭ قەيسەرلىكى!.....

www.kitaphumar.com

هېكايە ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەندە، مايسىخان باشلىق يەتتە پالۋان قىزنىڭ تۇرانە ئـوبرازى كـۆز ئالـدىمىزدا قايتىـدىن نامايـان بـولاتتى. بـىز ئۇلارغـا ئەگىشـىپ، قـانلىق جەڭ مەيدانلىرىغىچە كېتىپ قالاتتۇق....

(2)

ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى. ھارارەتلىك قۇياش بىر خىلدا ئېسىلىپ تۇراتتى. يەر ـ جاھان گويا غايەت زور ئوت پۈركۈگۈچى جىسىمنىڭ تـاپىنى ئاسـتىدا قالغانـدەك يېلىنجاپ كـۆيەتتى. ھەممىلا ياق لاۋۇلـدايتتى. ياللىـدايتتى. ئـاتەش زېمىـن ۋە ئۇنىڭـدىكى جىمـى مەخلۇقـات ئـوت تەپتىدىن ۋىژىلداپ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. كۆيۈكلەر ئېچىشاتتى، چىداپ بولماس ئاچچىق يۇتقاندەك، ئوت تىرنىدا نىقتاپ تىلغاندەك!...

ئەتىراپ دىمىق ئىدى. نەپەس بۇغۇلاتتى. يۈرەكلەر قىسىلاتتى. قـىلىن سـېپىللار بىـلەن قورشالغان قەدىمىي ئۇچتۇرپان شەھىرى جەسەتلەر خارابىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شەھەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن قۇيۇق ئىس كۆتۈرۈلەتتى. چىرىگەن جەسەتلەرنىڭ بەدبۇي پۇراقلىرى قېلىن سېپىل تېمىدىن ھالقىپ، يىراق ـ يىراقلارغىچە تارالغانىدى. توپ ـ تـوپ قاغـا ـ قوزغـۇنلار گويا پاراغەت مەرىكىسى بولغاندەك شەھەر ئاسمىنىدا تىنىمسىز ئەگىپ يۈرۈشەتتى....

تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ئەنسىزلىك بىلەن مۆكۈنۈپ يۈرۈۋاتقان بـوۋاي ـ موماي‌لارنـىڭ يـۈرۈكى ھامان ئېغىپلا تۇراتتى. ياش قىز، جۇۋانلارمۇ خاتىرجەم ئەمەسىدى. ئۇلار شەھەرنىڭ قولـدىن كېتىشـىدىن، ئوغۇللىرىنـىڭ، ئەرلىرىنـىڭ، يىگىتلىرىنـىڭ بىـرەر كېلىشمەسـلىككە ئـۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى. ھەممىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن مۇشۇ كۈنلەر تېزراق ئۆتۈپ كەتسە؛ ئەرلەرنىڭ نۇسرەت خەۋىرىنـى پـاتراق ئاڭلىسـاق دېيىشـتى. لـېكىن، كـۈنلەر سـوزۇلۇپ كېتىۋاتـاتتى. بـۇنى ئـاز دەپ، قانـداقتۇر بىـر نـامەلۇم كېسـەل سـەۋەبىدىن قېرى ـ چـورىلار ۋە باللارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئـاچلىق ۋە تەشـنالىق ئـۇلارنى قىيناۋاتقـان يەنە بىـر تەھدىت ئىدى. تويغۇدەك يېيمەن، قانغۇدەك ئىچىمەن دەپ، سىرتقا چىقىپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. ئۆڭكۈر ـ ئۆڭكۈرلەردىن باللارنىڭ يىغىسى ئاڭلىنـاتتى. قېرىلار نـالە قىلاتتـى. ... مايسىخانىڭمۇ بېشى قېتىپ كەتتى. ئۆڭكـۈردىكىلەرنى باشـلاپ باشـقا ياقلارغـا كېـتەي، دەپ ئويلايتى ـ يـۇ، يەنە سـېپىل ئىچىـدە جەڭ قىلىۋاتقـان ئەرلەرگە تارتىشـىپ كـۆڭلى ئۇنىمـايتتى. باشقىلارمۇ قىيماسلىقى مۇمكىنىدى. ئەسمىتۇللا بەگ: بىزدىن خەۋەر بولمىسا، يىراقلارغا كېتىڭلار، يەنە بىزگە بۇلۇشمىز دەپ شەھەرگە كىرىپ يۈرمەڭلار دىگەن بولسىمۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە

www.kitaphumar.com

ھارغىنلىقلارغا چىداپ جەڭ قىلىۋاتقان ئەرلەرنى تاشلاپ كېتىشكە ھېچكىشى چىدىمايتتى. پەقەت چىدىمايتتى!...

خۇدا، بىزگە ئوڭ كۆزۈڭدە قارىغايسەن. ئەرلەرگە نۆسرەت ئاتا قىلغايسەن !....

سان- ساناقسىز ئاياللار، قېرى- چۆرىلەر قاتارىدا مايسىخانمۇ شۇنداق تىلىدى ئىچىدە. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھامان شەھەر تەرەپتە ئىدى. ئەتىگەندە ماڭدۇرغان خەۋەرچى قىزنىڭ تېززاق كېلىشىنى كۈتەتتى. ...

ئۇزۇن ۋاقىت، مىڭ يىلدەك ئۇزۇن بىلىنگەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يۈرەكلەر چاك- چاك بولۇپ، كۆزلەر تېشىلەي دېگەندە، خەۋەرچى قىزنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قېرى- ياش ھەممىيلەن ئۆڭكۈردىن يۈگرەپ چىقىشتى.

ـــ مايسىخان ئاچا!... مايسىخان.... ـــ ئاتنى بورانـدەك چاپتۇرۇپ كەلـگەن قىـز، مايسىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپلا، پالاققىدە يىقىلدى.

مەلۇم بولدىكى، شەھەردە بىرەرمۇ تىرىك ئەر قالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرى سۇرگۈنگە ئېلىپ كېتىلىپتۇ. سېپىل ئىچىدە ئەرلەرنىڭ جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. مانجۇ چېرىكلىرى كۆرگەنلا نەرسىنى بۇلاپ، ئۇچرىغانلا يەرگە ئوت قويۇپ، جەسەتلەرنى ئۇرۇپ- تېپىپ يۈرگىدەك...

ئۇزاققا سوزۇلغان يىغا - زارە، دۇئا- تىلاۋەتتىن كېيىن، بىر موماي ئېغىز ئاچتى:

ـــ شۇ باتۇر شېھىتلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بولسىمۇ خارلىقتا قالمىسۇن. مومايلار يىغلىپ بېرىپ كۆمۈۋېتىپ كېلەيلى. سىلى قېرى- چورى، قىز- جۇۋانلارنى باشلاپ، باشقا ياقلارغا كەتسىلە، مايسە گۈلۈم!...

ـــ ياق، بىز بارايلى، ـــ دېدى بىر بوۋاي دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ـــ جەسەتلەرنى كۆمۈۋېتىش بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. شەھەر بىزنىڭ. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنى تاشلاپ كەتكۈلۈك ئەمەس. ئەسمەتۇللا بەگنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ، ئالتۇندەك يىگىتلىرىمىزنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇرۇش مەيدانىدىن يېنىپ چىقتۇق. ئەمدى ئۇرۇشىمىز. قېرىپ قالغان بولساقمۇ بىز يەنىلا ئەر. يىگىتلىك قورامىغا توشمىغان ئوغۇللىرىمىزمۇ چوڭلارغا بولۇشىمىز دەپ، ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كەتتىغۇ. شۇ بىچارە باللارمۇ قورقمىدىغۇ، مايسىخان بالام!؟... يامىنى كەلسە، ھامان بىر ئۆلۈم!...

ـــ بىز بارايلى، ـــ دېدى يىغلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىر قىز، ئاۋايلاپ ساقلاپ يۈرگەن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ـــ ئەرلەر قىرىلىپ، سۈرگۈن بولۇپ تۈگىدى. سەككىز- ئون ياشلىق باللارمۇ قالمىدى. ئەمدى ئۇرۇشۇش نۆۋىتى بىزقىزلارغا كەلدى. يەنە نېمىدىن

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقۇمىز. نىمىگە تارتىشىمىز. ئەرلەر ئۇچۇن قىساس ئالايلى. ئۆلۈم دېگەن شۇنچىلىك بولىدىغان ئىش ئىكەنغۇ!...

ـــ بىز بارايلى!

ـــ بىزمۇ بارايلى!

كىشىلەر تۇشمۇ- تۇشتىن چوقان سېلىشتى. قان- ياشقا تولغان كۆزلەردىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. مۇشتلار مەھكەم تۈگۈلدى. ئىمانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل بۇيۇك ۋە ئورتاق قىساس ئوتى ھەممە يۈرەكلەرنى تەكشى ئۆرتەپ ئۆتتى.

ـــ رەھمەت، قېرىنداشلىرىم!... ھەممىڭلارغا رەھمەت!... ـــ دېدى، باياتىن بېرى ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان مايسىخان، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، جامائەتكە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ـــ بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا خوش بولدۇم. سىلەردىن خوش بولدۇم، قېرىنداشلىرىم!... ئۆلۈمدىن قورقمىغان خەلق ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ. ھېچنىمىدىن قورقمىغانلارنى ھېچكىم يوقۇتالمايدۇ. بىزنىڭ بۇ زېمىندا، بۇ زېمىندا كۆز ئاچىدىغان ئەۋلاتلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قېلىشىمىزغا كۆزۈم يەتتى. ئەل رازى- خۇدا رازى. ھەق بىز تەرەپتە، خۇدا بىز تەرەپتە! ـــ ئۇ، پورۇقشۇپ قايناۋاتقان قازانغىلا ئوخشاپ قالغان كىشىلەرگە بىر ھازا كۆڭۈل سۆزى قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلدى، ـــ لېكىن... لېكىن، قېرىنداشلىرىم، بىز جىگەرلىك بولغان بىلەن، ياۋ قوراللىق. يەنە كېلىپ، قوراللىرى ناھايىتى خىل. مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ، قېرى- چۆرىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەننىڭ بىزگە ھېچ پايدىسى يوق. ھېلىمۇ ئەرلەرگە بولۇشۇپ ئۇرۇش قىلىپ، ئېغىرلىرىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان بىرمۇنچە قىز- ئوغۇللىرىمىز شېھىت بولۇپ كەتتى. ئەسمىتۇللا ئاكام دېگەندەك، بۇ يەردە تۇرغان بوۋاي- مومايلار بىزگە يەنە لازىم. قىز- جۇۋانلار كېيىنكى باللارغا لازىم. ھەممىمىز قىرىلىپ تۈگىسەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى قەھرىمان ئەرلىرىمىزنى كىم تۇغۇدۇ. بىزنى كىم ياد ئېتىدۇ؟!.... شۇڭا، ئۆزىمىزنى زورلاپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيلى. ئالدى بىلەن، بىر ئامالالرنى قىلىپ سۈرگۈنگە كېتىۋاتقان ئەركەكلەرنى قۇتۇلدۇرايلى. بۇنىڭغىمۇ ھەممىمىزنىڭ بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. شەھەرگە بىز يەتتىمىزلا كىرەيلى. پەملەپ تۇرۇپ، مانجۇلارنىڭ مۇھىم ئادىمىدىن بىرقانچىسىنى تۇتقۇن قىلىمىز. بىزنىڭ ئادىمىمىزنى قويۇپ بەرسەك، بۇلارنى قويۇپ بېرىمىز دەيمىز. قالغان ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىنى خۇداغا تاپشۇردۇق. ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارمىز.... ھېلىغىچە گېپىمنى ئاڭلاپ كەلدىڭلار. بۈگۈن ئاخىرقى قېتىم بىر ئاڭلاپ قويۇڭلار، قېرىنداشلىرىم. ئۇزۇڭلارنى باسالماي قېلىۋاتقان بولساڭلارمۇ، غەزىپىڭلار تېشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۈگۈن گېپىمنى بىر ئاڭلاپ قويۇڭلار. سىلىدىن ئۆتۈنەي، ماڭا يول بېرىڭلار، قېرىنداشلىرىم!....

www.kitaphumar.com

مايسخاننىڭ ياڭراق ئاۋازدا قىلغان تەسىرلىك سۆزلىرى ھەممىنى قايىل قىلدى. ئاخىرقى ھېساپتا، شەھەرگە مايسخان ۋە ئۇنىڭ ئالتە نەپەر نەۋكىرى- زوھرا، غۇنچەم، دىلبەر، گۈلئايىم، ئەختەرنىسا، قەمبەرنىسالار... كىرىدىغان بولدى. باشقىلار بولسا، رەمتىل بوۋاي ۋە زورىخان ئانىنىڭ باشچىلىقىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇدىغان، ئۈچ كۈنگىچە ئۇچۇر بولمىسا، باشقا يۇرتلارغا كېتىپ تۇرۇدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئەرەنچە ياسانغان يەتتە قىز ئوقيا، قىلىچ بىلەن قوراللىنىپ، چەبدەسلىك بىلەن ئاتلىرىغا مىنىشتى. پۈتۈن جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— دادامنى ئۆلتۈرگەن دۈشمەنگە كۈچىڭىز يېتەمۇ، مايشىگۈل ئاچا؟ —دەپ، مېڭىش ئالدىدا تۇرغان مايسگۈلنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىزلا يۈگۈردى، بەش- ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا.

—مېنىڭ كۈچۈم يەتمىسە، سەن بىربىپ ئۇرۇشىسەن. سېنىڭمۇ كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇكاڭ ئۇرۇشىدۇ — دېدى مايسگۈل، ئاتايىتەن ئاتتىن چۈشۈپ، ھېلىقى بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، — لېكىن، خاتىرجەم بول، يىگىت. بىز بىربىپلا ئۆزۈمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيمىز. بىزنىڭ ئويناپدىغىنىمىز مۆكۈ- مۆكۈلەك ئويۇنى!...

ئاتلار چېپىپ كەتتى. قەلبى سۆيۈنۈشكە تولغان كىشىلەر توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازلارنىڭ ئارقىسىدىن ياشلىق كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ قېلىشتى...

(3)

— يامان بولدى، گېنىرال ئالىيلىرى....بەك يامان بولدى!

بامدات ۋاقتى ئىدى. كۈچەپ شورىغان ئەپيۇننىڭ خاسىيىتى بىلەن كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئاگۇي يەنە ئۇيغۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيقۇ شىرىن بولسىمۇ، بۇنداق ئەنسىزلىكتە ئۇيغانماي بولمايتتى. كۆز ئالدىدىكى شان- شەرەپ تاجى ئۇيقۇدىنمۇ شېرىن ئىدى. ئۇنى ئاستانىدىن تولىمۇ يىراق بولغان بۇ تېنچسىز جايغا سۆرەپ كەلگىنىمۇ دەل مۇشۇ شىرىن شەرەپ تاماسى ئىدى. بۇ يەرنى چاقماق تېزلىكىدە تىنجىتسا، چەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا قوشلاپ مەرتىۋە ۋە شان- شەرەپلەر ئىنئام قىلسا، ئۇنىڭ مۇبارەك نامى چىڭ ئېلىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارالسا!....

ئەمما، بۇ شېرىن خىيالمۇ خۇددى ئۇيقۇسىدەكلا ھېمىشە يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇچتۇرپان ئاتالغان بۇ غەلىتە يۇرتقا قەدەم باسقاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ قانغۇدەك ئۇخلاپ باقمىغاندى ئۇ. چىلىم تارتىپ، زورىغا ئۇخلىغان ھالەتتىمۇ ئەھۋال يەنىلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ...



بوگۈنكىدەك بولاتتى. كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، خىيال سۈرۈپ ياتقان تەقدىردىمۇ، خىيالنىڭ ئايىقىنى چۈشۈرۈشكە يەنىلا پۇرسەت يوق ئىدى!....

ـــ ھە، نىمە ئىش بولدى؟..... نىمە يامان بولدى؟....ـــ ئۇيقۇسىزلىق ۋە مەستلىكتىن گاراڭلاشقان بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ياردىمىدە كۆرپىدىن دەرھال ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ئۇ. شۇئان، غاز قانىتىدىن ياسالغان غايەت زور يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈشكەن ئىككى قىز ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يەلپۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر،يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خاس چاپارمەنگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراشتى، ـــ ھە، تىلىڭنى چاينىماي، نىمە بولسا شۇنى تېز ئېيت! ـــ دېدى ئاگۇي، ئىششىغان كۆزلىرىنى مىڭ تەسلىكتە ئېچىپ. دېمىسىمۇ، ئېغىرراق ئىككىنى تىنىپ بولغۇچە، «يامان بولدى» بىلەن باشلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنسىز خەۋەرلەر ئۇنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىغانىدى.

ـــ يامان بولدى.... ھېلىقى يەتتە ئوغرى ئېلى بەگنىڭ ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىپ، كاتىخەي جاناپلىرى تۇرغۇزغان قاراۋۇللارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قىرىۋېتىپتۇ....

ـــ ئەي ...يا!... ـــ چاپارمەنىنىڭ گېپى تۈگەپ بولغىچىلا كۆڭۈلسىز توۋلىۋەتتى ئۇ، ـــ نىمە دېگەن ئەسكى خەق. نىمە دېگەن يامان ئوغرىلار!...

ـــ يەنە بار. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئېلى بەگنىڭ ئوردىسىنى ئىگىلەپ ياتقان كاتىخەي جاناپلىرىنى ئەسىر ئالماقچىكەن ئۇلار. سۈرگۈنگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنى قويۇپ بەرمىسە، كاتىخەينى تۇتۇپ، ئۆلتۈرىۋېتىمىز، بەگلەرنىڭ بىرسىمۇ ساق قالمايدۇ دېگۈدەك، گېنىرال ئالىيلىرى!...

ـــ ھە، ئۆلتۈرىمىز؟!...يەتتە ئوغرى!؟...

ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، ئەمما ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ئاگۇي. شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. گاراڭ بېشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، مەستلىك پاتقىقىغا قايتىدىن مىلەنگەندەك بولدى.

«يەنە شۇ يەتتە ئوغرى!... يەتتە ئوغرى!!... » ئۆزىنى ھېچ ئارامىدا قويمىغان بۇ يەتتە ئوغرىلارنى ئىزىقىغا ئېلىپ چايناۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ئۇ. مۇشۇنداق چاغدا، سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سالغان بۇ يەتتە ئوغرى يەتتە ئەمەس، يەتتە تۈمەندەك؛ ئادەم ئەمەس، ئەزرائىلدەك بىلىنىپ كېتەتتى. بىر تۇرۇپ، بارى-يوقى يەتتىلا ئادەمنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشلارنى تېرىۋەتكىنىگە ئىشەنگۇسىمۇ كەلمەي قالاتتى. لېكىن، پاكىت ئىشەنمەسلىككە يول قويمايتتى. ئىككى كۈندىن بېرى« يامان بولدى»دېگەن سۆز بىلەن قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان دوكلاتلار ئۇنىڭ يۈرۈكىگە خەنجەر بولۇپ قادىلىپ تۇراتتى:

www.kitaphumar.com

ــــ يامان بولدى، يەتتە ئوغرىغا جازا يۈرۈشكە بارغان ناشتۇڭ جاناپلىرى تۆت لەشكەر بىلەنلا قايتىپ كەلدى. باشقا يۈز نەچچە لەشكەر قىرىلىپ تۈگەپتۇ!....

ــــ يامان بولدى، سۆرگۈندىكى ئوغرىلارنى ئىلىپ كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ ئارقا سەپ قىسمى ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ. تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغان ئاتلىق يەتتە ئوغرى بىر مۇنچە لەشكەرنى قىرىپ تاشلاپ، ئوزۇق- ئاۋقاتلارغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ!...

ــــ يامان بولدى، بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن شىرىپ بەگ بىلەن ساۋۇت بەگ كېچىدىن نامەلۇم ئوغرىلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىپتۇ!....

ــــ يامان بولدى، كوچا چارلاپ يۈرگەن تۆت لەشكەر ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ!...

ــــ يامان بولدى، ئاق توقايدىكى ھەربىي ئىسكىلاتقا ئوت قويۇلۇپتۇ!...

ــــيامان بولدى!...

ــــيامان بولدى!...

مانا بۇلارغا ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەسىدى. يەنە كېلىپ، بۇنداق دوكلاتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.

«كاتىخەيىنىڭ ئاخشامقى زىياپىتىنى رەت قىلىپ توغرا قىپتىكەنمەن، ــــ دەپ ئويلىدى ئاگۇي، ئىچ- ئىچىدىن تىترەك باسقان ھالدا، ــــ ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن قولغا چۈشۈرگەن قوراسىدا كەيىپ سۈرۈمەن دەپ تۇرغان بولسام، مەنمۇ ئامان قالماس ئىكەنمەن.ئەقلىمگە بارىكاللا. مېنى يۆلىگەن ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا رەھمەت!... ــــ سەلدىن كېيىن يەنە ئويلىدى ئۇ، ــــ لېكىن، لېكىن... شۇ يەتتە ئوغرىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلارمىز؟ زور ھەيۋە بىلەن كەلگەن مىڭرۋي، ناشتۇڭلارمۇ كارغا كەلمىدى.... بىرىنى كۆزدىن يۇقۇتۇپ بولغۇچە، يۈزى پەيدا بولغان.... باشقا ئۆلكىلەردە بۇنىڭدەك ئادەملەرنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن. بۇ خەقنى تىنجىتقىلى بولغان تەغدىردىمۇ، تىز پۈكتۈرگىلى بولمىغۇدەك. ھەجەپمۇ يامان خەق ئىكەنا بۇ... تېخى يېقىندىلا ــــ ئەسىمتۇللا باشلىق تۇپىلاڭچىلار سۆرگۈنگە ھەيدىلىشىنىڭ ئالدىدىلا سۇچېلىك بىلەن ئابدۇللا بەگنى ئۆلتۈرۈشكەنىدى، مانا بۈگۈن كاتىخەيىنى ئەسىر ئالسا، ئەتە ناشتۇڭنى تۇتۇۋالسا، ئۆگۈنلۈككە مىڭرۋيىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن....»

ئۇ، ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مەيلى قايسى تەرەپتىنلا ئويلىسۇن، بۇ يەتتە ئوغرى ئۇنىڭغا تەڭلىنىپ تۇرغان شەمشەر، ياق، زەھەرلىك ئوق ئىدى. مەخسۇس قوشۇن تارتىپ كېلىشكەن مىڭرۋي بىلەن ناشتۇڭمۇ بۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالمايۋاتاتتى. نىمە قىلماق لازىم؟ ئۇچتۇرپاندا پەقەت يەتتە ئىسيانچى ئوغرى قالدى دەپ بېرىپ، خان ئالدىدا رەسۋا بولسۇنمۇ. ياكى بۇلارنى يوق قىلىمەن دەپ، ئۆزىنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرسۇنمۇ؟ سۆرگۈندىكىلەرنى قويۇپ بېرىپلا، يەتتە ئوغرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن بىراقلا قۇتۇلسۇۋنمۇ يا؟ ياق، بۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ

www.kitaphumar.com

بولمايتتى. ئۇلارنى قويۇۋېتىش ساناقسىز بۆرىنى ئالدىغا باشلاپ كەلگەنلىك ئىدى....ئۇ، ئۆزىنى قىسمەت دەرياسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. دەريانىڭ بىر قېشىدا خان، يەنە بىر قېشىدا يەتتە ئوغرى تۇراتتى. شەرەپ قوچۇپ، خان ئالدىغا بېرىش مىسلىسىز شۆھرەت ئىدى-يۇ، بۇ شۆھرەت جان تەسەددۇق قىلىشنى بەدەل قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىرقى يەتتە ئوغرىنى يوق قىلىشمۇ بۈيۈك خاننىڭ مۇبارەك دىدارىغا شەرەپ بىلەن ئۇلاشتۇرۇدىغان يول ئىدى-يۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان تەۋەككۇلنىڭ ئاقىۋىتىگە ھېچكىشى بىرنىمە دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھە دېگەندىلا ئۇنى قارا بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىشارەتتۇر، ۋە بەلكى ئەجداتلار روھىنىڭ ئۇنى چۈش ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرغىنىدۇر...

چۈش ھەققىدە ئويلىسىلا، ئۇنى ئەسەبىي تىترەك بېسىپ كېتەتتى. گەرچە ئۇ ، ئىشرەت، زىياپەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، خاس خانىدا قاتتىق مۇھاپىزەت بىلەن تۇرۇۋاتسىمۇ، تاڭ ئاتقۇچە قارا بېسىپ، تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايتتى. كۆزلىرىدىن قساس ئوتى يېنىپ تۇرغان يەتتە ئوغرى (ئۇ، بۇلارنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ) ئورغاق، پالتا، پىچاق كۆتۈرگەن سان-ساناقسىز كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇ ياتقان ئۆيگە باستۇرۇپ كىرەتتى. بەزىدە ئۇنى ئاتقا سۆرۈتەتتى. يەنە بەزى كەچلىرى ئەسمىتۇللا باشچىلىقىدىكى سۇرگۈنگە ھەيدەلگەن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ، ئۇنى دارغا ئاساتتى، ئۆلۈكىنى سازايى قىلاتتى... مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. قاتتىق ۋارقىراپ قوپقان چاغلىرىمۇ بارىدى. «ئاستانىگە ساق-سالامەت قايتالمايدىغان ئوخشايمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، غال-غال تىترەپ تۇرۇپ، — يۈنەن، گۈيجۇدەك خەتىرى تولا يەردىن سالامەت كېلىپ، مۇشۇ چەت جايدا ئۆلۈكىم قالىدىغان ئوخشايدۇ... خان ئالىيلىرىنىڭ ماڭا ئىشەنگىنىگە ھەشقاللا، دېمەي، باشقىچە بىر باھانا كۆرسەتسەم بولماسمىدى. بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان سەركەردىلەر كۆپ ئىدىغۇ؟...» لېكىن بىردەملىك ۋەھىمىدىن كېيىن، ئۇنى يەنە ۋەسۋەسە باساتتى. شۆھرەت ۋەسۋەسىسى، مەنسەپ ۋەسۋەسىسى، بايلىق ۋەسۋەسىسى!....

— چىقىپ كەت! — دېدى ئۇ، ھېلىغىچە تىزلىنىپ تۇرغان چاپارمەنگە،ئارقىدىن ھەممۈيلەنگە ۋارقىرىدى— سەنلەرمۇ چىقىپ كېتىش. ھەممىڭ يوقۇلش!

شان-شەرەپ كۆلەڭگۈسىدە چىقىرىلغان ئەقلىي خۇلاسە ئۇنى تېخىمۇ تىرىككەك قىلىۋەتكەنىدى. «بۈيۈك چىڭ ئېلىنىڭ ئەمەلدارلىرى مۇشۇنداق نانقېپى بولسا قانداق بولغىنى؟! — دەپ قاينايتتى ئۇ، — بىر شەھەرنىڭ ئەمەلدارى بولسۇنۇ، ئۆز قوراسىنى قوغدىيالمىسۇن. شۇنچە لەشكىرى بىلەن يەتتە ياۋايىغا كۈچى يەتمىدى دېسە نىمە دېگەن سەتچىلىك!؟... ھارامتاماق. يارىماس ئېشەك!....» ئۇ، بارغانسېرى ئۆزىنى باسالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولسا، يارىماس كاتىخەي دېگەننى ئاشۇ ئوغرىلارغا تاشلاپ بېرىپ، قىيما-چىيما قىلدۇرۇۋەتكۈسى

www.kitaphumar.com

باردى. براق، خاننىڭ غەزىپىدىن قورقاتتى. غەلىتە مىجەز بۇ خاننىڭ چەت جايلاردىكى ئەمەلدارلارغا باشقىچە قارايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ، نىمە قىلىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. ئېلى بەگ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن يەتتە ئوغرىنى قورشاپ، كاتىخەينى قۇتقۇزايلى دەپ ئويلايتتى-يۇ، يەنە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كاتىخەينىڭ ئىشنى بىلمىگەنگە سالماقچىمۇ بولاتتى-يۇ، خاننىڭ خەۋەر تېپىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە، يەنە بىر چاپارمەن خەۋەر ئېلىپ كىردى.

ـــ سەركەردە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! كاتىخەي جاناپلىرى ئىشك تۈۋىدە ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋدۇ. ئۇ ئېغىر يارىلىنىپتۇ. بىر قولۇقى كېسىۋېتىلىپتۇ. ھېلىقى يەتتە ئوغرى: سۈرگۈندىكىلەر بۆگۈنلا قويۇپ بېرىلمىسە، بېيجىندىن كەلگەن سەركەردىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇشۇنداق بولۇدۇ. سەركەردە، بەگلەرنىڭ بىرىمۇ ساق قالمايدۇ، دېگۈدەك. ئۇ يەتتە ئوغرى ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئاياللارمىش!...

ـــ نىمە؟ ئايال؟!...

ـــ ھە ـ ئە، ھەممىسى ئاياللار ئىكەن، جاناپلىرى.

ـــ سىڭكۇ!... ـــ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ئاگۇي، ـــ بىز شۇ كەمگىچە ئاشۇ ئاجىز يەتتە ئايالنىڭ پاراككەندىچىلىكىگە چىداپ كەلگەندىمىزمۇ؟ ھەي!.... ـــ غەزەپ بىلەن يەرنى تېپىشكە باشلىدى ئۇ، ـــ شەرمەندىچىلىك. چىداپ تۇرغۇسىز شەرمەندىچىلىك!....ـــ ئۇ، بىردىنلا خەۋەرچىگە ۋارقىرىدى، ـــ كاتىخەي كىرسۇن!... سەركەردە، بەگلەرنىڭ ھەممىسى كىرسۇن!!...

سەركەردىدىن تارالغان سۈرلۈك كەيپىيات ھەممىنىڭ چىرايىغا يۇقتى. ئوردىغا ئوخشاپ قالغان بۇ كىچىككىنە ئۆيدە يەنە بىر جىددى پىلان تۈزۈلىدىغاندەك قىلاتتى...

(4)

كۈن چىقتى. « توققۇز بۇلاق» قا جايلاشقان مەشھۇر ئېلى بەگ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، كېچىنى جەڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن مايسىگۈل مانا ئەمدى ھالىدىن كېتىۋاتاتتى. باشقا قىزلارمۇ چىداپ تۇرغۇسىز ھارغىنلىق سېزىشەتتى. راستىنى دېگەندە، جەڭنىڭ بۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۆزەم چوڭ بولغان بۇ ئوردىنى بىردەمدىلا ئېلىپ بولۇمىز، دەپ ئويلايتتى مايسىگۈل. ئوردىنىڭ ھەممىلا يېرى تونۇش بولغاندىكىن، مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە تۈتۈۋالىمىز، دەپ ئىشىنەتتى قىزلار. لېكىن ئەھۋال ئۇلار

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ئويلىغاندەك ئاددىي بولۇپ چىقمىدى. شۇنچە كۆپ چىرىكنى بىر- بىرلەپ جەھەننەمگە ئۇزاتقان بولسىمۇ، يەنە ئۇلارنىڭ قويرۇقى ئۈزۈلمىدى. بىرنى يوقاتسا، ئونى؛ ئوننى يوقاتسا، يۈزى يۈپۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ھەيران قالارلىقى، ئۇلار ھېچ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ھوجۇم قىلاتتى. تاغ ئۆڭكۈرىدىن چىقاتتى، ئوردا ئامبىرىدىن چىقاتتى؛ باغ شورىسىدىن كىرەتتى، سېپىل ئۈستىدىن كېلەتتى. يەنە كېلىپ، بارغانسېرى كۆپ، بارغانچە ئەسەبىي!...

ئوردىنىڭ ئىچى- تېشى، ئەتراپى جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھەربىي فورما كىيىشكەن چىرىكلەر تەرەپ- تەرەپتە سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تىنىقتىن قالغان. ئايرىملىرى ئاجىز ۋايجانلايتتى. قىزلارنىڭ بۇلارغا قارىغۇدەكمۇ چۇلىسى يوق. ئۇلار ، ئويلىمىغان ياقلاردىن يۈپۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چىرىكلەرگە قىلىچ ئۇراتتى، ئوقيا ئاتاتتى... شۇنداقتىمۇ، چىرىكلەر تۈگەيدىغاندەك ئەمەسىدى. قىلىچ ئۇرۇشۇش، چېپىشىش، تىركىشىش!...

نەيزە، قىلىچلارنىڭ جان ئالغۇچ ئاۋازلىرى بىلەن تولغان بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئاجايىپ ماھارەت ۋە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان قىزلارمۇ ھالسىزلاندى. بىراق، ئەمدى توختىتىۋېلىشقا بولمايتتى. كۆزلەر يۇمۇلۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئۇيقۇسىراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئاچلىق ۋە تەشنالىققا ھارغىنلىق قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ!.....

ئۇلار بىر تەرەپتىن، تۈگىمەس بېسىپ كىرىۋاتقان چىرىكلەر بىلەن ئېلىشقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوردىنىڭ بارلىق ئۆي- خانىلىرى، بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئاگۈي، مىگرۇي، كاتىخەي دېگەنلەرنى ھېچ تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ دېۋزلەر تۈيدۈرماي قېچىپ كەتكەنمىدۇ. ياكى ئالىقاچان قىلىچ ئاستىدىن ئۆتۈپ بولغانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىرىكلەرچە سالاھىيەت بىلەن قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭگە چىقىدىغانلىقىغا قىزلار زادىلا ئىشەنمەيتتى. جەڭگە چىقمىغانىكەن، دېمەك ئۇلار ھايات. ئۇنداقتا، ئۇلار زادى نەدە؟ مۆكىۋالدى دېيىلسە، زادى نەگە مۆكتى؟...

ئوڭ قولدا قىلىچنى مەھكەم تۇتۇپ، سول قولى بىلەن ئوردا تاملىرىنى سىيپاشتۇرۇپ، ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن قىدىرىپ كېتىۋاتقان مايسىگۈل بىردىنلا، ئاخشامقى ئەسىر چىرىكنىڭ ئىقرارىنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. چىرىك: بۆگۈن كەچتە، كاتىخەي ئاگۈي بىلەن مىگرۇي، ناشتۇڭلارغا ئوردىدا زىياپەت بېرىدۇ، دېگەنىدى. شۇ نىجىس جىنى ھەلقۇمىغا كەلگەندىمۇ يالغان ئېيتقانمىدۇ؟ بۇلارنى ئوردىغا ھوجۇم قىلدۇرۇپ، قىلتاققا ئىلىندۇرماقچى بولغانمىدۇ؟ ياكى بۇ قانخورلار ئوردىدا راستىنلا بار بولۇپ، بۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟... تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلاشقا پۇرسەت يوق ئىدى. قىدىرىش، توختىماي قىدىرىش، ھوشيارلىق بىلەن قىدىرىش... ئۇلار پەقەت شۇنىلا ئويلايتتى. شۇنىڭغىلا ئالدىرايتتى.

www.kitaphumar.com

ئۇيقۇ ۋە تەشنالىقتا بەكلا ھالسىزلىنىپ كەتكەن مايسىگۈل، ئۆزىگە تونۇش ئايۋاننىڭ ھەشەمەتلىك تۈۋرۈكىگە ئېسىلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا، شاھانە ئىشكاپ كەينىدىن قىرى بىر چىرىك قىلىچ كۆتۈرۈپ ئاستا چىقىپ كەلدى. ئۇ، مايسىگۈلنىڭ نەق بويىنىنى چەنلەپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنى مايسىگۈل زادىلا سەزمىدى. ئەمما، بىر چەتتە مايسىگۈلنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان زوھرا ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇقياسىنى تۇغرىلىدى ۋە قىرى چىرىك قىلىچىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە، ئۇنى ئوقىغا يەم قىلىۋەتتى. چىرىك ئا-ئا-ئا!... دەپ ۋارقىرىغىنىچە، مايسىگۈلنىڭ ئارقىسىغىلا يىقىلدى. چۆچۈپ كەينىگە ئۆرۈلگەن مايسىگۈل ئاۋۋال چىرىكنى، ئاندىن يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان زوھرانى كۆردى. ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم ئېغىزىدىن قۇتقۇزغان بۇ چېچەن قىزنىڭ كۆزلىرى پىرىلۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا سەگەك ۋە جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. مايسىگۈل ئۇنىڭغا قاراپ سۆيۈنۈش بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. شۇئان، ئۆزىگىمۇ قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. ئاچلىق، تەشنالىق... دېگەنلەرنى بىراقلا ئەستىن چىقاردى.

چىرىكلەر يەنە يۈپۈرۈلۈپ كەلدى....

توختىماي قىلىچ ئۇرۇۋاتقان مايسىگۈل، كىچىدىكى يەنە بىر چىرىكنىڭ ئىقرارىنى خىرە-شىرە ئەسكە ئالدى.

— مەن كاتىخەي ئەمەس... كاتىخەينى مەن تونۇيدۇ. ئۇ، قاچتى....— دېگەندى، زەردار سۆپەت بىر چىرىك، بويىنغا تەڭلەنگەن قىلىچتىن غال-غال تىترەپ.

— ئاگۇيچۇ، ئاگۇي نەدە؟! — چىرىكنىڭ ئۇزۇن چېچىنى مەھكەم قاماللىغان مايسىگۈل، قىلىچنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئاگۇي بۇ يەرگە كەلمىگەن... ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى مەن بىلمەيدۇ...

— سەن نىمە ئادەم؟!

— مەن كاتىخەينىڭ پۈتۈكچىسى...خەت يازىدۇ، بۇيرۇق يازىدۇ... — تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن خەت يازغان ھەرىكەتنى كۆرسەتتى ئۇ.

— ئۇنداقتا، سېنى كاتىخەي، مىڭرۇي، ئاگۇيلارغا خەۋەرچى قىلىپ ئەۋەتىمەن. ئۇلار سۆرگۈندىكىلەرنى بوّگۈندىن قالدۇرماي قويۇۋەتسۇن. بولمىسا، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ساق قالمايدۇ. نوچى بولسا، بۇلۇڭغا موكۇنۇۋالماي، ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزى چىقسۇن. ئۆزىنى ئەر ساناپ يۈرگەن شۇ قانخورلار بىز قىزلار بىلەن يەكمۇ يەك ئۇرۇشۇپ باقسۇن!...

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ـــ مەن دەيـــدۇ... دەيـــدۇ!... ـــ تىتـــرەپ تـــۇرۇپ شـــۇنداق دېـــدى چىرىـــك، ئــــ سـۇرگۈندىكىلەرنى قويۇۋەتسـۇن، قـىزلار بـىلەن ئـۆزى چىقىـپ ئۇرۇشسـۇن دەيـدۇ!... مەن مىگرۈينمۇ، ئاگۈينمۇ تونۇيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى دەيدۇ. چوقۇم دەيدۇ!...

ئىبرەت ۋە بىشارەت بولسۇن ئۈچۈن، بىرمۇنچە جەڭ بـىلەن قولغا چۈشـكەن بـۇ يارىـدار چىرىكنىڭ بىر قولۇقىنى كېسىپ تاشلاپ، بىرمۇنچە دوق- ھەيۋىلەر بىلەن يولغا سالغاندى. مانا ئەمدى شۇ چىرىك كاتىخەينىڭ دەل ئۆزىدەك بىلىنىۋاتاتتى. كېچىدە ئـۇنى تونۇمـاي قـاچۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. مايسىخان بۇنىڭ ئۈچۈن سەل ئەپسۇسلانغاندەك قىلدى- يۇ، يەنە دەرھاللا بويتۇغا چىقىرىۋەتتى. چۈنكى، قولۇقى كېسىلگەن شۇ كاتىخەي ھېچبولمىسا ئاگۈيغا خەۋەر ئېلىپ باراتتى....

مايسىگۈلنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. تولۇق قورالالانغان چىـرىكلەر ئۇۋۇسـى چۇۋۇلغـان ھەرىـلەردەك يوپۇرۇلـۇپ كەلمەكـتە ئـىدى. ئۇلارنىـڭ ئەندىشىسـىز ھالـدا ئېتىلىـپ كېلىشلىرى ۋە تۇرقىدىكى مۇغەمبەرلىكىدىن سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن چېرىكلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھەش- پەش دېگۈچە سىپىل سىرتى، ئوردا ئەتراپى مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن قاتمۇ قـات قورشالدى. پەقەت توققۇز بۇلاق ئوردا بېغىنىڭ يان تەرىپىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن مۆلجەر تـاغلا ئادەمسىز، پەرۋاسىز ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

قىزلار چۈشەندىكى، ئەمدى ئۇلارغا جان تىكىـپ ئېلىشـماقتىن باشقا يـول قالمىغانـدى. تىرىـك قولغا چۈشۈشـكە ئەسلا بولمـايتتى. بەتبەشـرە دۈشـمەننىڭ ئـۆزلىرىنى ئايـاغ- ئاسـتى قىلىشلىرىغا يول قويۇشقا زادىلا بولمايتتى! گۈلھەسەلخاننىڭ كۈنگە قىلىشقا تېخمۇ بولمايتتى!! بۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىشىش، جېنى تېنىدىن جۇدا بولغىچە توختىماي ئېلىشىش كېرەك ئىدى!....

قانلىق جەڭ ئۇن- تۇنسىزلا باشلىنىپ كەتتى. تۇنۇگۈن كەچتىن باشـلاپ تېـنىم تاپمـاي ئېلىشىۋاتقان قىزلار، مانا ئەمدى تېخمۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنىدى.

دۈشمەنلەر چەمبەر شەكلىدە قورشاپ، دائىرىنى بارغانسېرى تارايتىپ كېلىۋاتـاتتى. ئـۇلار ئاللىنىملەرنى دېيىشىپ، بېرەڭلەرچە كۈلۈشـەتتى. كۆرەڭلىـك بـىلەن قـىلىچ ئـۇراتتى. يەتـتە قىزنىڭ قايسىدۇر بىرىنى ئەڭ دەسلەپ قولغا چۈشۈرۈشنى بىر- بىرىـدىن قىزغىنىشـىۋاتقاندەك، بەس- بەستە، ئەسەبىيلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇلارغا ئاتاتتى....

ئېلىشىش، چېپىشىش.... داۋام قىلاتتى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن قـىلىچ ئـۇرۇپ كەلـگەن سان- ساناقسىز چېرىك بىر- بىرلەپ يەر چىشلىدى. ئارقىدىن ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلارمۇ قىساس شەمشەرلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايۋاتاتتى. بۇنداق كېتىۋەرسە، يۆتكەپ كېلىنگەن چېرىكلەرمۇ خۇددى يەرلىك چېرىكلەردەك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

www.kitaphumar.com

شۇ ئاردا، مىڭرۇي يېنىدا تۇرغان ناشتۇڭغا غەزەپلىك كالدىرلىدى. شۇئان، ناشتۇڭمۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ھۇجۇم سېپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. سەركەردىسىنىڭ پەيلىدىن چۆچىگەن چېرىكلەر ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي ئالغا ئىنتىلدى...

ھەرياندىن قاپساپ كەلگەن قانلىق قىلىچلارنى چاققانلىق بىلەن توسۇپ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دۈشمەننى ئاۋۋال يەر چىشلىتىۋاتقان مايسگۈل، ھەمراھلىرىغا كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇلار، تولۇق بىر كېچە ئارام ئالماي جەڭ قىلغان پىداكار قىزلار خۇددى ھازىرلا جەڭ مەيدانىغا كىرگەن باھادىرلاردەك كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇراتتى. چىۋەرلىك بىلەن سانجىيتتى. ئەجەللىك جايغا چاپاتتى. .. «ياشاپ كەت، سىڭلىم زوھرا! ياشاپ كەت، ئەختەرنىسا!... ھەممىڭلار ياشاپ كېتىڭلار. ھەممىڭلارغا بارىكاللا!...»مايسگۈل شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئىككى ياندا ئۆزىنى( مايسگۈلنى) مۇھاپىزەت قىلغاچ قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقان قىزلارغا تووۋلىدى:

ـــ جانغا بەكمۇ ئەسقاتتىڭلار... سىلەرنى قىيناپ قويدۇم. مەندىن رازى بولۇڭلار! ھەممىڭلار رازى بولۇپ كېتىڭلار، قىزلار!!

ـــ سىلىمۇ بىزدىن رازى بولۇپ كەتسىلە، مايسەم خېنىم!

قىلىچ ئۇرۇۋېتىپ ، بىر ئېغىزدىن تووۋلاشتى قىزلار. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا سۈرگۈنگە ھايدالغان قېرىنداشلىرى كەلدى. يېقىندىلا شېھىت بولغان ئاتا، ئاكىلىرى؛ يار ۋە ئىنىلىرى كەلدى. تېخى بالاغەت بولماي تۇرۇپلا جەڭگە كىرىپ، گۈدەك بېشى خام سويمىدەك ئۈزۈپ تاشلانغان ساناقسىز مەسۇم باللار ھەم كەلدى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئارقىغا زادىلا يانمىغاندى. قارنى قىلىچ بىلەن يېرىۋېتىلگەن بىر ئەر دۈشمەننىڭ ئۈزۈۋېلىنغان قولۇقىنى تۇتقان پېتى جان ئۈزگەندى. قىزلار يەنە كۆرگەن ئىدىكى، قورسۇقىغا قىلىچ سانجىلغان بىر بوۋاي ياش بىر چېرىكنىڭ گۈرەن تومۇرىنى چىشلەپ ئۈزگەن ھالدا شېھىت بولغان. 12 ـ 13 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا، دادىسىنى ئاستىغا بېسىۋالغان چېرىكنىڭ كۆزىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ قۇيۇۋاتقان، ئۇنىڭ كاللىسى باشقا بىر چېرىك تەرىپىدىن كېسىپ تاشلانغاندى.... ساناقسىز، سان ـ ساناقسىز مىساللاردىن يەنە قايسىبىرىنى سانىغۇلۇق، قايسىبىرىنى ئەسلەپ بولغۇلۇق ! شۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ نىجىسلار يوق قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۈچتۇرپان كوچىسىنى جەسەت ئازگىلىغا ، قان دەرياسىغا ئايلاندۇرغانلار يەنە مۇشۇ قانخورلار ئەمەسمىدى؟! ... مايسگۈلنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئاكىسى ئەسمىتۇللا بەگ باشلىق قوزغۇلاڭچىلار توۋلىغان ياڭراق بىر شوئار كەلدى. ئۇ، ئويلۇنۇپ تۇرمايلا خۇددى ئەرلەردەك جاراڭلىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

ـــ ئاخىرغىچە ئېلىشايلى قىزلار. ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى! ...

ـــ ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!!...

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ئوردا سەيناسىنى ھە- ھۇ!... ئەييا!... دېگەن ئاۋازلار بىر ئالغاندى. ھەممىلا ياقتىن قىلىچنىڭ بىر- بىرىگە ئۇرۇلغان، جاراڭشىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. بىر- بىرىگە زەرپ بىلەن تەگكەن قىلىچلار بىسىدىن كۆكۈش ئوتلار چاقنايتتى. ...

ـــــ يامان بولدى! يامان بولدى!... خان ئامبىلى ناشتۇكنىڭ جاناپلىرىنى ئاۋۇ پىستەك چەنتۇ چېپىۋەتتى!

بىر چېرىكنىڭ بۇغۇزلانغان چوشقىدەك چىرقىرىغىنىنى ئاڭلىغان مايسىگۈل دەرھال يانغا قارىدى. قارىدى- يۇ، ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى. يېشى ۋە جۈغى ھەممىدىن كىچىك غۇنچەم، قانخور ناشتۇكنىڭ بېشىنى قاق مورۇسىدىنلا چېپىپ تاشلىغاندى!

مايسىگۈل پۈخادىن چىققاندەك بولدى. ئۇ، بىر تەبەسسۇم بىلەن غۇنچەمنى مۇبارەكلەپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى. ئەپسۇسكى، ھەممە پېشكەللىك دەل مۇشۇنىڭدىن باشلاندى. ئۇنىڭ دىققىتىنى يانغا سەل بۇرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدىدىكى چېرىك ئۇنىڭ سول بىلىكىنى تۆۋىدىنلا چېپىپ تاشلىدى! تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن مايسىگۈل يەرگە يىقىلدى ۋە دەرھاللا قوپۇۋالدى. بىراق، ئۇ يەنە يىقىلىپ چۈشىۋىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەس- ھۇشى، كۈچ- قۇۋۋىتى كېسىلگەن قولى تەرەپكە ئېغىپ ۋە ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ تىرىك قولغا چۈشۈشكە بولمايتتى. تاكى بوينى كېسىلگىچە ئېلىشىش، شۇنىڭغىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەك ئىدى!...

ـــــ مايسىگۈل ئاچام بولالمىدى.... مايسىگۈل ئاچا!...

قىزلار بىر تەرەپتىن ئېلىشقاچ، بىر تەرەپتىن مايسىگۈلنى ئارىغا ئالدى. ئەمدى ئۇنى يۆلۈۋالمىسا تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ـــ تاغقا چىقىپ كېتەيلى، ـــ دېدى مايسىگۈل، ئاران- ئاران تىنىپ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى قانغا بويۇلۇپ كەتكەنىدى.

ـــــ قوغلاڭلار! ـــ دەپ ۋارقىرىدى، يىراقتا قاراپ تۇرغان مىڭرۇي دەرغەزەپ بىلەن، ـــ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قايسى قىزنى كىم تۇتۇۋالسا، قىز شۇنىڭ. سەركەردە ئاگۈي جاناپلىرىنىڭ نامى بىلەن ۋەدە بېرىمەنكى، تىرىك تۇتۇۋالغۇچىلارغا ، تۇتۇلغان قىزنى سوۋغا قىلىمەن! ئالغا!!...

قىزلارنىڭ ئىككىسى مايسىگۈلنى يۆلەپ، قالغانلىرى ئۇلارنى قوغداپ مىلىك تەستە تاغقا چىقىۋالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېرىكلەرمۇ يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

ـــ چېپىڭلار! ـــ دېدى مايسىگۈل، قايتا جانلىنىپ قالغاندەك بولۇپ، ـــ بىزنى تىرىك تۇتۇۋالمىسۇن. گۈلھەسەلخاننىڭ كۆڭلى بىزگە ئىبرەت بولسۇن. ماڭا قاراپ تۇرماڭلار. بىر قوشۇق قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشايلى!

قىزلار، ئۇدۇل يامىشىپ چىققان چېرىكلەرنى ئۇدۇل چېپىشقا باشلىدى. ئۇزۇلگەن باشلار پەسكە خام تاۋۇزدەك دومىلاپ چۈشكىلى تۇردى. يامىشىپ چىقىدىغان يەر تار بولۇپ، دۈشمەنگە ئەپسىز، قىزلارنىڭ قوغدىنىشىغا ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. ھايالىدىمايلا، تاغ باغرى جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان مىگرويى تۇرالمايلا قالدى. ئۇ، ئاچچىقىنى بېسىۋىلىپ تۇرۇپ، تاغ باغرىغا مىڭىپ كەلدى ۋە ئۈستىدىكى قىزلارغا قاراپ :

ــــ ھەي ياتۇلار! مەندە سىلەر تونۇيدۇ. مەن ئىلى جاڭجۈنى مىگرويى بولۇدۇ. مەندە يۇرەك چوڭ- چوڭ يۇمشاق. تەسلىم بولساڭلار ، مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ. سىلەرنى ئەتىۋارلاپ، خان ئالىيلىرىغا، ئاگۇي جاناپلىرىغا سوۋغا قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر جاھىللىق قىلساڭلار، مۇشۇ چېرىكلىرىمگە خوتۇن قىلىپ بېرىدۇ!... مەن بىلىدۇ، سىلەر دۆت ئەمەس، مەندە گەپ ئاڭلايدۇ... ياتۇلار! ھەي، ياتۇ!!... ــــ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ يۈلشى بىلەن ئارانلا تۇرۇۋاتقان مايسىگۈل كۆچۈنۈپ تۇرۇپ ئىغىز ئاچتى:

ــــ ئۆز رازىلىقى بىلەن سوۋغات بولۇدىغان قىزلار بىزدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. خانىڭغا ئاچاڭنى ئاپىرىپ بەر! ئاگۇي دېگەن جاللاتقا پىت كۆز سىڭلىڭنى ئاپىرىپ بەر!!

قىزلار ئەگىشىپ توۋلىدى:

ــــ ئاچاڭنى سوۋغا قىل! سىڭلىڭنى سوۋغا قىل!!...

يامىشىش، چېپىشلار يەنە ئۇزاقتىن- ئۇزاق داۋام قىلدى. گەرچە دۈشمەن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھەرياقلاردىن يامىشىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى قىلىچ بىلەن ، بەزىسى دومۇلۇتۇلغان تاشلار بىلەن يوق قىلىندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار تەن بەرمەيتتى. بىرى يىقىلسا ئونى، ئۇننىڭ كاللىسى كېسىلسە يۈزى يامىشىپ چىقىۋاتاتتى....

كۈن يانغا قايرىلدى. لېكىن ھېلىغىچە بىرەرمۇ چېرىك تاغ ئۈستىگە تىرىك چىقالمايۋاتاتتى. گازىر كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، بىر ھازا ئويلانغان مىگرويى بىردىنلا ئامال تاپقاندەك بولدى ۋە چېرىكلىرىنى قايتىشقا بۇيرۇپ، تەق بولۇپ تۇرغان زەمبىرەكچىلەرگە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىردى:

ــــ دا!... دا!!!...

ھەرياقتىن ۋە توختىماي ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازىدىن يەر- جاھان زىل- زىلىگە كەلدى. مۆلجەر تاغدىن تاش بورانلار كۆتۈرۈلدى. ئاسمان- پەلەك ئۆرلەپ چۈشۈۋاتقان غايەت زور تاشلار قېتىدىن قىزلارنىڭ ئاداققى ئاۋازى ياڭرىدى:

ــــ ئەلۋىدا! ئەلۋىدا!!....

(5)

www.kitaphumar.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىسى www.uyghurkitap.com

بىر كېچە- كۈندۈز داۋاملاشقان گۈمبۈرلەشتىن يىراق- يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرى ئاغدى. كۆڭلى ھەممىنى تۇيۇغان سەزگۈر ئانىلار بولسا ئۆزلىرىنى زادىلا باسالمىدى:

ــــ ۋاي باللىرىم، ئون گۈلدىن بىرى ئېچىلمىغان باللىرىم! قىساس ئالىمىز دەپ شېھىت بولغان باللىرىم!

ــــ ئەرسىز قالغان شەھەردە ئەر بوپ يۈرگەن قىزلىرىم! قېرى جېنىمىزنى قالدۇرۇپ، ئۆزى كەتكەن گۈللىرىم!.....

ــــ بۆرە- قاۋان قوينىدىن پاكىز كەتكەن باللىرىم!...بېشىڭغا ئوق تەگكەندە ئاپام نەدىدۇ دېگەنسەنمۇ قىزلىرىم! تاشنىڭ ئاستىدا قالغاندا دادام نەدە دېگەنسەنمۇ قىزلىرىم!.... ۋاي چىرايلىق مايسىگۈلۈم، ئۇماق زوھرا قىزىم، كۈلگۈنچەك ئەختەر بالام!... شېھىت قىزلىرىم، باتۇر قىزلىرىم!... ۋاي مېنىڭ يەتتە قىزلىرىم!!....

* * * * * * * * *

ھېكايە ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھەممىمىز ئىختىيارسىز ھالدا مىشىلداپ يىغلايتتۇق. تارىخچى تاغىلارنىڭ قىزارغان كۆزلىرىمۇ ئوخشاشلا پارقىراپ كېتەتتى. شۇئان، تومۇرلىرىمىز كۆپۈشىپ، قانلىرىمىز قايناپ كېتەتتى. قولۇمىزدىكى قىلىچنى ــــ بويۇمىزدىن ئۇزۇن ئاشۇ كۆك تايىقىمىزنى ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن مەھكەم قاماللايتتۇق. كۆزىمىزدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار ياناتتى. خۇددى ھەممىمىز دېيىشىۋالغاندەكلا، مۆلجەرتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا ــــ دىلىمىزغا ئورنۇشۇپ كەتكەن مۇقەددەس ئېگىزلىككە ھۆرمەت بىلەن قارىشاتتۇق. دەل شۇ چاغدا، ئاشۇ يوقالماس ئېگىزلىكتىن يەتتە قىزلىرىمىنىڭ جاراڭلىق ساداسى ئاڭلانغاندەك بولاتتى:

ــــ ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!....

www.kitaphumar.com

# قارچىغا بالىسى (ھېكايە)

**ئەختەم ئۆمەر**

قىشتىكى سوغۇق ھەم ساپ ھاۋا يۈزگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئالغان نەپەس، شەھەرنىڭ بۇزۇلغان ھاۋاسىدىن زەئىپلەشكەن ئۆپكىنى ئويغاقتىن ئويغاتقاندەك بولدى؛ روھلار كۆتۈرۈلۈپ قۇشتەك يەڭگىل، سەگەك بىر راھەتلىك ئېقىم تومۇرلاردا ئۇيۇشقا باشلىغان قانلارنى ئۇرغۇتتى. سۈبھى بىلەن تەڭ شايار بازىرىدىن چىقىپ كەتكەن ماشىنىغا، ئەمدىلەتىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالاشقا تۇتۇنغان ئاشپەز كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ ئەسنىگىنىچە قاراپ قالدى. يولدا مەسچىتكە ئالدىراپ ماڭغان كىشىلەر بىر ـ ئىككىدىن ئۇچرىدى. قويۇق مەھەللە ئاخىرلىشىپ، چەكسىز دالا، سوك ـ سوك، يۇلغۇنلار ۋە ئۇيەر ـ بۇيەردە مومايىنىڭ ئاق لېچەكىدەك پارچە قارلار كۆرۈندى. كېچە بولسىمۇ قاراڭغۇ ئەمەستەك زەڭگەر بىلىندىغان ئاسمان سەبىينىڭ كۆڭلىدەك سۈزۈك ئىدى. ئۆچۈش ئالدىدىكى خىرەلەشكەن يۇلتۇزلار يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىزغا كۆزى قىيماسلىق بىلەن تەلمۈرگەندەك، كۆز قىسقاندەك كۆرۈندى. ئالدىمىزدا قارا كۆرۈنگەن مەھەللىدىن ئاندا ـ ساندا ۋاخ قالغان خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى. قويۇق يۇلغۇن چاتقاللىرى ئارىسىدىكى يول بالا ۋاقتىمىزدا سامانلىقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ سامانغا سەكرەپ ئوينىغان چېغىمنى ئەسكە سېلىپ، بىردە ئېگىزگە ئەپچىقىپ، بىردە يەرگە تاشلاپ ئىلگىرىلىدى.

تاڭ سۈزۈلدى. پايانسىز دالا چىرايلىق جۇۋاندەك يېقىملىقلاشتى. قويۇق يۇلغۇننىڭ قىش سوغۇقىدىن قاتقان ئىنچىكە قىزىل ياپراقلىرى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان پەردازسىز سەھرا قىزىدەك يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇششاق تال چىۋىقلىرى قىرىق كوكىلىلىق قىزنىڭ ئۆرۈمە چېچىغا ئوخشىسا، ئارىشلىرىدىن كۆرۈنىدىغان ئاق قارلار قىز ۋىلىقلاپ كۈلسە كۆرۈنىدىغان چىشلىرىدەك، ئادەمگە لەززەت بېغىشلىدى. ھۆركىرەپ يۈگۈرەۋاتقاندەك ماڭغان يوغان ماشىنىدىن ھۈركىگەن چۆل تورغايلىرى چاتقاللار ئارىسىدىن قاڭقىپ، ئېگىز ـ پەس ئۇچۇپ ئەنسىز سايرىسا، ياۋا توشقانلار ھەر تەرەپكە پەرتىلدەپ قاچتى. يىراقتىن يەنە توغراقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ــ توشقان تولا ئىكەن، ملتىق بولسا تازا بىر پۇخادىن چىققۇدەك ئوۋ قىلغىلى بولغۇدەك، ــ دېدى بىرى.

ــ خەقنىڭ ملتىقى بولسا، بۇنداق جىق توشقان نېمە قىلىدۇ، ئاكىچا؟ ــ دېدى بىزنى چۆلگە باشلاپ ماڭغان دوستىمىز ئابلەت.

ــ نېمە دېدىڭىز؟ يەنە بىر دەڭە !

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

ــ ئاكىچا، ــ دېدىم.

ــ «ئاچا» دېگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. «ئاكىچا» دېگەن نېمە دېگىنىڭلا؟

ــ «ئاغىنە» دەيلى دېسەك، سىلى مەندىن چوڭ؛ «ئاكا» دەي دېسەم، مەنمۇ ئانچە كىچىك ئەمەس؛ «ئادىشىوي» دېسەم قوپال ئاڭلىنىدۇ. ھەم ئاغىنىدەك، ھەم ئاكىدەك، ھەم يېقىن تۇغقاندەك ئادەمنى ئاكىچا دەيمىز، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئابلەت.

ئۇ يەر ـ بۇيەردىكى قېرى توغراقلار قويۇق ياش توغراقلارغا ئارىلىشىپ، كۆز ئالدىمىز بارغانچە قويۇق ئورمانغا ئايلاندى. ھەر خىل سۈرلۈك شەكىلدە تۇرغان قېرى توغراقلار ئادەمنى ئەيمەندۈرسە؛ قويۇق، تۈز ئۆسكەن ياش توغراقلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا گويا قېرى سەركەردىنىڭ لەشكەرلىرى ئەتراپىدا سەپراس بولۇپ تىك تۇرغاندەك كۆرۈندى. بۇغداي ئۇنىدىن يۇمشاق ئاق توپا ماشىنا چاقىدا سۇدەك ئېقىپ، خۇمداننىڭ تۈتۈنىدەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. تىلسىماتتەك جىمجىت توغراقلىقتا ھۆركىرەپ مېڭىۋاتقان ماشىنا بىلەن توغراقلار ئارىسىغا بىراۋنىڭ ئاي شەكىللىك ئۇزۇن قىلىچىنى تاشلاپ قويغاندەك سوزۇلۇپ، ئاستا ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بويىدىكى كىچىككە كەلدۇق ...

بىنادىن ئىككىنى سالغۇدەك يەرنى ئىگىلەپ، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان كېمە ھازىر تۆمۈر قوزۇققا باغلىنىپ لەيلىمە كۆۋرۈك بولغانىدى. ئىلگىرى تارىم دەرياسىنىڭ ئۇماچتەك لاي سۈيىنى كۆرگەنىدىم. ھازىر بۇ سۈزۈك سۇنى كۆرۈپ، رەھمەتلىك چوڭ ئانام ئېسىمگە كەلدى. چوڭ ئانام مۇشۇنداق سۈزۈك ئېقىن سۇنى كۆرسە «ئەجەب چۆچۈرە سالغۇدەك چىرايلىق سۇكەن» دەپ جېنى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ بۇنداق مۆلايىم سۈزۈك سۇنىڭ ئاققىنىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بولغانىدى. سۇ ناھايىتى ئېغىر سۈكۈنات بىلەن، پاكلىق، ئېغىر بېسىقلىق ۋە سالماقلىق بىلەن ئاقاتتى. ئېقىپ ـ ئېقىپ تارىم ۋادىسىدىكى بارلىق جانلىق ـ جانسىزلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئاخىرى توغراقلار ئارىسىغا ــــ تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭەتتى. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ۋادىنىڭ بارلىق خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرىنى قارنىغا سىغدۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە سىڭىپ ئاققىلى قانچە مىڭ يىللار بولغانىدى ...

ساپ ھاۋا، سۈزۈك سۇ، بىپايان قۇملۇق، چەكسىز توغراقلىق روھىمغا سىڭىپ كەتكەن بۇرۇقتۇرمىلىقنى شوراپ كەتتى. بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئىچىمدىكى لەختە ـ لەختە روھىي زەرداپلىرىمنى بىردىنلا تارتىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ كەتتىم. ئۇيغۇر خەلقى «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار» دېگەن چۆچەكنى بىكار توقۇماپتىكەن. ئۇ مۇنداق چۆچەك: ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بارلىقىنى سېزىپ، بىرسىگە تىنالماي كۆڭلىدىن ـ كۆڭگە قورسىقى ئېسىلىپ ماڭالماي قالغان ساتىراش ئاخىرى چۆلگە چىقىپ ئىنىس ـ جىن يوق يەردىكى كونا قۇدۇققا دۈم يېتىپ تۇرۇپ «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار!» دەپ ئۈچ مەرتەم ۋارقىرىغاندىن

www.kitaphumar.com

كېيىن قورسىقى بوشاپ كېتىپتۇ. ساتىراش كەتكەندىن كېيىن بۇ كونا قۇدۇقتىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر قومۇش ئۈنۈپ چىقىپتۇ. پادىچى مال باققاچ قۇدۇق بېشىغا كەپتۇ ۋە ھېلىقى قومۇش كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، ئۈنىڭدىن بىر نەي ياساپ چاپتۇ. نەينىڭ ئاۋازى خۇددى ئادەم گەپ قىلغاندەك «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار » دەپ چىقىپتۇ. نەيچى بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ ئەتراپقا قارىسا، ئادەم تۈگۈل ئىنس-جىن يوق. خاتا ئاڭلىغان ئوخشايمەن دەپ، نەينى يەنە پۈۋلىگەنىكەن، نەيدىن يەنە «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار!» دېگەن كۈي تارقاپتۇ. پادىچى قورقۇپ كېتىپ نەينى يەنە قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرسا، نەي ياساش ئۈچۈن كەسكەن قومۇشنىڭ قۇلاقلىرىنى يەپ قالغان قوي، ئۆچكە، كالا مەرىسە ۋە مۆرىسە «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار! » دەپ مەرىگۈدەك، مۆرىگۈدەك. پادىچى تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئاشۇنداق مەرىگەن، مۆرىگەن قوي، كالىنى تاشلىۋېتەي دېسە، كۆپ زىيان بولىدىكەن؛ باقاي دېسە، «سەن كالا، قويلىرىڭغا قانداق مەرەش، مۆرەشنى ئۆگەتتىڭ» دەپ ئەيىبلىنىپ، كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىدىن قورقىدىكەن. پادىچى ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپ ئاشۇنداق مەرەپ، مۆرەيدىغان كالا، قويلىرىنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ بازارغا ئەكىرىپ ساتماق بوپتۇ. خېرىدارلارمۇ ئالماق بوپتۇ ۋە ئاغزىدا كېسەل بارمۇ ـ يوق كۆرۈپ باقاي، دەپ قوي، كالىنىڭ ئاغزىدىكى بوقۇچنى يەشكەنىكەن، شۇئان قويمۇ، كالىمۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق گەپنى دەپ مۆرەپ ـ مەرىشىپ كېتىپتۇ. بازاردىكى خالايىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بازارنىمۇ، قوي، كالىسىنىمۇ تاشلاپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىچىمۇ قوي، كالىسىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. لەشكەرلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بازارغا باستۇرۇپ كىرسە، مال بازىرىدا بىرمۇ ئادەم يوق. مال ـ چارۋىلار ئىگىسىز قالغۇدەك. بۇنى كۆرگەن زىندان بېگى ئىگىسىز قالغان بارلىق ماللارنى قاسساپقا سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ بېيىپ كېتىپتۇ. قاسساپ ئەرزان ئالغان مالنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى سېتىپ باي بوپتۇ. ئەمما ھېلىقى مالنىڭ گۆشىنى يېگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار!» دېگەن گەپنى دېگۈسى كېلىپ، ئىچى تىتىلدايدىكەن. دېسىلا ئىچىنىڭ سىقىلىشى بوشايدىكەن. يەنە بىردەمدە دېگۈسى كېلىپ جىم تۇرالمايدىكەن. ئۆزئارا دېيىشسە، «ۋاي دېمىسەڭمۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان گەپ بۇ» دەپ بىر ـ بىرىدىن خاپا بولۇشىدىكەنۇ، يەنە ھەممە ئادەم بىلىدىغان شۇ گەپنى يەنە دېيىشمىسە تۇرالمايدىكەن. شۇ گەپنى دېگەنلەرنى دېمىگەنلەر زىندان بېگىگە چېقىپ قويىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ قالغان زىندان بېگى ئۇلارنى ئۇدۇللۇق تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدۇرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ كاللا كېسىشتىن زېرىككەن، قىلىچىنىڭ بېسى ئۆتمەس بوپكەتكەن جاللاتلار بەش تەڭگە بەرسە جىنايەتچىنى قويۇۋېتىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق دېگەنلەردىن زىندان بېگى بىلەن جاللاتلار پۇل ئېلىپ باي بولۇپ ئىشىكلىرى ئالتۇندىن، تاملىرى كۈمۈشتىن، ھەتتا ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىمۇ ئالتۇندىن بوپتۇ. خەقلەر كەمبەغەللىشىپ

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

كەتسىمۇ قورساق كۆپېدىغان كېسەلدىن ساقىيش ئۈچۈن ئاۋۋال بەش تەڭگە تەييارلاپ قويۇپ، قورساق كۆپۈپ، تىنالماي، ماڭالماي قالغان چاغدا شۇنداق گەپنى دەيدىكەن. دەرھال قورسىقى بوشاپ كېسەلدىن خالاس بولىدىكەن ... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قوغۇنچى قوغۇنلۇققا سۇ قويۇۋېتىپ، قورسىقى كۆپۈپ بولالماي قېلىپ شۇنداق دەپ ساپتىكەن. پىشقان قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى گەپنى تەكرارلاپ ئېتىلىپ كېتىپتۇ ... قوغۇنچىنىڭ كالللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ، پىشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ زىندان بېگى ھەم جاللاتلارغا، ئاندىن خان ئوردىسىغا كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. زىندان بېگى قوغۇننى يەپلا «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار !» دەپ قاپتۇ. جاللاتلار زىندان بېگىگە قىلىچلىرىنى تەڭلەپ ھەيۋە بىلەن كېلىپ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق دەپ قاپتۇ. زىندان بېگى جاللاتلارنى ئۆلۈمگە بۇيراي دەپ تۇرسا ياساۋۇل، لەشكەرلەرمۇ ئىختىيارسىز شۇ گەپنى دەپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ دەپ تۇرسا، پادىشاھ مېزىلىك پۇرىغان قوغۇننى يەپ بولۇپلا قورسىقى كۆپۈپ كېتىپتۇ ۋە «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ! » دېسە قورسىقى بوشاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ قورسىقى كۆپۈپ ئاران تۇرغان ئوردا ئەھلىمۇ تەڭلا تەكرارلاپتۇ. پادىشاھ ئۆزىدىن باشلاپ ھەممە ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيراي دېسە، تازا ئەقىلگە سىغماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېشىدىكى تاجىنى ئېلىپ تاشلاپ، مۈڭگۈزىنى ئاشكارىلاپتۇ ھەمدە ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى بىكار قىپتۇ ...

سۈزۈك سۇغا قاراپ ئېسىمگە كەلگەن، مومام سۆزلەپ بەرگەن بۇ چۆچەك مېنى نەلەرگىدۇر ئەكەتتى. مېنىڭمۇ يەڭگىللەپ كەتكىنىم راست. ئاشۇ چۆچەكتىكىدەك، تارىمنىڭ سۈيى ئېچىمدىكىنى ئەكەتتى. زۇۋان كىرسە ئۇلار نېمىلەرنى دەر دېگۈم كېلىپ، باللارچە خىيالىمدىن كۈلگۈم كەلدى.

ــ ئۇخلاۋاتامسەن، ئويغاقمۇ سەن؟ ئابدۇقېييۇمنىڭ كىشلەر ئامراق ھېيتلىق ئاۋازى مېنى ئۇيقۇدىن ئەمەس، ساماۋى چۆچەكلەرنىڭ خىيالىدىن ئويغاتتى، ھەتتا مەن ماشىنا ماڭالماي پىيادە تىزغىچە توپىنى كېچىپ چاتقاللارنى قايرىپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي مەستتەك مېڭىپتىمەن. ئاپلا نېمىشقا تووۋلغاندۇ ماۋۇ بەغەرەز ئاغىنەم؟ ئاشۇ گۈزەل چۆچەك دۇنياسىدا بولغان بولسام، ماۋۇ جاپالىق ھەم سۈر باسىدىغان توغراق، چاتقال ئارىسىدا پىيادە مېڭىۋاتقىنىمنى بىلمەي كېتىۋەرگەن بولاركەنمەن. ئەسلىدە ئاچا يولغا كەلگەندە، يول باشلىغان ئاغىنىمىز ئابلەتمۇ يولنى پەرق ئېتەلمەي «قايسى يولدا ماڭىمىز» دېگەننى دەتالاش قىلىپ مەندىن سورىسا، مەن ئۈندىمەستىن مېڭىۋەرگۈدەكمەن. شۇڭا مېنى تووۋلغانىكەن ئۇلار.

سەپرايىم ئۆرلەپ، تېخىمۇ سۈرلۈك ھەم سىرلىق، ئاراشلىرىدىن قۇش ئۆتەلمەس توغراقلار بار ھارۋا يولىغا ماڭدىم.

ــ ئاھاي. ماڭمامسىلەر. يول بولغاندىكىن چوقۇم بىر مەھەللىدىن چىقىمىز. بىرى بارسا كەلمەس يول، بىرى بارسا كېلەر يول بولمىغاندىكىن، ــ دېدىم تېرىكىپ.

www.kitaphumar.com

ــ ياقەي ئاكىچا. ئۇنداق ماڭغان بىلەن بىزدە يا يەيدىغان نـان، يـا ئىچـىدىغان سـۇ يـوق. بىرقـانچە كۈنلـۈك يولغـا چۈشـۈپ قالساق، سىلىنى جاڭگالـدا قويغاننىـڭ ھۆددىسـىدىن مەن چىقالمايمەن. مايەردە يېڭى ئىز ـــ موتسىكلىتنىڭ ئىزى باريكەن. مانداق ماڭىلى!! ـــ ئابلەت مەن تاللىغان يولنى ئەمەس، باشقا بىر يولنى تاللىدى ۋە ھەممىسى ماڭا قارشى چىقىپ شۇنداق مېڭىشتى. ئامالسىز ئەگەشتىم ... ماڭدۇق. «ئەمدى يەنە ماڭىدىغان بولسا مەن ئىزىمغا يېقىلىپ ياتىمەن» دېگەن خىيالغا كەلگەن چېغىمدا، يىراقتىن ئادەمنىڭ ۋارقىرىغان، ئىت قاۋىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئـاچلىق، ئۇسسـۇزلۇق كۈچەيـدى. شـەھەردە بوشـاپ كەتـكەن، بەل، پاچـاق بـۇ يولغـا چىدىمىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، چىدىماي يەنە ماڭدۇق. ئابـدۇقېيىۇمنىڭ بايـا چىرايلىـق كۆرۈنگەن رامبۇچە دالا كېيىمى ئەمدى كـۆزۈمگە سـەت كۆرۈنـدى. «مۇشـۇنداقمۇ ماڭدۇرامـدۇ ئادەمنى؟ يا بىر توغرام نان، يا بىر قاپاق سۇ يوق، چۆلگە چىققىنىنى كۆر. تاماكا بولسىلا ھەممىگە قانـدىغان ئاداشـكەن ئـۇ» ئىچىمـدە غوتۇلدىـدىم. كـۆزۈمگە توغراقسـىز دالا كۆرۈنـدى. بـايىقى توغراقلارنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك، كۆز ئالدىمدا كېۋەز ئېتىزلىرى، ئېتىزلاردا ئاسماندىكى بارلىق ئاق بۇلۇتلار كۆچۈپ چۈشكەندەك ئۆچكىلەر پادىسى كۆرۈندى. پۈتكۈل ئۆچكىلەر سۈتتەك ئاق، پاكىز، بىرسىمۇ باشقا رەڭدە ئەمەس ئىـدى. يۈگۈرگەنـدەك ماڭـدىم. قېـرى جـۈۋاز كالىسـىدەك لوپۇلداپ ماڭغـان بولۇشـۇم چوقـۇم، ھەمراھلىـرىم كۈلۈشـۈپ كەتتـى. بىـر ئۆسـتەڭ، ئۆسـتەڭدە قەدىمقى سىپىل تېمىدەك قىلىن ئۇيۇغان مۇز. سۇ ئالىدىغان كاچكۆل، كاچكۆل بويىدا ناۋاتتەك مۇز پارچىلىرى تۇرۇپتۇ. كۆزۈمگە جەننەتنىڭ شولىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. مۇز پارچىلىرىنى گويا ئايغىر ئات قوناق چاينىغاندەك يەپلا كەتتىم. ئۇسسۇزلۇقتا قانمايمەن. كـۆۋرۈك بويىـدىكى يالغۇز ئۆيدىن نەچچە بالا چىقىپ بىزنى يىراقتىنلا كۆرۈپ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى، ھەمراھلىرىم گەپ سوراپ يالۋۇرسا، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بىـر ئېغىزمـۇ جـاۋاب بەرمىـدى. ئـۇلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك. كاچكۆل بېشىدا ياتىدىغاندەك ئەلپازدا مۇز چاينايمەن.

ــ ئۇھ، قوڭالچاق مەھەللىسىگە راست كەپتۇق، تاپالاپتۇقــ ئەسلىي مەنمۇ كەپ باقمىغان، ــ دېدى ئابلەت.

ئۆزىڭىز كېلىپ باقمىغان يەرگە بىزنى باشلاپ كەلگىنىڭىز قىزىق، ھەرھالدا ئادەم بار، سۇ بار مەھەللىگە ئۇلاشتۇق. توغراقلىق يەنە بىردەم داۋام قىلسا «ئاھ خۇدا» دەپلا توغراق تۈۋىدىكى توپىغا چۆكۈپ ياتاتتىم، ــ دېدىم مەن مۇز چايناۋېتىپ.

ئۇسسۇزلۇق بېسىلغان بىلەن ئاچلىق بىلەن ھارغىنلىق جاننى قىينايدۇ. كۆزۈم خاتىرجەم ئوتلاۋاتقان بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق سېمىز ئۆچكە ھەم شوخ ئوغلاقلاردىن ئۈزۈلمەيدۇ. گاچچىدە بىزنى تۇتۇپ بوغۇزلاپ كاۋاپ قىلساق، قورساق تويسا ئانـدىن ئـۇھ، دەيتـتىم. بـالا چاغلىرىمـدا

www.kitaphumar.com

قورسقىم تويمىسا خەقنىڭ توخۇسى بولامدۇ، تۇخۇمى بولامدۇ، خورىزى بولامدۇ، سويمىسى بولامدۇ، ئىشقىلىپ يېگىلى بولىدىغانلا نەرسىسى بولسا ئوغرىلاپ يەپ قورسىقىم تويغاندا، قوشۇقتەك يۈزۈمدىكى پىيالىدەك پىلدىرلاپ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە شوخلۇق يامىشاتتى. قورسىقىم ئاچقانچە تەلۋىلىشىپ «مۈشۈ پۈتۈن ئالەم بىر نان ياكى بىر قاچا لەغمەن بولسا ...» دەپ ئويلايتتىم.

خۇدا ھەممە جاندارغا نەپسىنى بەرگەن. ھېكايەت: خوراز ئاچلىقتا چىدىماي دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدا پارقىراپ تۇرغان بىر باش سېرىق قوناقنى قاراپ چىدىيالماي قاپتۇ ۋە غاز بىلەن بىرنېمىسىنى قوناققا تېگىشىپتۇ. غاز دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، سېرىق قوناقنى خورازغا بېرىپتۇ ـ دە، خوراز پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن قوناق چوقۇلاشقا باشلىغاندا خورازنىڭ ھېلىقى نەرسىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. خورازنىڭ ئەس ـ يادى قارنىدا قېلىپ، نېمىسىنى يوقاتقىنىنى بىلمەپتۇ. شۇندىن باشلاپ «غازنىڭ ئەرلىكى بار، خوراز ئۇسارغاق» بوپ قاپتۇ. غاز جۈپلەشسە ھۇزۇرلىنىپ، قانات قېقىپ ئەتراپقا ھۇررا توۋلاپ يۈگۈرەيدىكەن؛ خوراز جۈپلەشسە ئۇسۇرۇپ سىلىپ مېكيانىنى ئايلىنىپ خۇشامەت قىلىپ، يالۋۇرۇپ، قانىتىنى پۈتلاپ، نېمشقا شۇنداق «جابدۇقسىز ئېرىڭ» بوپ قالغىنىنى چۈشەندۈرمەن دەپ داتلىنىدىكەن ... نەپسى ئۈچۈن بىچارە خورازدەك رەسۋا بولۇپ بىراۋ ئالدىدا تىل قىسلىقى بوپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىغاي! نەپسىمگە سەۋر ـ تاقەت بەرگەيسەن، دەپ ئاللادىن تىلەيمەن. «نەپسىنى يېڭەلىگەن ئادەمنىڭ يېڭەلمەيدىغان دۈشمىنى بولمايدۇ»دەيدۇ لوقمان ھەكىم.

بىز ئۆيگە چۈشمەكچى بولغان، بىزنى كۈتمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۆيىنى سورىدى ئابلەت، ئىشكى ئالدىدا تۇرغان ياش يىگىتتىن.

ــ ئۆيى ئاۋۇ. شاياردىن مېھمان كېلىدۇ، ئالدىغا چىقىمەن دەپ سەھەردە كەتكەن، ھازىرغىچە كەلمىدى.

ــ ھە، بىز شۇ مېھمان.

ــ ئۇچراشماپسىلەر ـ ھە؟

ــ ئۆيىدىكىلەر ... ئۆيدە ئادەم يوقمۇ؟

ــ خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ تەييارلىق قىلغىلى بازارغا كەتتى. ــ ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتكىلى ماڭدى.

ــ قانداق قوشنا سەنوي؟ قوشناڭنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، قوشناڭ ئۆيىدە بولمىغاندىكىن، ئۆيۈڭگە باشلاپ بىرەر پىيالە چاي بېرەي دېمەيسىنا؟ بۇ يەردە باشقا ئۆي بولمىسا ...

www.kitaphumar.com

ــ ۋاي ئۇ دېگەن سىلى ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىنىسى، ــ دەپ قويدى باغچىدىكى مايمۇننى كۆرۈشكە توپلانغاندەك بىزگە ئەگىشىپ ئولىشىۋالغان باللاردىن بىرى.

ــ ھە تېخى مانداق گەپمۇ! ئاكاڭ بولمىغاندىكىن، ئاكاڭنىڭ مېھمىنى ــ سېنىڭ مېھمىنىڭ. ئاچە ئىشىكىڭنى، بىزنى باشلا. كۆرۈڭ بۇ گەپنى، ــ دېدىم مەن يىگىتنى قايرىپ قويۇپ ئۆيگە ئاۋۋال كىرىپ. ھەمراھلىرىم كۆلۈشۈپ كېتىشتى.

ــ مانداق مۇتتەھەم مېھماندىن خۇدا ساقلىسۇن، ــ دەپ كەينىمدىن كۈلكە قىلدى ئابدۇقېيىيۇم.

ــ مۇشۇنداق مۇتتەھەم مېھمان بولمىسا، ئەخلاقلىق مېھمانلار نان، سۇسىز چۆلدە تېنەپ قالىدۇ، ــ دېدىم مەن ئارقامغا قارىماستىن. لېكىن ئىچىمدە ئۆزۈمنىڭ ھېلىقى خورازغا ئوخشاپ قېلىۋاتقىنىمدىن؛ ئەخلاقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىمدىن نومۇس قىلدىم. ئەمما نەپسىم ئەخلاققا ھېچ يول بېرەر ئەمەس. ئىچكىرىگە كىرىپ ياغاچ سۇپىدىكى قارا كىگىزگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

ــ ھە قېنى، يەيدىغان نەرسەڭنى ئاله. نېمە يېسەڭ شۇنى ئال، بوله چاققان، ــ دېدىم مەن ئۆينىڭ نەرىدىن يەيدىغان نېمە چىقار دەپ قاراپ.

ئۆي قاراڭغۇ ھەم غورىگىل ئىدى.

ــ شۇ ... شۇ ... خىجىل بوپقالدىم. قېتىپ قالغان نان بار ئىدى ... ئاپالىم قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە نان ياققىلى كەتكەن. كېلەر چاغ بولدى. ئىسسىق ناندىن ئالاي.

ــ ئادىشوي تولا بەغەرەزلىك قىلماي، بارىنى ئال دېگەندىكىن، ئاله. بىز تۈنۈگۈن تاماق يېگەنچە ...

شۇنداق قىلىپ بالا سۇلياۋ پەتنۇستا قېتىپ قالغان پارچە ناندىن ئەكەلدى. نان كونا خۇمدانىنىڭ چالمىسىدەك قاتتىق بولسىمۇ، بالا چاغلىرىمدا چوڭ دادام بازاردىن بەلۋېغىغا تۈگۈپ ئەكىلىدىغان ئەدرەكتەك تېتىپ كېتىپ، چىشىم ئۈتمىگەنچە غاچىلاپ ھۇزۇرلاندىم. قورساق ئاچماس، كۆڭۈل تارتماس ئۈرۈمچى غوۋا چۈشتەك ئېسىمگە كەلدى.

بىردەم ئارام تاپقاندىن كېيىن يىگىتتىن سورىدىم:

ــ ئۇكام مەنمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن چىقتىم. ئەمما سەنمۇ مەندىن كەم ئەمەس. سەن نېمىشقا ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆيگە باشلىمايسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكاڭنىڭ مېھمانلىرىكەنمىز. ھېچ بولمىسا «ئۆيگە كىرىڭ» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ دەپ قويمىدىڭا؟

ــ ئەمدى شۇ، قارىسام ئېسىل سۆپەت مېھمانلاركەنسىلەر. ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ ...

تېخى سىز زورلاپ كىرىۋالمىغان بولسىڭىز، ئۆيگە كىرىپ بالامنى ئەپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قاچماقچىدىم، ــدېدى راست گەپ قىلىپ بالا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستى



ــ ئاڭلىــدىڭلىما، ئەخلاقلىــق مېھمــانلار؟ بــۇ يەردە مېنىــڭ يــۈزى قــېلىن مــۇتتەھەم مېھمانلىقىمنىڭ پايدىسىنى كۆردۈق.

ــ ھازىرغۇ كىمنىڭ يـۈزى قـېلىن بولسا، راھەت شـۇنىڭ. كـىم مـۇتتەھەم بولسا، جاھـان شۇنىڭ بوپ كەتتى، ــ دېدى ھەمراھلىرىمدىن بىرى.

بىر چاغدا يىگىتنىڭ ياش ئايـالى ھاسـىراپ ـ ھۆمـۈدەپ كىرىـپ خىجىللىقتىن تەمتىـرەپ بىزگە داستىخان سالدى. بار ناننى داستىخانسىز يەپ بولغىنىمىز ئۈچۈن داستىخانغا قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە، خاسىڭ دېگەنلەرنى تىزدى. چوكان پىيالىسىنى يۇيۇپ چاي قويۇپ بولغۇچە، داستىخاننى قۇرۇقداپ بولدۇق.

ــ قېنى بېقىشسىلا، ــ دەپ چاي تۇتقان چوكـان قۇرۇقـدىلىپ قالغـان داسـتىخانغا قـاراپ قىزىرىــپ كەتتــى. بىــز تەڭــلا ھىجايــدۇق، ئــۇ قــىزاردى. ئــۇ بىزنىــڭ نومۇسسىــزلىقىمىز ئۈچــۈن خىجىللىقتىن قىزارسا، بىز ئاچ كۆزلۈكىمىز ئۈچۈن كۈلدۇق. ئۇ قىزارغاندا ئاشـۇ ئـۆزى ياشـىغان ساپ ھاۋالىق توغراقلىق دالىدىكى يۇلغۇن چېچىكىدەك قىزارسا، بىز كىيىمنى سىلىقىتىپ كوچىدا يالىڭاچ يـۈرگەن بىـر تـوپ ھاياسـىزنىڭ كىيىمنىـى سـالماي يـالغۇز ماڭغـان يولۇچىغـا قـاراپ كۈلگىنىـدەك كۈلـدۇق. شـۇ تاپتـا گۈزەللىـك سـەھرادا ئادەملەرنىـڭ روھىغـا، دەل ـ دەرەخلـەرگە سىڭگەن بولسا؛ شەھەردە تاملاردا، ئادەملەرنىڭ تېرىسىدە، ئاياللارنىڭ پەردازلىرىدىلا قالغاندەك تۇيۇلدى. دېمەك گۈزەللىك سەھرا ئادەملىرىنىڭ روھىدا، شەھەر ئادەملىرىنىڭ سىرتقى بىر قەۋەت پوستىدا جۇلالايتۇ.

بىزنى كۈتمەكچى بولغان، بىز كۈتكەن ئادەم كۈن چۈشتىن قايرىلغۇچە پەيدا بولمىدى.

ــ مەقسەت ئوۋ تاماشاسى كۆرۈش بولغاندىكىن، ئوۋچىلارنىڭ ئۆيىنى تاپمامدۇق؟ ــ دېدىم مەن.

ــ بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈڭلار.

ــ بولدى ھېساب ئاداش. ئۆيۈڭدە ئوغلاق بارما؟

ــ بار.

ــ قانچە پۇل ئالساڭ ئېلىپ دەرھال بىر ئوغلاقنى بوغۇزلاپ پىشۇر. كاۋاپ قىل. ئاندىن ئوۋ تاماشاسى قىلىپ بەر بىزگە، ــ دېدى ئابلەت.

شۇنداق قىلىپ ئىسمى ئېسىمدە قالمىغان ئوۋچىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدۇق. شۇنداق بولدى. قورساقمۇ تويدى. پۇت ـ قولغا جان كىردى. ئـۇ دۆڭـدىن، بـۇ تـوغراق ئارىسـىدىن، يىراقتىكـى مەھەللىدىن ئادەملەر بىردىن ـ ئىككىدىن پەيدا بولۇپ، مەھەللە كالتا بازارغا ئايلاندى. بـالىلار كـاۋاپ قىلىۋاتقان گۈلخان ئەتراپىـدا ئايلىنىـپ قوغلاشـتى. ئـوۋچىلار يىغىلىـپ ھەر خىـل ئـوۋ پاراڭلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۆزئارا چاقچاقلاشتۇق. ئۆزۈم ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشسامۇ، كۆزۈم

www.kitaphumar.com

لەمپە ئاستىدىكى بالداقتا قوندۇرۇلۇپ پۈتلىرى تاسمىدا چاتقا قىلىپ باغلانغان، بوينىغا چىرايلىق كىچىك قوڭغۇراق ئېسىلغان قارچىغىدا ئىدى. ئۇنىڭ بىزگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل تەنىنى شۈركەندۈرىدىغان قورقۇنچلۇق نۇر چىقماقتا ئىدى. بويىندىكى ئالتۇنرەڭ قوڭغۇراقتەك سېرىق كۆزلىرىدىن يىرتقۇچلاردا بولىدىغان سۇرلۇك چەكچىيىش بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ چىداپ بولغىلى بولمىدى ياكى كۆزنى ئەپقاچقاندا ياكى چىملداتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق «كۆزۋازلىق» قىلغىلى بولىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن «سەن بىر پارچە گۆش، مەن سېنى قاماللاپلا بېسىپ يەيمەن» دېگەن مەنىدىن باشقىنى ئۇزۇمچە تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئۇ بىزگە قاراپ نەچچە قېتىم ئېتىلىپ ئۇچتى. باغلاقلىق تاسما ئۇنى بىزگە، قولىمىزدىكى گۆشكە ئېتىلغىلى قويماي رەسۋا قىلىپ، بالداققا ئېسىلدۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ بالداققا ئېسىلىپ تۇرغان ھالىتى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ ماڭغان مېكياننىڭ پۇتىدىن بالداققا ساڭگىلىتىپ قويغان ھالىتىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ يەنە پالاقلاپ يۈرۈپ ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان قونداققا قايتا قونۇشقا مەجبۇر بولدى. بالداققا قوندى ـ يۇ، ھېلىقى بىچارە مېكيان قياپىتىدىن يەنە بايىقى سۇر ھەيۋىلىك قارچىغا قىياپىتىدە ئۆزىنى ئوڭشاپ سۇرلۇك قاراپ تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىردە ئالدىمدا خاتىرجەم دانلاپ يۈرگەن توخۇلارغا قارايمەن، بىردە ئۇنىڭ باغلاقتىكى ھالىتىگە قارايمەن. بىچارە جانىۋار. سەنمۇ توخۇ بولغان بولساڭ، باغلاققا چۈشمەي ئەركىن دانلاپ يۈرگەن بولار ئىدىڭ.

ــ ئاۋۇ قارچىغا نېمانداق توختىماي پالاقلايدۇ؟ ــ دەپ سورىۋېدىم، ئۇۋچى قارچىغىغا قاراپ پەرۋاسىز جاۋاب بەردى:

ــ ئۇ گۆيىنىڭ قورسىقى ئاچتى. ئىككى كۈن بولدى ھېچنېمە بەرمىدۇق.

ــ نېمىشقا؟

ــ قورسىقىنى توق باقساق، ئوۋلىمايدۇ.

ــ ھەممە قارچىغا شۇنداقمۇ؟

ــ ياق، ماۋۇ بۇ يىلقى بالىسىكەن. قارچىغا بالىسىمۇ ئادەم بالىسىدەك، تەنتەك بولىدىكەن. قورسىقى ئاچ بولسا، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي توشقانغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. توق بولسا خوش ياقماي ئۇچۇپ قويۇپ، ئوۋنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

ــ ياقەي بۇ دېگەن كۆندۈرۈشتىكى گەپ. بۇنى كۆندۈرگەنلەر يامان كۆندۈرۈپ قويغان گەپ. ئەگەر چىداپ راۋۇرۇس كۆندۈرىدىغان بولسا قورسىقى توق بولسىمۇ، ئاچ بولسىمۇ ئوۋنى قاچۇرمايدۇ، دېدى بىرى.

ــ سېنىڭ گېپىڭ راست ئوخشايدۇ ھوي. بۇ ناھايىتى ياش، چىرايلىق قارچىغا بالىسىكەن. كاساپەت چالا باخشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يامان ئۆگىنىپ قاپتۇ. بولمىسا قورسىقى توق

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ

بولامدۇ يا ئاچ بولامدۇ ئۇۋغا سالىدىغان بولسا، كۆزىگە ئىلىنىشقانلىكى جانلىقنى ئۇۋلىماي قويمايدۇ.

ــ توشقان ياكى قىرغاۋۇلنى كۆرسەڭلا قولۇڭلاردىكى قارچىغىنى قويۇۋېتىسلەر، شۇنداقمۇ؟

ــ قىزىقىپ سورىدىم.

ــ ھەئە.

ــ ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ، ئوۋنى تۇتۇپ سىلىگە ئەكىلىپ بېرەمدۇ؟

ــ ھا ... ھا ... ھا، ياقەي ... قىزىق گەپ قىلىدىغان ئاكىچىنا. ئوۋنى تۇتۇپ چىلك قاماللاپ بېسىپ تۇرىدۇ. بىز قوغلاپ بارغۇچە ساقلاپ تۇرىدۇ. بىز بېرىپ پەم بىلەن توشقاننى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتىمىز.

ــ قانداق ئاجرىتىسلەر؟

ــ توشقاندىن بىر لوقما گۆشنى ئاۋۋال كېسىپ ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن ئۇمۇ قولىدىكى پۈتۈن توشقاننى بىزگە بېرىدۇ.

ــ بىر لوقما گۆش بەرمەي ئالساڭلارچۇ؟

ــ قاماللىۋېلىپ، چىلك باستۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ.

ــ بەرمىسەچۇ.

ــ بەرمەي قۇتۇلالامدۇ؟ ئۇ بىزگە باغلانغان تۇرسا؟

ــ ئۇنى سىلە قويۇۋەتكەندىكىن قېچىپ كەتسە، ھەتتا ئوۋنىمۇ تاشلاپ قېچىپ كەتسە بولمامدۇ؟ سىلىگە ئۇۋ ئۇۋلاپ سىلىگە باغلىنىپ ياشىغۇچە، سىلىگە باغلاغقا چۈشۈشتىن بۇرۇنقىدەك ئۆزى خالىغانچە قورسىقى ئاچقاندا ئۇۋ ئۇۋلاپ يەپ، بولمىسا مۇشۇ توغراقلىق ئارىسىدا بۇرۇنقى ئەسلىي پەدىسىدە ياشىسا بولمامدۇ. قانىتى تۇرۇپ، ئۆزى ئۇۋچى تۇرۇپ، سىلە قويۇۋەتسەڭلار، ئۇۋ ئۇۋلاپ يەنە سىلىگە بېرىدىكەنۇ، ئۆزى ئوۋلىغان بىر توشقاندىن سىلەر ئۇنىڭغا بىر لوقما بەرسەڭلار شۇنىڭغا ماقۇل دەپ سىلىگە باغلىنىپ، سىلىگە ئىشلەپ ياشايدىكەن ...

ــ بىر توشقاندىن بىر لوقما گۆش بەرمەي ئوۋنى پۈتۈن ئېلىۋالساق، ئۇمۇ قېيداپ قالىدۇ. ئوۋغا سالساق، ئالماي تۇرۇۋالىدۇ. بىر لوقما بېرىپ ئاجراتساق، شۇنداق خۇشال ئۇۋ ئۇۋلايدۇ. ئەقىللىق جانىۋار بۇ ...

ــ ياق ... ياق ... قاتتىق دۆت نەرسىكەن بۇ. سىلە توشقاننى قوغلاپ مىڭ يىلدىمۇ تۇتالمايسلەر. قارچىغا بولمىسا ھەرگىز تۇتالمايسلەر.

ــ ئۇ راست.

www.kitaphumar.com

ــ ئۇ نېمىشقا ئۆزى سىلەرگە تۇتۇپ بېرىپ، يەنە سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن تىلەپ يەيدۇ؟ بەرسەڭلار يەيدۇ، بەرمىسەڭلار مانا مۇشۇنداق باغلاقتا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ؟ نېمىدېگەن ئەقلسىزلىك بۇ؟

ــ چۈنكى بىز ئۇنى باغلاقتا كۆندۈرۈۋالغان ئەمەسما ئاكىچا !

ــ ھەممە قارچىغا شۇنداقما؟ ھەممىنى كۆندۈرۈۋالغىلى بولامدا؟

ــ ياق.

ــ ئىككى يىل ئاتلاپ قالغان قارچىغىنى تۇتساقمۇ كۆندۈرگىلى بولمايدۇ. بىزنى ئالداپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بالىلىرىنى كۆندۈرۈپ ئۆزىمىزگە باغلىۋالساق، قېرىپ ئۆلگۈچە بىزگە گۆش تېپىپ بېرىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىپ ئۆلىدۇ.

ــ ئۇنى قانداق تۇتىسىلە؟

ــ تور قويۇپ، تورغا كەپتەر قويۇپ قويساق، قېرى قاچىغا بىكاردىن بىر يەردە جىمىدە تۇرغان كەپتەرگە تەگمەي كېتىپ قالىدۇ. كەپتەر دېگەن ئۇچماي جىم تۇرسا بىر چاتاق بار، دەپ ئۇنى ئوۋلىماي ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان مانىڭدەك قارچىغا بالىلىرى «تەييار ئولجا ئىكەن» دەپ قاراپ، ئۆزىنى ئۇرىدۇ ـ دە، تورغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ ۋە ئادەملەر بەرگەن تەييار نەرسىگە كۆنۈپ قالىدۇ.

ــ ھەي ... بىكارلىق نەرسىنىڭ، ئەجىر قىلماي ئېرىشكەن نەرسىنىڭ زادى چاتىقى بار ـ دە

ــ تەييار ئوۋغا ئۇچرىدىم دەپلا، بىر ئۆمۈر ھاياتىنى باغلاقتا تۇتۇپ بېرىدىغان گەپكەن ـ دە. گال دېگەن يامان مۇناپىق جۇما ... ھەي گال ... ھەي گال.

ــ شۇنداق قىلىپ تورغا چۈشكەن قارچىغا بالىسىنى قانداق كۆندۈرسىلە؟

ــ قارىچىغا بالىسىنى تۇتماق ئاسان بولغان بىلەن كۆندۈرمەك تەس. شۇڭا ئوبدان قارچىغا بالىسىنىڭ يېڭى تۇتقىنىنى بەش يۈز كويغا ئالغىلى، ساتقىلى بولسا، كۆندۈرۈلگىنىنىڭ نەرخى ئىككى مىڭ كويدىن يۇقىرى.

ــ ئىككى مىڭ كويغا قارچىغا ئېلىپ نېمە كەپتۇ؟

ــ ھاي يېڭىلىشتىلا ئاكىچا. بىر ئاي ئوۋ قىلسىلا سىلى ئالغان پۇل تىرىلىپ ئاندىن كېيىن سىلىگە بىكارغا ئىشلەيدىغان مەدىكار دېسىلە ئۇ. قوڭلىرى چىداپ ئوۋغا چىقسىلا، ئايدا سىلىگە ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭغىچە كىرىم قىلىپ بېرىدۇ.

ــ قانداق دەيسىز؟

ــ بىر توشقان سەككىز كويدىن ئون كويغىچە. بىر قىرغاۋۇل ئون بەش كوي. خەق ئۆيلىرىگە كېلىپ ئۆزى ئەكىتىدۇ. خەقنىڭ دائىم قوي گۆشى يېيىشكە پۇلى يوق. بىر كىلو قوي

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

گۆشــىنىڭ پۇلىغا ئــۈچ كىلــو توشــقان گۆشــى يەيــدىغان گەپ. خەق مــانى ھېســابلايدۇ. تېخــى قارچىغىمىز ئوبدان چىقىپ تۈلكە ئالسا، بىر تۈلكە بەش يۈز كويدىن يۇقىرى دەڭە.

ــ بۇ گەپنى قويۇپ قارچىغا بالىسىنى قانداق كۆندۈرىدىغانلىقىڭلارنى دەپ بېرىڭلا.

ــ بىر ئۆيدە تۆت ـ بەش ئادەم قارچىغا بالىسىنى توختىماي قۇشلاپ قولىمىزغا بىـر لوقما گۆشنى ئېلىۋېلىــپ «گـاھ ... گـاھ ... ئـاله ... كەل» دەيمىـز. قورسـىقىنى ئـاچ قويـۇپ تـاكى قولىمىزدىكى گۆشنى ئالمىغۇچە ھېچنېمە بەرمەيمىز. قاراڭغۇ ئۆيدە ئاچلىقتا چىدىمىغان قارچىغا بالىسى ئاخىرى قولىمىزغا ئۇچۇپ كېلىپ بىر لوقما گۆشنى چوقۇلايدۇ. بىر چوقۇغاندىن كېيىن قارىچىغا بالىسنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، يەنە تۇۋلايمىز؛ قارچىغا قىيىداپ، ئاچچىقلاپ ئۆيدە بىردەم پالاقلاپ ئۇچقاندىن كېيىن، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي يەنە قولىمىزغا كېلىدۇ. بىر چوقۇلا ـ چوقۇلماس يەنە پىرقىرىتىپ چۆرۈۋېتىمىز ... ئاشۇنداق قىلىۋەرسەك ئاخىرى بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر لوقما گۆش بەرمىگۈچە يېمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئـۆزىگە بىـر پـارچە گـۆش تاشلاپ بەرسەكمۇ، بىز قولىمىزغا ئېلىپ بەرمىگۈچە يېمەي بىزگە قاراپ تۇرىدۇ. بىـز بەرگەنـدە ئاندىن يەيدۇ ... مانا شۇ ھالغا كەلگۈچە ئۇنى ئاشۇنداق ئاچ قويۇپ قولغا ئۆگىتىمىز. يەنە بىرسى، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تۆت ئادەم ئۇنى نۆۋەت بىـلەن قولـدىن ـ قولغـا ئېلىــپ دەم ئالـدۇرماي، ئۇخلاتماي، ئۇ قولدىن بۇ قولغا پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئۇچۇرىمىز. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي، قولدىن ـ قولغا تاشلانسا، ئاندىن بىزگە كۆنىدۇ.

ــ ئەگەر ئۇخلىسىچۇ؟

ــ ئەگەر بىرەر قېتىم قارچىغا بالىسنى كۆندۈرۈۋاتقان باخشى مۈگدەپ قېلىپ ياكى ھېرىپ قىلىپ قارچىغا بىـردەم ئۇخلىۋالسـا، يـاكى جىممىـدە ئـويلاش پۇرسـىتىگە ئېرىشۋالسا، چۈشىدە بۇرۇنقى تۇرمۇشى، ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئۆلسىمۇ كۆنمەيدۇ. قىرىـق كـېچە ـ كۈنـدۈز ئۇخلاتماي قولدىن ـ قولغا پىرقىرىغاندىن كېيىن ئۇ بۇرۇنقى تۇرمۇشى، ئاتا ـ ئانىسىنى تولۇق ئۇنتۇپ: «مەن ئەقلىمگە كەلسەم مۇشۇنداق ياشايدىكەنمەن» دەپ، ئادەمنىڭ قولغا كۆنىدۇ.

ــ بۇرۇنقى كۈنلىرى قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئۇيقۇسىزلىقتا پۈتۈنلەي ئۇنتۇلامدا؟

ــ ئەمىسە، ئادەمنىڭ قولغا كۆنەمتى؟

ــ جاڭگالدا ئۇچۇش جەريانىدا ئەركىن قـارچىغىنى يـاكى ئاتـا ـ ئانىسـىنى كـۆرۈپ قالسا ئېسىگە كەلمەمدۇ؟

ــ بۇرۇنقى كۈنلىرىنى، ئەسلىنى پۈتـۈنلەي ئۇنتـۇپ كەتـكەن بولغاچقا، ئاتـا ـ ئانىسـىنى تونۇيالمايدۇ ...

****************************

www.kitaphumar.com

قونداقتا ئۇلتۇرغان قارچىغا بالىسىغا قاراپ قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ قولىقىمدىن كىرىپ ئىچىگە شۇڭغۇپ ئۆزۈمنى تەكتى - ئەسراغا سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك بوپ قالدى.

ئادەملەر نېمانداق ئەقىللىق، ھىيلىگەر يارىتىلغان - ھە! قارچىغىنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ نەپسىگە ئامراقلىق ماۋۇ قارچىغىدىلا ئەمەس، مەندە تېخىمۇ بارىكەن.

ئۆزۈمنى بىردىنلا ئاشۇ قونداقتا باغلىنىپ، ئاچلىق ئازابىدىن ئادەملەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قارچىغا بالىسىدەك ھېس قىلىپ قالدىم.

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى)
جۇڭگو مىللەتلىرى ژورنىلى 2004.5 - سانىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

# تەكلىماكاندىكى ياۋا ئادەم

**ئەختەم ئۆمەر**

بۇ ھېكايە ئەقلىمگە كەلسەم تۇمەنتالدا ئېيتىلىپ يۈرەركەن …

مىلادى 1868 ـ يىلى قارا قىش، مەكتىنىڭ تۇمەنتال توغراقلىقى. قېلىن ياغقان قار بۈككىدە ئۆسكەن توغراقلارنىڭ شاخلىرىغا ئاق بۇلۇتتەك قونۇپ سامان باسقان ئۆگزىدەك ئويۇپ كەتكەن.

ئادەم بويى كەلگۈدەك توغراقلارنىڭ تۈۋىدىكى دەسلەپ ياغقان قارلار ئېرىگەن، قومۇش، ئەمەن، كۆك تىكەن، تۆگە تاپىنى دېگەندەك ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا سالما، پاتمىچۇقلار يۈگۈرۈشكەندە، قۇرىغان ياۋا ئوت ــ چۆپلەر شىلدىرلىشىپ توغراقلىقتا ئازراق بولسىمۇ جان كىرگەندەك بولۇپ قالاتتى. بەزىدە توغراق شاخلىرى تۇيۇقسىز مىدىرلاپ، ئۈستىدىكى قېلىن قارلار شارردە تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

بىردىنلا قويۇق قومۇشلار شالدىرلاپ قېرى يۇلغۇننىڭ بولجا چىشۇنقلىرى ئارىسىدىن بىر قوڭۇر ئېيىق بالىسى قورۇپ قېلىن كۆرپىدەك بولۇپ كەتكەن توغراق غازاڭلىرىنى پۇراپ تەمتىلەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇۋىسىدىن تۇنجى چىقىشى بولسا كېرەك، ھەممىگە بىر خىل قىزىقىش بىلەن تىمىسقىلاپ ئىسقىرتىپ، پىسلداپ ئۆملەيتتى.

ئۇ توغراقلىق ئارىسىدا يەنە بىرەر يۈز چامدام ئۆملە ـ ئۆملىمەيلا «كۈلدۈر» قىلىپ بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى ۋە يەرنىڭ تېگىدىن ئۇنىڭ غىڭشىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ يىغائاۋازى تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. چاپاق باسقان قارا كۆزلىرى چەكچىيىپ ئاژناپلىق بىلەن ئەسنەپ، ئېڭەكلىرىدىن قاس چىقىپ كەتتى. پۇراپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئۇۋچى تاشلاپ قويغان توشقاننىڭ گۆشىدىن بىر تويغۇچە يەپ خوشاللىقتىن ئاغزى ــ بۇرنىدىكى قانلارنى ئۇزۇنغىچە يالاپ تاتلىق ئۇخلاپ قالدى.

بىر چاغلاردا بۇ قاپاتا تەرەپتىن ئوۋ ئىتلىرىنىڭ بەس ــ بەس بىلەن قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئورا بېشىدا توپاقتەك بىر ــ بىرىدىن يوغان سەككىز ــ ئون تاغىل ئىت ئورىغا قاراپ يەۋەتىدىغاندەك چەكچىيىپ قاۋىغىلى تۇردى. ئىتلارنىڭ قاتتىق قاۋىشىدىن شېرىن ئۇيقىسى بۇزۇلغان ئېيىق بالىسى قورقۇپ غال ــ غال تىترەپ كەتتى.

ئىتلار ئېيىق بالىسىغا تازا قاۋاۋاتقاندا بېشىغا تۈلكە سالغان، ئۇچىسىغا ئۆك جۇۋا كىيگەن، مۈرىسىگە مىلتىق ئاسقان بۇسۇغا باي قارا ئارغىماقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىتلارنىڭ ئۈننى پەس

قىلدى. ئاندىن قويىندىن قىل ئارغامچىنى چىقىرىپ سالما تاشلاپ ئېيىق بالىسىنى تارتىپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ بويىندىكى قىلتاقنى چىقىرىۋېلىپ قارىدى.

ـ ھە، ئىنجىمارۇق، ھالىڭغا باقماي ئەركەككەنسەن تېخى. بۇنىڭدىن كېيىن بەڭباشلىق قىلما، سەن تېخى گۆدەك ئىكەنسەن، ساڭا كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرسىتەي. ماڭە، ئۆيۈڭگە كەت. تېرەك، تاپىنىڭ يوغىناپ بويىنىڭ ياققا تولغاندا ئاندىن بىزنىڭ كولىغان ئورىغا چۈشەرسەن.

ئىتلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، ھاسراپ، بوسۇغا باينىڭ ئايغىنى يالاپ جىم يېتىشتى. بوسۇغا باي ئېيىق كۈچۈكىنى يەرگە قويۇشىغا قولا ئات مىنگەن ئون بىر ياشلىق ئوغلى ئارا باي ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئېيىق كۈچۈكىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى.

ـ ئۇنى قويىۋەت، ئۇ تېخى ئۇكاڭ نەيزە بايدىنمۇ كىچىك، جېنىنى جان ئەتسۇن. بىزنىڭ رىسالىمىزدە يېشىغا توشمىغان ھەر قانداق جان ـ جانىۋارغا چېقىلمايمىز. ئۇنى قويىۋەت.

ــ پوندەك ئاتا، خوش بولاي، ئۇنى ماڭا بېرىڭە.

ــ قانداق قىلىسەن، ئۇ پىچاققا يارىمايدۇ.

ــئۇنى باقىمەن، ھويلىدىكى كۈچۈكلەردەك باقىمەن.

ــ ئۇنى ئىتلار يەپ كېتىدۇ.

ــ ئۇنى ئېغىلدا ئايرىم قورمىغا سولاپ باقىمەن. مېنىڭ باققۇم كېلىۋاتىدۇ ئاتا.

ــ ئۇنى باقىمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويىسەن. ئۇ تېخى ئانىسىنى سۈتىدىن ئايرىلمىغان كۈچۈك ئىكەن.

ــ ياق، تۆكىگە قارىسام سۈت ئۇرۇقى بوپ قالغان بىرنىمىكەن. ئانىسى ئۆلىدىمۇ ياكى ئانىسىدىن سۈت چىقمىدىمۇ، ئەمچەكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ.

ــ باقىمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويساڭ قىساسىغا قالىسەن. نۆۋەي جاندارلارنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئوۋچى بولالمايدۇ. بىر ئۆمۈر ئوۋ ئوۋلىيالمايدىغان رۇۋۇك، ئىشى ئىلگىرى باسمايدىغان، ئولجىسى يوق ئاجىز ئوۋچى بولۇپ قالىدۇ.

ــ مەن سىزگە قەسەم بېرەي ئاتا. ئۇنى نېزەمۇللا ئۆلتۈرۈپ قويمايمەن. مېنى باققىلى قويىڭە.

بوسۇغا باي قىزىل سىمدەك بومبۇر ساقىلىنى سىلاپ، چوڭقۇر، كۆكۈش ئور كۆزلىرىنى بىر ئوغلىغا، بىر ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىغەم ئولتۇرغان ئېيىق بالىسىغا تىكىپ قېلىن كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قويۇپ دېدى:

ــ بوپتۇ، رايىڭغا باراي. ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ پۇتۇڭدىن باغلاپ توغراققا بىر كېچە ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ قويىمەن.

ــ خوپ ئاتا، ئوبدان ئاتا، پوندەك ئاتا، قاپاق توغراقتەك ئاتا... سەگۈ تېرەكتەك ئاتا...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بۇسۇغا باي قارا ئارغىماققا مىنىپ توغراقلىق ئىچكىرىسىگە ئات سالدى. ئوۋ ئىتلىرى ئىپىق كۆچۈكىنى جۇۋىسىنىڭ قويىنغا سىلىقلاتقان ئارا بايغا غىڭشىپ قاۋاپ قويۇپ، خوجىسىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كېتىشتى. ئارا باي ئىپىق كۆچۈكىنىڭ ساغرا تاسما بىلەن يىنىك بوغۇپ بېشىنى قوينىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئاتىسىنى كەينىدىن ئات سېلىشىدى، ئىپىق بالىسى ئۇنىڭ مەيدىسىنى تاتىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توختاپ، ئىپىق بالىسىنى ئاستىدىكى قىل خورجۇنغا بېشىنى چىقىرىپ سېلىپ قويدى دە، ئىپتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئالا ھەزەل بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىن بىر ئانا ئىپىق پاتمان خاپىلىق بىلەن ھۆركىرەپ يىغا - زارا قىلىپ بالىسىنىڭ ئىزىنى پۇراپ ئورەك بېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قاتتىق نالە قىلىپ ئاللەمنى مالەم قىلىپ يىغلاپ كەتتى. لەخمە بېشىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئايلىنىپ ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ تۆت تەرەپكە قاراپ بالىسىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى. ئۇ بىر تۇپ توغراقنى قۇچاقلاپ قاتتىق نەرە تارتىپ بىر ئۇسۇشۇدى،قاتتىق سىلكىنىشتىن توغراق ئۇستىدىكى قارلار تاغ سېيرىلغاندەك سېيرىلىپ چۇشۇپ ئىپىقنىڭ ئۇستىباشلىرىنى باستى. قوڭۇر ئىپىق ئاق دۆڭگە ئايلىنىپ گويا قارا باسقان دۆڭ يۆتكەلگەندەك بالىسىنى ھىدلاپ ئۇۋچىلار كەتكەن تەرەپكە ـ قىلىن قار باسقان توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى...

قوڭۇر ئىپىق بۇسۇغابايىنىڭ دەريا بويىدىكى سالملىق دۆڭگە جايلاشقان توقسان پاتمانلىق كەڭ قورۇقىنىڭ ئالدى ـ كەينى، ئۆي ـ ئېغىل قوتانلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاسمان - پەلەك بېسىۋەتكەن كۆك قومۇش، مەڭگەن،پاتاق، كۆك شاخ دۆۋىلىرى ۋە باغىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئاي ئايلىنىپ يىغلاپ يالۋۇردى، قاقشىدى. بۇسۇغا بايدىن كۆزى سۇزۇلمىگەن نارەسىدە بالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تىلەپ جىق يالۋۇردى. دەسلەپ بۇسۇغا باي ئىغىلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاستىغا قىلىن ئۇژمە شىلى ئورنىتىپ ئۇستىنى قىلىن كالا پاتىڭىدىن زەي سېلىپ ياسالغان باسماققا باستۇرۇپ قويغان ئىپىق بالىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مىيڭلاپ، غىڭشىشىغا، باسماقنىڭ ھەرىپىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇشىغا، باسماقنىڭ قىتىپ چۈيۈندەك بولۇپ كەتكەن پاتاڭ شۇاقلىرىنى چايىنىشىغا، ئۆزىنى قورمىغا ئۇرۇپ، ئاستىدىكى قاتتىق ئۇجمە ياغىچىنى تاتىلاپ يىغلاشلىرىغا، بولۇپمۇ ئانائىپىق بىلەن بالا ئىپىقنىڭ تەڭ يىغلاشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ ئىپىق بالىسىنى قويىۋەتمەك بولدى. ئەمما ئۆگزىگە چىقىپ يىراق دەريانىڭ ئۇقىتىدىكى ئەيسانىڭ ئاۋىتى، ئات چاپار، سىرىق بۇيا تەرەپلەرگە نەزەر سېلىۋېتىپ بىردىنلا ھەيتە ـ ئون كۈنىنىڭياقى ئاۋازىنلا ئاڭلاپ قارىسىنى كۆرەلمىگەن ئانا ئىپىقنىڭ ئاچقاش دۆڭ تۆپىدىكى يالغۇز قىرى توغراقنىڭ تۈۋىدە ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆزىگە زەن سېلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئوۋ ئىتلىرى ھەيتە - ئون كۈنىنىڭ ياقى بۇ ئىپىق بىلەن تولا

www.kitaphumar.com

ھەيلىشىپ قاۋاپ ئەگىشىۋېلىپ يۈرىشەتتى. ئاخىرى قوشقۇر ئېيىق بىر قانچە ئىتنى بوغۇپ قارنىنى يېرىپ، پۈتلىرىنى تۆت پارە قىلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئوۋ ئىتلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ يېقىن بارالماس بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇسۇغا باي دەسلەپ ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن توزاق قۇرۇپ، لەخمە كولاپ، قىلتاق قۇرۇپ باقتى. ئەمما، ئانا ئېيىق توزاققىمۇ چۈشمىدى. ياكى مىلتىق ، نەيزە، چۇماققا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. مانا ئەمدى ياۋا جانىۋارلارنى كۆرسىلا ئوۋ خۇمارى تۇتۇپ كېتىدىغان بوسۇغابايىنىڭ ئانا - بالا ئېيىققا ئىچى ئاغرىپ ئېيىقنى قويۇپ بەرگۈسى كېلىۋىدى، ئەمما ئانا ئېيىقنى كۆرۈپ قالدى. تۇمەنتال، بۆرە ئېغىزى ھەتتا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى كەندىكان،خىيا، ئەختەمبايىنىڭ نۇرىسى دېگەن مەشھۇر توغراقلىقلاردىمۇ ئاغزىغا چىش چىقىپ، ئەقلىگە كېلىپ مۇنداق تامدەك يوغان ئېيىقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ تېرىسى ئون كالىنىڭ پۈلىغا، يېغى ئوتتۇز ئاتنىڭ پۇلىغا، تاپىنى ئىككى يۈز قويغا، بىر ھارۋا كەلگۈدەك سۆڭىكى يۈز ئۆچكىگە يارايدىكەن. ئىگەم بۇسۇغامىغا ئەۋەتكەن بۇنداق پۈتۈن سۈزۈك ئولجىنى ئۇۋۇلىۋالسام مەن ئوۋچىمۇ ياكى قوشچىمۇ... بۇنداق ئوۋ ساقلىسىم ئاقىرىپ ئەللىق بىر ياشقا كىرگىچىمۇ نېسىپ بولمىغان، ئەمدىيەنە نېسىپ بولامدۇ ــ بولمامدۇ، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت، ئۇۋۇلىغىنىم ئۇۋۇلىغان، بالىسىنى قويۇۋەتمىسەم مەھەللەمدىن كەتمەيدۇ. ھامان بىر كۈنى يا تاپان توزاققا، يا مىلتىققا توغرا كېلىدۇ. بۇسۇغا باي تاپقان ئەقلىدىن ئالا كۆچۈكلىرى تارقاپ، ئۆگزىدىن ئالدىراپ چۈشتى.

ئېيىق بۇسۇغابايىنىڭ قورۇسىنى توقسان ئۈچ كۈن ئايلاندى. بەزىدە يالۋۇرۇپ يىغلاپ ئايلاندى. بەزىدە غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ يىغلاپ ئايلاندى. بۇسۇغا باينىڭ قۇرغان قىلتاقلىرىغا ئېيىق چۈشمىدى. ئاتقان ئوقلىرى تەگمىدى. ئېيىق بۇسۇغا بايلارغا ئارام بەرمىدى. مەھەللىگە ئېيىق كەلسە ئانىسى تالادا ئالەمنى مالەم قىلىپ يىغا -زار قىلسا، بالىسى قورمىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ ھويلىنى بىر ئالاتتى. ئانا- بالا ئېيىقنىڭ نالە - زارىغا چىدىمىغان، تىرىككەن ئوۋ ئىتلىرى بەس - بەس بىلەن قاۋىسا، توخۇلار قاقاقلاپ ، قويلار مەرەپ، جىم ياتقان ئېشەكلەر ھاڭراپ، ئېغىلدىكى كالىلار مۆرەپ، بۇسۇغابايىنىڭ مەھەللە - قورۇسى قىيامەتنىڭ نالە - زارخانىسىغا ئايلاندى. بۇ غەۋغادىن تىرىككەن بۇسۇغابايىنىڭ ئۆيىدىكىلەر قوي - كالا، ئىت، توخۇلىرىغا ۋارقىراپ قولىغا چىققان نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ، تىللايتتى. ئەمما، توختىتالمايتتى. تالادا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى توغراقلىققا قارىتىپ ئوق ئېتىپمۇ ئانا ئېيىقنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرەلمەيتتى. ئانا ئېيىق ھېلى كۈن چىقىش تەرەپتىكى توغراقلىقتا ھۆركىرىسە، ھېلى كۈن پاتار تەرەپتە نەرە تارتتى.

بۇ قىش يا ئانا ئېيىق قىشلىق ئۈچەك ئۇيقۇسىنى تاپمىدى. يا بۇسۇغا بايلار ئائىلىسى ئارام تاپمىدى. ئېيىق بۇسۇغا بايغا ئارام بەرمىدى. بۇسۇغا بايمۇ يا ئېيىققا بالىسىنى بەرمىدى، يا

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

ئېيىقنى ئوۋلاپ مۇرادىغا يەتمىدى. دەل توقسان كۈن بولغان باش ئەتىيازنىڭ بىر كېچىسى ئاتا ئېيىق خۇددى ئۆينىڭ ئىچىدە ھۆركىرىگەندەك بىر نەرە تارتتىدى، بوسۇغا باينىڭ يېنىدا ئۇيقىغا كەتكەن خوتۇنى ئاغچىخان «ۋايجان، ئېيىق يەپ كەتتى، مىنى ئېيىق يەپ كەتتى» دەپ ۋارقىراپ چۆچۈپ كىتىپ، ئۆندەرەپ سۇپۇدىن دومىلاپ پەسكە ئوچاقنىڭ كۆلگىغا يىقىلىپ قويۇپ مۇرىغا ئۇسسۇلىپ بېشىنى يېرىۋالدى. ئاغچىخاننىڭ يېنىدا بوراندەك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بۇسۇغا بايمۇ ئۆندەرەپ تۇرۇپ ساپال چىراقنى ياققاندا، ئايالى ئاغچىخان بىر قولىدا يېرىلغان بېشىنى، بىر قولىدا سەككىز يېرىم ئايلىق بولغان قورسىقىنى تۇتۇپ ، «ۋاي بېشىم، ۋاي قورسىقىم» دەپ ۋايساپ ئۆيدە خامان ئايلانغىلى تۇردى. ئاغچىخاننىڭ بېشىدىن ئاققان قان يۇزلىرىنى بوياپ، شەبنەم كاۋىسىدەك كۆكسىگە تامچىلىغان ئىدى. بېشىدىكى چىگىپ ياتىدىغان ياغلىقى مۆرىسىگە چۇشۇپ چاچلىرى چوۋۇلۇپ كەتكەن ئىدى. «ۋاي قورسۇقۇم، ۋاي بېشىم، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، ۋاي قورسۇقۇمدىكى بىچارە بالام، چالا تۇغۇلۇپ قالارمۇ، ۋاي قارنى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان ئاژناپلار... ئېيىق سەندىن جاھىل، سەن ئېيىقتىن جاھىل، ئىككى جاھىل بەدبەخلەر ئاخىر مىنىڭ بېشىمنى يەيدىغان، قورسۇقۇمدىكى سەككىزى يېرىم ئايلىق بولغان بالامنىڭ بېشىنى يەيدىغان بولۇشتۇڭ».

يىغا ـ زارە، داد پەرياتدىن ياندىكى ئۆيلەردە ياتقان بالا ـ چاقىلار چۆچۈپ كىتىشتى. بوسۇغا باي ئەر ـ خوتۇن ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئاغچىخاننىڭ بېشىغا قوناق پۇخۇنى تۆكۈپ ياغلىقى بىلەن تېڭىشتى. بەزلەپ تەسەللى بەردى. دەرغەزەپكە كەلگەن بوسۇغاباي قورودا توختىماي ھاۋشۇۋاتقان ئوۋ ئىتلىرىنى ئېيىقنى قوغلاشقا بۇيرۇپ ۋارقىرىۋىدى، ئىتلار ھويلىدا تۇرۇپ ئېيىق ھوۋلىغان تەرەپكە ھاۋشىپ قويۇپ، قۇيرۇقلىرىنى ئىچىگە تىقىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. تىرىككەن بۇسۇغاباي شىراق ملتىقىنى ئېلىپ يالاڭئاياق پىتى كىيىپ ياتىدىغان كۆرەك تۇماق، كالتا تامبال بىلەن توغراقلىق ئىچىگە ئېيىق كەلگەن تەرەپكە يۈگۈردى. تاپانلىرىغان پاتقان پاتاس، تىكەنلەرنىڭ زەھەرلىك سانجىلىشى ئۇنىڭ ئۇششۇك ھەرىسىدەك غالجىرلاشقان ئاچچىقىغا ئارا تۇرالمىدى. تۇيۇقسىز « گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاستىغا يۇلغۇن قوزۇقى قىقىلغان ئورىغا چۇشۇپ «ۋايجان» دەپلا بىر ئۇنى ئاسمانغان، بىر ئۇنى تەكتى ئەسراغا يەتتى ـ دە، ھوشىنى يوقاتتى.

بۇسۇغا باي كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى تۇمەنتال بازىرىدىكى جەرراھ يۇسۇپ قارىمنىڭ ئۆيىدە كۆردى. يۇسۇپ قارىم ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن يۇلغۇن قوزۇقىنىڭ سۇنۇقىنى تارتىپ چىقىرىپ، قوزۇق تەشكەن كامارنى كۆمۈش خەنجەرنى ئوتتا قىزىتىپ داغلاپ، تىرىك يىلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تۇشۇككە چاپلاپ ماتانى تۇخۇمدا شاقداپ تېڭىپ ئۇنى ئوغلاق تېرىسىگە يۆگەپ قويغان ئىدى.

ـ ئۇھ خۇداغا شۈكرى ئاتا، ھەنىم بولسا ھۇشۇڭغا كەلدىڭ؟

www.kitaphumar.com

ــ ئاناڭ قانداق بولدى؟

ــ ئانام ئوغۇل تۇغدى.

ــ نىمە؟

ــ بىر ئايغا يېقىن بالدۇر تۇغۇپ قويسا، چالا تۇغۇلغان بالا ساقمۇ؟

ــ خۇدا ساق قىلغانىنى كىم ساقسىز قىلالايتتى بوسۇغاخۇن. ئون ئۈچۈنچى بالاڭلارمۇ ساق تۇغۇلۇپ، بالدۇر تۇغۇلغانغان ئاچچىقى كەلگەندەك ئاچچىقى يامان، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىدىكەن.

ــ سىنىڭ قارا كۆرپە تۇمۇقىڭغان سىلىپ قويساق تاغىل مۆشۈكتەك ئۇخلايدۇ ئاتا. بۆۋىخان قۇشناچىم: «بالا ئۈچ كۈنلۈك بولىۋالسا ئەي بولىدۇ» دىگەن ئىدى. بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى.

ــ نىمە، مەن قانچە كۈن ياتتىم؟

ــ توققۇزىنچى كۈنى كۆزىڭنى ئاچتىڭ ئاتا.

ــ ھېلىقى بېشىمىزغا بالا ئېيىق بالىسنى...

ــ ئېيىق بالىسنى يۇسۇپ قارىكامغا بىر موزايلىق ئىنەككە بەردۇق. قالغىنىغا سىنى داۋالاپ قويغانغا پۇل ئالمايدىغان بولدى.

ــ ئۇنى نىمە قىلارسىلەر يۇسۇۋاخۇنباي؟

ــ ئېيىقنىڭ ھەممە نىمىسى دورا، دورا ياساپ سىلىدەك ھاجاتمەنىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىمىز بوسۇغاخۇن.

شۇنداق قىلىپ ئونبىر كۈن بولغاندا بوسۇغابايىنى باللىرى ئات ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ ياندۇرۇپ ئەكەلگەندە، تۇغراقلىقمۇ، مەھەللىمۇ تىنجىپ قالغان ئىدى. تۇغۇتلۇق ئايالىمۇ بىر ئوبدان ياتقان ئىدى. مەھەللەكوي بۇرۇنقىدەك جىمجىت ئىدى.

ــ ئېيىق يەنە ئادا سالمىغاندۇ؟

ــ بۇ ئۆيدىن بالىسى يوقالغاندىن كىيىن ئۇ دەيۋز ئېيىق يوقالدى. دۈرۈن شوۋىچى بالامنى بالدۇر تۇغدۇرىۋەتتى. تاس قالدى بالامنىڭ بېشىنى يىگىلى، ھە بالام. ھە ئەركەك قوزام، ــ دەپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ باش ــ كۆزىگە سۆيۈپ قويدى ئاغچىخان. بوسۇغا باي ئون ئۈچۈنچى بالىسغا ھەۋەس بىلەن چوڭقۇر تىكىلىپ قارىدى.

ــ بىرەر يىرى ھەيۋىناق تۇغۇلمىغاندۇ؟

ــ ئاغزىڭغا تاش، ھەممە ئەزاسى بېجىرىم...

شۇنداق قىلىپ ئون بەش باللىق بولغان بوسۇغاباي ھايات قالغان ئون ئۈچۈنچى بالىسغا ئېيىق پالۋان دەپ ئات قويدى. ئېيىق پالۋاننىڭ قىرىقى توشۇپ بۆشۈك تويى بولغاندا ئۈچ كالا، توققۇز قوي سويۇلۇپ، قىرىق چارەك گۈرۈچ بىلەن يۇرت جامائىتىگە ئات تويى قىلىپ بەردى.

www.kitaphumar.com

ئەمما بالا دەل توقسان ئۈچ كۈنلۈك بولغاندا هويلىدىكى ئۈژمە تۈۋىدىن بۆشىكى بىلەنلا غايىپ بولدى. ئاغچىخان بالىسىنى ئۈژمە سايىسىدىكى سۇپىدا بۆشىككە بۆلەپ ئۇخلۇتۇپ قويۇپ، ئېغىلغا ئىنەك ساغقىلى كىرىپ كەتكەندە ئىتلار قاتتىق هاۋۇشىپ كەتتى. بوۋاقنىڭ قىرقىرىپ يىغلىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ئاغچىخان يېرىم سوغا سۈتنى تاشلاپ ئېغىلدىن يۈگۈرۈپ چىققاندا تامدەك يوغان بىر نەرسىنىڭ قارىسى دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئاغچىخان دەرۋازىدىن ئەس - هۇشىنى تېپىپ چىققاندا قوگۇر ئېيىق قويۇق توغراقلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كۆرۈنمەي قالدى.

ــۋايجان ، ۋاي بالام ، بالامنى نەگە ئاپىرسەن بېشىڭنى يەيدىغان ئوغرى ئېيىق،بالامنى بەر...ۋاي مەن ئۆلدۈم ...ۋاي بالام، - ئاغچىخان ئېيىقنى قوغلاپ توغراقلىققا يۈگۈردى . تۆت - بەش ئوۋ ئىتى ئىگىسىنىڭ كەينىدىن غىڭشىپ قاۋاپ ئەگەشتى . ئەمما،يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈشتىن كەينىدىن يۈگۈردى .ئاغچىخان ئېيىقنى قوغلاپ توغراقلىققا كىرىپ بىر چاغدا هۇشىدىن كىتىپ يىقىلدى .ئوۋ ئىتلىرى غىڭشىپ نەچچىسى هۇشسىز ئاغچىخاننىڭ بېشىدا ئۇنى قورۇغداپ قالدى. بىر نەچچىسى قاۋاپ - هۇۋلاپ مەهەللىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۆرە ــ تۆپە بولۇپ كەتكەن بوسۇغا باي ئائىلىسىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش هەممىسى قولىغان چىققانلىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئوۋ ئىتلىرىنىڭ كەينىدىن داد سېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ هوشسىز ياتقان ئاغچىخاننى تاپتى ۋە خېلى ئۇزۇندا ئۇنى هۇشىغا كەلتۈردى. ئاغچىخان هۇشىغا كېلىپلا ئاللا توۋا سېلىپ بالىسىنى ئېيىق ئەپقاچقان ئىشنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ هۆ تارتىپ يىغلاپ تاپا ــ تەنە قىلدى.

ــ ئېيىقنىڭ بالىسىنى بېرىش، قويىۋىتىش، ساق بېشىمنى ئاغرىتىشما دېسە ئۇناشمايسەن. مانا بولدىمۇ، ۋاي يۈرەك پارەم، بالام. ۋاي ئېيىق پالۋان بالام. سىنى ئېيىق يەپ كەتتى، ۋاي بالام... ۋاي بالام، ۋاي بىگۇناھ بالام. ۋاي نارەسىدە بالام، ۋاي غۇنچە بالام، ۋاي سەركە بالام...

ئاغچىخان ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇن قوشاق ئېيتىپ يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى كېلىن ــ قىزلىرى هارۋىغا ياتقۇزۇپ يىغا ــ زارە بىلەن مەهەللىگە ياندۇرۇپ كەلدى.

ئەرلەر تۆت تويقا بۆلۈنۈپ ئېيىقنى ئىېتىپ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياراقلىرىغا يىلان زەهرى سۈۋاشتى ۋە ئېيىق پالۋاننى يەتتە كۈن ئىزدەشنى بىتىم قىلىپ ئاتلىق توغراقلىققا سىڭىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن غىزا ۋاقتىدا ئىنجىقلاپ ياتقان، كۆزلىرى ئىششىپ قىزارغان ئاغچىخاننىڭ ئالدىغا خوتۇن ــ قىزلار ئۇ ئامراق سۈت يارمىسى ئېتىپ داستىخان سالدى. لېكىن، ئاغچىخان ئەڭ يامان تىللار بىلەن هەممىسىنى تىللاپ ۋارقىراپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. ئاغچىخاننىڭ قىز ــ كېلىنلىرى تاماققا زورلىغان ئاغزىلىرىنى تۈتۈشۇپ، خىتىلداپ، مىشىلداپ يىغلىشىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا تالادىن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، توخولارنىڭ ئەنسىز قاقاقلىشى ئاڭلاندى. هويلىدا قىيا ــ چىيا كۆتۈرۈلدى. « ۋاي بالام... ئېيىق پالۋان» دەپ

www.kitaphumar.com

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تالاغا ئېتىلدى ئاغچىخان. شۇ دەقىقىدە ھويلىدا كالا سېغىۋاتقان سىپكىنىخاننىڭ « ۋاي، ئېيىق كەلدى» دەپ ئاللا چۇقان سالغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئاغچىخانلار ئۆندەرەپ ھويلىغا چىققاندا، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئېيىقنىڭ كەينىدىن كۆرۈپ قالدى. بوۋاقنىڭ قىقلىپ بوغۇلۇپ، قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. « ۋاي بالام، ۋاي ئېيىق بالامنى بەر، خوش بولۇپ قالاي» ئاغچىخان يالۋۇرۇپ دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ چىققۇچە، ئېيىق توغراقلار بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قومۇشلۇق، يۇلغۇنلۇق دۆڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى.

خوتۇن ــ قىزلار قولىغا چىققان ئارا كالتەكلەرنى ئېلىپ كەينىدىن قوغلاپ قومۇشلۇق ئارىسىغا ئېتىلىپ مېڭىشتى.

ــ توختاش، قوغلىما... قوغلىما توختاش، بالام ساقكەن، بالامنى ئېيىق يەۋالماپتۇ... بالامغا چېقىلماپتۇ. توختاڭلار، سىلەرمۇ ئېيىققا چېقىلماڭلار، قوغلىماڭلار... ــ خوتۇن خەقلەر ھاڭۋېقىپ توختاپ قېلىشتى. ئۇۋۇ ئىتلىرىمۇ ئېيىقنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا پېتىنالماي ئادەملەردەك توختاپلا قاۋاپ قېلىشتى.

ــ ھوي سىپكىنىخان، نىمە بولدى، ئېيىق نىمگە كەپتۇ، قانداق كەتتى؟

ئەس ــ ھۇشىنى يوقىتىپ ئوڭ يېنىنى بېسىپ تولگولۇپ ياتقان سىپكىنىخاننى ئاغچىخان ئالدىراپ كېلىپ بوغۇشلاپ ئۆرە قىلدى.

ــ گەپ قىلسىڭە سىپكىنىخان، نىمە ئىش بولدى؟

ــ كالا ئېغىلىدىن ئىنەكنى سېغىپ يېرىم سوغا سۈتنى كۆتىرۈپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىدىن شۇنداق ئوڭ پۇتۇمنى ئالغاننى بىلىمەن. تامدەك بىرسى ئالدىمدا بالا كۆتەرگەن پېتى تۇرۇپتۇ. قالغىنىنى بىلمەيمەن.

ــ كۆرگىنىڭىز نىمە؟ ئادەممۇ، تامىمۇ؟

ــ تامىكىن دىسەم ئادەمدەك، قولتۇقىدىكى يۈڭلار ئارىسىدىن بوۋاقنىڭ بېشىنى كۆرۈپ قالدىم...

ــ بالام شۇ... ئېيىق... ئېيىق شۇ. ئۇ سىزگە گەپ قىلدىمۇ...

ــ كۆزۈمنى ئاچسام سىز گەپ قىلىۋاتىسىز ئانا. قالغىنىنى بىلمەيمەن.

ــ بالامنى ئېلىپ قاچقان ئېيىق... شۇ ئېيىق.

ــ يۈز ــ كۆزىگە قارىسام ئېيىقتەك تۇرىدۇ... ئەمما مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق يوغان ئېيىقنى كۆرۈپ باقمىغان... ئۇھ خۇدايىم، ئېيىقمىكىن دىسەم تەتۈر جۇۋا كىيىۋالغان ياۋا ئادەمدەك ئۆرە تۇرىدۇ.

ــ قولىڭىزدىكى سوغا قېنى؟

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكتى

ــ قولۇمدىكى سوغىنى تارتىپ ئالغىنى يادىمدا. راست، سوغا قېنى؟
ئۇلار ھەر تەرەپكە قارىشىپ سوغىنى ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ كۆرىشمىدى.
ــ مانا...مانا... سۈت تۆكۈلۈپ مېڭىپتۇ...
ئۇلار ئېيىق ئىزىنى بويلاپ تامچىپ تۆكۈلۈپ ماڭغان سۈتنىڭ ساقىندىلىرىنى كۆردى. سۈت تۆكۈلگەن ئىزلار ئېيىق ئىزى بىلەن تەڭ توغراقلىق، قۇمۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.

ــ تووۋا خۇدايىم، تووۋا... شۇنداق قىلىپ ئېيىق بالامنى بالا قىلىپ بېقىۋالدىمۇ نىمە. ئۇنىڭ بىزدىن سۈت ئېلىپ كەتكىنى بالامنى بېقىش ئۈچۈن ئىكەندە... ئۇھ تووۋا، تووۋا، بالا ئېيىققا نىسىپ بولدىمۇ ئەمدى... ۋاي بالام ... ۋاي ئىسست بالام، ۋاي بىچارە بالام. تۇغۇلا ـ تۇغۇلماي ئاتا ــ ئاناڭدىن ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلىپ ئېيىققا بالا بولدۇڭمۇ بالام... ۋاي ئاتا ــ ئانا مېھرىگە قانمىغان بالام... ئېيىق بېقىپ سېنى ئەي قىلالارمۇ بالام...

ــ ئىسست ئېيىقنىڭ بالىسى بولغان بولسىمۇ بالىسنى بەرگەن بولساق...
ــ ئىم... ئۇمۇ بىزدەك...
ــ ئاغىزىڭغا بىر زەمبىل پوق... ــ ئاغچىخان شۇنداق دەپلا ھۇشۇدىن كەتتى.

كېيىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھەر كۈنى ئېيىق كېلىدىغان چىغىر يولغا بىر سوغا سۈتنى قويۇپ قويىدىغان بولدى. قاچانلاردا ئېيىق كېلىپ ئەپكەتتى سوغا يوقاپ كېتەتتى. ئۇۋچى ئەرلەر سوغا ئەتراپىغا لەخمە كولاپ، قىلتاق، تۇزاق قۇرۇپ قويىشىدى، ئېيىق سۈتنى ئالمىدى. سۈت تۇڭلاپ قالدى ياكى سېسىپ كەتتى. تۇزاق قاپقانسىز، لەخمىسىز يەرگە قويغان سۈتنى ئەپكىتىپ ئالدىنقى دورەم ئەپكەتكەن سوغىنى قويۇپ قويدى. بەزىدە تۇيۇقسىز بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قېلىپ يۈگۈرۈپ چىقسا بالا كۆتەرگەن ئېيىق سوغىدىكى سۈتنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ توغراقلىق ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى. ئاغچىخانلار ئۆگزىدىكى شادا ــ پاتاق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ بالىنى كۆرۈشكە تەشنا ياتتى. ئېيىقنى يىراقتىن كۆرەتتى. بالىنىڭ ئېيىقنىڭ يۈڭ ــ چۈپۈرلىرى ئارىسىدا مىدىرلاۋاتقان بېشىنى كۆرگەندەك بولدى. ئەمما، يۈز ــ كۆزلىرىنى ئۈچۈق كۆرەلمىدى شۇڭا سۈت قويغان يەرگە يېقىن مۆكۈنۈپ يېتىشىدى، ئادەمنىڭ ھىدىنى ئالغان ئېيىق سۈتكە كەلمىدى.قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى.شۇنىڭ بىلەن يىراقتا ئۆگزىدە مۆكۈنۈپ ئېيىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچە سوغىنىڭ يېنىدا ياغاچ ئاياقتا پىشۇرۇلغان پاخلان گۆشى، كاۋاپ، نان قويۇپ قويىدى. ئېيىق ئۇلارنى سوغىدىكى سۈتكە سۈتكە تاشلاپ «رەھمەت» دېگەندەك ئۆينىڭ يوغان قورشاقلىق سىڭايان دەرۋازىسىغا قاراپ بوش ھۆۋلاپ قويۇپ كېتىدىغان بولدى. بۇ ئىش تەخمىنەن بىر يىل داۋام قىلغاندىن كېيىن ئېيىق كەلمەس بولۇپ يوقاپ كەتتى. بوسۇغا بايلار ئائىلىسىدە يەنەبىر

www.kitaphumar.com

هازا كۆتۈرۈلۈپ يىغا ـ زار قىلىشتى. ئۇلار ئىپىق خۇددى بىزگە ئوخشاش بالىنى بىر مەزگىل بېقىپ، ئاندىن خۇددى بىزدەكلا ئۆلتۈرۈپ بىزدىن ئۆچ ئېلىپ خالاس قىلىپ تۈگەتتى دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى ـ دە، ياغ پۇرۇتۇپ بىر تۆگە ئۆلتۈرۈپ نەزىر ـ چىراق قىلىپ ئەلھۆكمىلىللا دېيىشتى.

قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمىگۈدەك بۇك ـ باراقسان گىرەلىشىپ كەتكەن توغراق ، يۇلغۇن ۋە ياۋا ئۈسۈملۈكلەر ھەم قېلىن ،ھەم ئېگىز ئۆسكەن بۇ ئورمانلار ئارىسىدا ئادەم شۇركىنىدىغان بىر ئۆڭكۈر ئېغىزى بار . بۇ ئېغىز دەسلەپ بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، چىرمىشىپ كەتكەن قېلىن چاتقال ئارىسىدىن باشلىنىپ ، ئاخىرى ئۇزۇنغا كەتكەن توغراق ، يۇلغۇن ، سۆك ـ سۆك ، جىغان ، ئازغان يىلتىزلىرى ئارىسىغا تەشمە بولۇپ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ . يىلتىزلىق لەخمە يولى بىلەن بىر ئۇن يىتىم ئارلىقتا ماڭغاندابەش غۇلاچ كەڭلىكتە ، ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا بىر يەر ئاستى ئۆڭكۈر بار . مانا بۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد مۇشۇ جاڭگالنىڭ ئۈۋچىسى بولۇپ كەلگەن بۇسۇغاباي جەمەتى تاپالمىغان ئىپىقنىڭ ئۆڭكۈرى ، ئۆڭكۈردە قېلىن پاخال ،پاخال ئۈستىدە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ پارچە ـ پارچە ، تىتما ـ كاتاڭ بولغان تېرىلىرى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلانغان . ئانا ئىپىق مانا مۇشۇ ئۆڭكۈردە ياشايدۇ . ئوۋ ئىتلىرىنىڭ پۇراق سېزىمىنى ئازغاننىڭ پۇرىقى ئازدۇرۇۋەتكەچكە بۇ يەردىكى ئىپىق ئىزى ، پۇرىقى ئوۋچىلارنى ئۆمۈرلۈك ئازدۇرغاندى . بۇ جاڭگالدا دەسلەپ شىر ، كېيىن يولۋاس ، ئاندىن بۆرە ، مانا ئەمدى ئىپىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ مانا مۇشۇ ئانا ئىپىق قالغاندى . ئانا ئىپىق ئاخىرقى بىر ئەركەك ئىپىق بىلەن جۈپلىشىپ بوغاز بولۇپ ئاي ئۆتمەيلا ئەركەك ئىپىق مەخپى لەخمىدىكى يۇلغۇن قۇزۇقىغا سانجىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ ، ئانا ئىپىق قورسىقىدىكى بالىسى بىلەنلا يالغۇز قالغاندى .

ئاخىر پۈتۈن ئەسلى ـ نەسلىنى قۇرۇتىۋەتكەن بۇسۇغابايدىن ئۆچ ئېلىپ ئۇنىڭ قىرقى توشمىغان ئوغلى ئىپىق پالۋاننى ئەكىلىۋالدى . ئۇ بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. بوۋاقنىڭ قەيرى توڭلىسا شۇ يەرنى يالاپ ئىسسىتتى . قورسىقى ئاچسا ئۆز يىلىنىنى ئەمدۈردى . بالا ئۇسساپ يىغلىسا تىلىنى ئەمدۈردى . ئۇنىڭغا قانمىسا توغراق ، يۇلغۇن ، سۆك ـ سۆكلەرنىڭ يىلتىزنى چايناپ سۇ چىقىرىپ شۈمۈپ بالىنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى . بالا تەرەت قىلسا تەرىتىنى يالاپ ، بالىنىڭ تېگىنى پاكىزلىدى . بالا يەنە تويمىسا قۇۋۋەتلىك تاپىنىنى بالىغا يالاتتى . دەسلەپ بوۋاق ئۆزىنىڭ سۈتىگە كۆنۈپ بولغىچە بوۋاقنىڭ ئۆيىدىن كالا سۈتى ئەكىلىپ باقتى . كېيىنچە بالا ئىپىق سۈتىگە كۆندى . ئانا ئىپىقنىڭ سۈتى تۈگىگەندىن كېيىن بالىغا تاپىنىنى يالىتىپ تويغۇزدى .

بالا ئانا ئىپىقنىڭ تاپىنىغا شۇنداق كۆندىكى ، ئانىسىنىڭ قويۇق يۇڭلۇق قۇچىقىدا ياتسائاغزى ئىپىقنىڭ تاپىنىدابولدى . بالىنىڭ بەدىنى تۈكسىز بولغاچقا ، ئانا ئىپىق بالنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىستالمايلا ئاۋارە ئىدى . پاخالغا ، تېرىلەرگە يۆگەپمۇ ئىسسىتىپ بولالماي بالىنىڭ قەيىرى مۇزلىسا ئوتتەك تىلى بىلەن يالاپ ئىسستتى . ئاندىن توشقان گۆشىنى يالاپ شۈمۈشنى ، كېيىن يېيىشنى ئۆگەتتى . ئانا ئېيىق بالىنى توختىماي يالاپ ، بالا ئانا ئېيىقنىڭ تاپىنىنى يالاپ تويىمسا ، خام گۆش يەپ ، بارا ــ بارا يۇمشاق ھەم سىلىق بەدىنىدە مويلار ئۆسۈپ چىقتى . ئۇ ئانا ئېيىق بىلەن تەڭ ئۆمىلەپ ، تەڭ ھۆركىرەشنى ئۆگەندى . كېيىن ئۆرە بولۇپ يۈگۈرەيدىغان ، يۈگۈرسە ئانا ئېيىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كىتىدىغان بولدى . ئانا ئېيىق توشقاننى مۆكۈنۈپ پايلاپ تۇرۇپ تۇتسا بالا يۈگۈرەپ قوغلاپ بېرىپ تۇتىۋالدىغان ، ئانا ئېيىق بىر توشقاننى يەپ بولغىچە ئۇ ئىككى توشقاننى يەپ بولىدىغان بولدى . ئانا ئېيىق دەرەخ ئۈستىدىكى قۇش ئۇۋىسىنى سىلكىپ باچكا ياكى چۈجە ، تۇخۇملارنى يەرگە چۈشۈرۈپ يىسە ، بالا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ قۇش بالىلىرنى ، تۇخۇملىرنى ماچىلدىتىپ يەيدىغان بولدى . ئۇۋ ئوۋلاشتا بالا ئېيىق بارغانچە ئانا ئېيىقتىن كۆپ ئوۋلايدىغان ، تېز يۈگۈرەيدىغان ، ئانا ئېيىق چىقالمايدىغان دەرەخكە چىقالايدىغان ، ئانا ئېيىق پۇراپ تاپالمىغان ئوۋلارنى پۇراپ تاپالايدىغان بولدى . ئانا ئېيىق ئاستا ــ ئاستا ئاجىزلاپ قېرىپ ماغدۇردىن كەتتى . بۇنىڭ ئەكسىچە بالا ئوۋغا تېخىمۇ ئۇستا بولۇپ ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئوۋ گۆشلىرنى دۆۋلەپ قوياتتى . ئانا ئېيىق ئۆڭكۈردىن چىقالماي بارغانسىرى ماغدۇردىن كەتتى . بالا ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى كۈزدە ئانا ئېيىق بالىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇسۇغا باينىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن بىر يەرگە كەلدى ۋە بالىنىڭ قۇلىقىغا بىردەم ھۆڭرەپ، پىچىرلاپ بالىنىڭ چاترىقىنى ئۇزاق يالاپ قويدى. بالا ھازىرغىچە ھېس قىلمىغان شۇنداق بىر تاتلىق سېزىمغا ئىگە بولدىكى، ئانا ئېيىق يەنە يالاپ قويۇۋىدى. ئىسسىق تىلنىڭ ھارارىتىدىن بالىنىڭ بوشاشقان تەنلىرىگە جان كىرگەندەك بولدى. شۇ چاغدا بۇسۇغا باينىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى ــ دە، قاپاق يۈدىگەن بىر چوكان چىقىپ ئۇلارغا يېقىن يەردىكى كۆل بويىغا كەلدى ۋە قاپىقنى سۇغا چۆكۈرۈشكە ئانا ئېيىق بالىنى تاشلاپ چوكانغا قاراپ ھۆركىرەپ يۈگۈردى. بالا ئانا ئېيىقنىڭ ھاياتىدا ھىس قىلدۇرمىغان تاتلىق يالىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا گاڭگىراپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئانا ئېيىقنىڭ بويۇنداشلىرىدىن ئىشارەتلىرىدىن، ھۆركىرەشلىرىدىن، «ئۇنى ئەچقاچ» دېگىنىنى ئاڭقىرىدى. ئەمما ، دەرھاللا مىدىرلىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئانا ئېيىق يېرىم يولغا بارغاندا كۆلگە چۆكۈرۈپ سۇ ئېلىۋاتقان چوكان ئېيىقنى كۆرۈپ چىرقىرىغىنىچە ئۆي تەرەپكە قاچتى. ئانا ئېيىق چوكاننى تۇتىۋالاي دېگەندە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئاڭغىچە نەيزە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىققان نەيزە باي، ئانا ئېيىقنىڭ مەيدىسىگە نەيزە تىقىپ ئۆلگۈردى. ئېيىق قاتتىق ھۆركىرەپ سەنتەرەكلەپ يىقىلدى. ئانا ئېيىقنىڭ ھۆركىرىشىدىن بالا چاچراپ قوپۇپ ئانىسىغا يۈگۈرۈۋىدى، بىر توپ ئادەم بالىغا قاراپ ئېتىلدى. ئانا ئېيىق يەنە بىر ھۆركىرىدى ــ دە، بالىغا چوكاننى ئىما قىلىپ بىر نىملەرنى دېدى

ۋە قېچىشنى شەرەت قىلدى. بالا دەرھال ئازابلانغاندەك ھۆركىرەپ ئۇچقاندەك تىوغراقلىققا كىرىپ كەتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ــ بالام سارىخان ساقمۇسىز؟ ــ دېدى قېرىپ مۆكچىيىپ كەتكەن ئاغچىخان دەرۋازىدىن چىقىپ.

ــ مەن ساق ئانا، ــ دېدى سارىخان

ــ ئۇھ، كاساپەت ئېيىق ... ئوغلۇم ئېيىق پالۋاننى ئەپقاچقان قېرى قانجۇق ئېيىق شۇدەك قىلىدۇ. بۇ مۇناپىقنى كىم ئۆلتۈردى؟

ــ ئى ئادەم كەينىمدىن چىقىۋاتقان، شۇ ئۆلگۈردى، بولمىسا...

ــھە، ئوغلۇم نەيزە باي... مۇرادىڭغا يەت ئوغلۇم، «ئاخىرى بىر كۈن ئۇكامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ،ئەنتىڭنى ئېلىپ بېرىمەن ئانا» دەيتتىڭ. ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، قىزىم، ھەنىم بولسا ئېرىڭىز نەيزە باي سىز بىلەن بىللە ئىكەن، بولمىسا تويۇڭلار بولۇپ ئۈچ ئاي بولغاندا سىز بەلەن كېلىنىمدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلار ئىدىم ــ ھە، ئوغۇل بالا دېگەن خوتۇنغا مۇشۇنداق ھېزى بولۇش كېرەك. مانا ئەمدى دەردىم چىقتى...

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

# سىرلىق ساندۇق

**(ھېكايە)**

**تۇردى سامساق**

ئىلاۋە:

مەرھۇم تۇردى سامساق يازغان «سىرلىق ساندۇق» بۇندىن كۆپ يىللار بۇرۇن يېزىلان بولسىمۇ ئەمما يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھىكايىچىلىقىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە... چوقۇم ئوقۇپ بېقىشقا تېگىشلىك ئەدەبى ئەسەر قاتارىدا كۆپچىلىككە ھاۋالە قىلىندى.

ئەل قىساسى مىنەل ھەق-خەلق ماقال-تەمسىلى

«سامۇق خوتۇنىغا كۆڭۈلسىز ئىكەن...» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانكى كىشى" ۋاي سولاش، ھالىغا باقسىچۇ؟ ئىلىدىن بىر قوتۇر ئاتنى مىنىپ، بىر قۇر چىبەرقۇت چاپان كىيىپ كېلىپلا شۇ قاتارلىق گۈلدەك خوتۇندىن چانغۇسى كەپتىمۇ ئۇ ياغاقنىڭ..." دەپ نەپرەتلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى.

كامالخان راستىنلا گۈلدەك خوتۇن ئىدى. بوي-تۇرقى، رەڭگى-رۇخسارىغۇ بىر ياقتا تۇرسۇن، ئادەمگەرچىلىكى، ئىنساپ-دىيانىتى، كۆپچىلىك ئارىسىدا: ئەرنى ئەر قىلىدىغان خوتۇن...دېگەن يۇقىرى ئېتىبارغا ئىگە ئىدى.

سامۇق كامالخاننى ئون بەش ياشلىق قىز چېغىدا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئۇ ئىلىدىن ئۈچ يىلدا كەلدى. شۇنىڭغىچە كامالخان ئاز جاپا تارتمىدى. ئۆيىنىڭ، بالىلارنىڭ پۈتۈن جاپالىرىنى تارتقاننىڭ تاشايىنىدا، تا ئەتىيازدىن كۈزگىچە باغ-ۋاران ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ئاساسلىق كىشى سۈپىتىدە قاتناشتى.

قول-پۇتلىرى چاك-چاك يېرىلغانلىقىغا قارىماي، كىم ئىلىدىن كەپتۇ، ياكى ئىلىغا بارىدىكەن دېسە، كامالخان شۇ يەرگە ئۈنەتتى. ئېرىنىڭ ھالىدىن ئۇچۇر ئۇقمىغۇچە كۆڭلى ئارامغا چۈشمەيتتى، ئەنسىرەشلىرى پەسەيمەيتتى. ئۇ ئېرى سامۇق ئاخۇنغا ئاتاپ قۇرۇتۇلغان يەل-يېمىشلەردىن خالتىلار ئەۋەتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىشلىرىغا چۈشلۇق ئېرى سامۇقنىڭ ئۈچ

www.kitaphumar.com

يىل مابەينىدە پوتلا ياغلىق قاتارى بىر نەرسە بىلەن ياد ئەتمىگىنىنى ئاز دەپ، مانا ئەمدى كېلىپ بۇ خوتۇندىن چېنىشى كامالخانغا ئۆلۈمدىن ئېغىر چۈشتى. ئۇنىڭ ئاچچىق ياشلىرى قانچە ـ قانچە باغ كۆچەتلىرىنى سۇغىرىپ، قايغۇلۇق كېچىلەردە مۇڭلۇق تەكىيلەرنىڭ سامىنىنى نەملەيدىغان بولدى. سامۇق بولسا ھېچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي ئىلچە تۇمىقىنى سىڭارىيان كىيىپ يۈرگىنى يۈرگەن ئىدى.

ئىلچە تۇماقىڭنى،
قىرلاپمۇ بۇزۇپ كەتمە.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ئۈمىدنى ئۈزۈپ كەتمە.

دەپ غەزەل چىقتى. سامۇق كامالخاننى قويۇۋېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئاللىكىملەرنىڭ قىزلىرىغا ئەلچى قوۋۇپ ھەممىسىنىڭ دەككىسىنى يېسىمۇ، ئەمما نىيىتىدىن يانمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كامالخاندەك خوتۇنىنى قويۇۋېتىشكە پۈتۈن ئەۋلادى نارازىلا ئەمەس، بەلكى ھەنىسۋاسى قاتتىق قارشى بولغىنى ئۈچۈن ئۇي بۇزۇلماي بىرنەچچە يىللار كۆڭۈلسىزلىكتە ئۆتتى.

«كۆڭۈلسىز كۈنلەر» نىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ ئېغىرى سامۇق سەھرادىن شەھەرگە كۆچكىنىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالغىلى تۇردى. بۇ كۈنلەردە بىچارە كامالخان شۇنچە ئىزا ـ ئاھانەت، دەككە ـ دەشناملار ئۈستىگە ئەمدى تاياق ـ تېپىكنىمۇ ئاز يېمىدى. ئۇنىڭ شەھەردىكى ئىككى ـ ئۈچ يىلى سامۇققا چۈشكەن ئون قانچە يىلدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئاخىر چىدىماي خېتىنى ئېلىپ تۇگەشتى.

سامۇق قاتتى ـ سوقتى قىلىپ، ئۇ بۇغا چاڭموزا كىيدۇرۇپ يۇرۇپ شەھەردە بىر دۇكان ئېچىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنى كونا شەھەرنىڭ ئوردا ئالدىدىكى بىر خالتا كوچا دوقمۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرزان باھا نەرسىلەرنىڭ تولا تۈرلىرى دېگەندەك بار ئىدى، ئۇ، سودا ـ سېتىق قىلىش ئەسناسىدا ئاياللارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ھېچقاچان يادىدىن چىقارمايتتى.

ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە سامۇقنىڭ دۇكىنىغا بىر خوتۇن كېلىپ تارىشا گۇگۇت سېتىۋالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئىككىسى تونۇشۇپ قالدى. ئۇ خوتۇن «خەلچە جىن» نامى بىلەن پۈتكۈل قەشقەرگە مەشھۇر بولغان بىر دەللال بولۇپ، شەيتانغا دەرس بېرەرلىك مەككارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە يېپىلىسىمۇ لاپ بولمايتتى. سامۇق كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى لايىق بولسا ئۆزىنىڭ ئويلىنىش نىيىتى بارلىقىنى خەلچىخان ئاچىسغا ئېيتتى. ئۇ كەسپىكە ئىش تاپقىنى ئۈچۈن خوش بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئۆگىنى خەلچىخان پەرەنجە چۈمبەللىك ئايالنى باشلاپ كەلدى.

www.kitaphumar.com

ھەر ئىككىسى دۇكاندىكى نەرسىلەردىن كۆڭلىگە ياققىنىنى ئالدى. سامۇق بولسا «مەردلىك مەيدانىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۈش» ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرگە پۇل ئالغىنى ئۇنىمىدى. ناھايىتى كېتىش ۋاقتىدا ھېلىقى ئايال چۈمبەلنى لەپپىدە قايرىپ پىسسىڭىدە بىر كۈلۈپ قويدى-دە، كەتتى.

ئايال دېگۈدەكلا چىرايلىق،ياش چوكان ئىكەن،سامۇق،ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى قانغۇدەكلا كۆرەلمىگىنى ،كۆز خۇماردىن چىقمىغىنى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كېلىش-كېتىش، سودا-سېتىقلار يەنە نەچچە تەكرارلانغان بولسىمۇ، ئەمما سامۇققا ئاشۇ دەسلەپكىسىدىن ئوشۇق ھەسرەت ھارارىتى بېرىشتىن باشقا، ھۇزۇر-ھالاۋەت پۇرستى نېسىپ بولمايلا كېتىۋاتاتتى.ئۇ ھەر كۈنى بولمىسىمۇ كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك «خەلچىخان ئاچا» نىڭكىگە سوكۇلدايدىغان بولدى.لېكىن ئۇ گۈزەل جانانىنىڭ سۆزىدىن بۆلەك ئۆزىنى يا كوزىنى كۆرەلمەي كۆڭلى پاراكەندە ئىدى .

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى سامۇق شۇ شەرتلىك دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ كەلگىنىدە ئۇ چىرايلىق چوكان بوسۇغىدىن چىقىۋاتقاندا ئۇچراشتى-دە،شۇ ئان ئارقىسىغا يانغىنىچە كۈلۈپ قاچتى. سامۇق بوگۈنمۇ ئارماندا قالدى.ئۇ،ئەھۋالنى خەلچىخان ئاچىسىغا ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇمۇ كۈلدى ۋە:

ئاشىق-مەشۇقلىقنىڭ لەززىتى مانا شۇنىڭدا.كۆپ كۆرۈشىۋەرگەندە ئېتىبارى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلى ئەر كىشىلەر بەك تاقەتسىز بولىسىلەر، كېيىن تونۇشۇۋالامسىلەر؟ توي تەييارلىغىنى پاتراق ئۆتكۈزسەك،شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟-دېدى.

مەشۇقىنىڭ گۈزەللىكىدىن مەمنۇن بولغان سامۇقۋاي"تويلۇق"دېگەنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ پىخسىق-پىششىقلىغىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى ۋە تويلۇق ئالغان نەرسىلىرىنى خەلچىخان ئاچىسىغا ساقلىغىنى بېرىپ تۇردى. بۇنىڭدىن مەقسەت،بىرىنچىدىن،ئىگىسى كۆرسۇن دېمەكچى بولسا، ئىككىنچىدىن،نەرسىلەر بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇپ،ھازىرچە بولسىمۇ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ تۇرۇش، توي قىلىش-قىلماسلىقنى كېيىنكى ۋاقىتدا كۆرۈش ئىدى.

بىر كۈنى پېشىن مەزگىلى ئىدى.خەلچە جىن خۇشال كەلدى.

ــخوش خەۋەرگە كەلدىم،سۆيۈنچىگە نېمە بېرىلا؟-دەپ ئاز چىشلىق ئېغزىنى بولۇشىغا ئېچىپ ھىجايدى ئۇ.

-خالىغانلىرىنى ئالىلا،-دېدى سامۇقمۇ ھىجىيىپ.

-بىر كىيىملىك تاۋار.

-ۋاي-ۋۇي،تاۋار ئايلانسۇن سىلىدىن خەلچىخان ئاچا...

www.kitaphumar.com

-ئۇنداق بولسا،-دېدى خەلچىخان جىن «بولسا» دېگەن سۆزنى سوزۇپ،-ئەتە ئاخشاملىققا بىزنىڭ ئۆيگە بارىلا،مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىلا!-جىن ئۇچقاندەك كەتتى.

«ئەتە ئاخشام..» ئارىلىقدىكى بىر كۈن ساMۇققا قىيامەتنىڭ بىر يىلىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ، يېڭى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياسىتىۋېدى،كونا مەسىنىڭ قونجىدەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزلىرىگە خېلى ئىسكەت كىردى. ئۇنى ئاخشامنىڭ خىرە-شىرە گۇگۇمىدا خەلىچە جىن ئۆزى يالغۇز كۈتىۋالدى. خەلچىخانمۇ بۇ ئاخشام ئۈچۈن ساMۇق ئاخۇندىن ئوشۇق بولمىسا، كەم ئەمەس دەرىجىدە ياسانغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالۋاستىنىڭكىدەك جىڭگىلەك چېچى يىلىم بىلەن شۇنچە شىلىملەنگەن بولسىمۇ،ئەمما بۇرۇل ئاقلىرى مانا مەن دەپلا چېنىپ تۇراتتى. ئەرۋاھنىڭكىدەك رەڭسىز شىرداقلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىمۇ ئۇن تاغىرىدىن يېڭىلا سۇغۇرۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، پۈتى-پۈتىغا، قولى-قولىغا تەگمەي يورغىلاپ ئاجايىپ خوش تەۋەززۇلار بىلەن ساMۇق ئاخۇننى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلارغا ساMۇق ئانچىۋالا ھەيرانمۇ قالماي، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى چىرايلىق چوكان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكى تويىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن دەپ ئىچ-ئىچىدىن خوش بولاتتى، بەلكى، بۇ ئىلتىپاتلارمۇ تېخى ئاز دەپ قارايتتى.

-يېڭى ئۆتۈك پۈتلىرىنى ئاغرىتىۋاتقان بولسا سىلىۋەتسىلە،-دېدى تۈزۈك ئولتۇرالمايۋاتقان ساMۇققا جىن،-ئەكەلسىلە،مەن تارتىۋېتەي،-ئۇ ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ ساMۇقنىڭ ئۆتىكىنى تارتتى، تويلىرىنى تازىلاپ ئاپىرىپ ئېگىز تەكچىدىكى چىنە-قاچىلاردىنمۇ ئۈستۈنگە ئېلىپ قويدى.-يېتىپ ئارام ئالسىلا،-دەپ قوش ياستۇقنى جۈپلەپ ساMۇقنىڭ بىقىنىغا يۆلىدى.ساMۇق بولسا ئۆينىڭ تۆرىدە ،مورىنىڭ تۈۋىدە خۇددى ھەلەپكە تويغان بۇقىدەك ئېغىناپ ياتاتتى.خەلىچەك بولسا ھېلىدىن-ھېلىغا تالاغا يورغىلاپ،يەنە كىرىپ،ھەر قېتىم كىرگىنىدە بىرەر يېڭى خەۋەر بىلەن ساMۇقنىڭ كۆڭلىنى ئويىنىتىپ تۇراتتى.كېيىنكى خەۋىرىدە ئۇ مۇنداق دېدى:

-كىرىمەن دەۋاتقىنىدا ئاكىسى بازاردىن كېلىپ قالدى.ھازىر ئاكام خۇپتەنگە چىكەتسىلا كىرمەن دېدى...چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟چاي ئىچكەچ تۇراملا؟ئۇسسىلىمۇ؟قەنچاي ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

-ياق، -بېشىنى چايقىدى ساMۇق، چۈنكى گېلىدىن ئۆتمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن سالامنىڭ يوغىنىنى بېرىپ بىر توپ جامائەتنىڭ كىرىپ كېلىشى ساMۇقنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. خەلچىخانىڭ يورغىلىشى بولسا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سېلىنىپ، كەينى ئۈزۈلمەي كەلگەن يېمەكلىكلەر تولۇپ كەتتى ۋە ئاخىرغا ئۇلاپلا تۆت لېگەن گۈرۈچ ئاشمۇ ئۆلگۈرۈپ كىردى. ئاش ئاخىرلىششقا يېقىن قالغاندا تۈزغا ئىككى پارچە نان چىلانغان چىنىمۇ يېتىپ كىردى-دە، تۆردە ئولتۇرغان سەللىلىك كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.بۇ نىكاھنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغان ساMۇق چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئىشىك تەرەپكە

www.kitaphumar.com

قارىغىنىدا، ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ ،گىجىم رومانىغا پۈركەنگەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى كۆرسىتىپ سىڭارىيان تۇرغان خەلىچە جىنىدىن بۆلەك جاننى كۆرمىگەنىدىن كېيىن ئاللاقاداىلىكى ئەسەبىيلىككە ئايلانغىلى، سەپراسى ئۆرلىگىلى،ئەرۋاھى ئۇچقىلى تۇردى.بۇ چاغدا ھېلىقى ئىمام دېگىنىمىزنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كەكە ساقال ،پاكىنەك كىشى ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ ئولتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى.

-خەلچىخان ...،-دەپ بىر توختىۋالدى ئۇ كىشى،خەلچىخان ئاچام دېمەكچىدى ،ئەمما بۇلۇڭدا دۈگدىيىپ ئولتۇرغان قارا ساقال يىگىتنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈنلا "خەلچىخان"دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردى،- ئون بەش-يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە بىزگە تونۇش،ئوبدان مەزلۇم. ساموۋق ئاخۇن بولسىمۇ ئەھلى سودىگەر ئىكەن.بۇ ئىككىيلەن ئوي-ئوچاق بولۇشقا كۆڭۈل تېپىشىپ ۋاجىپاتى ئىمان نىكاھ قىلىپ قويۇشقا جامائەتنى بۇ يەرگە...

-ۋاي تەقسىر نېمە دەۋاتىلا؟...-دەپ ۋارقىرىۋەتتى ساموۋق ئورنىدىن خۇددى چايان چاققاندەك چاچراپ تۇرغىنىچە بىرىپ تەكچىدىن ئۆتۈكنى ئالدى -دە،قوڭالتاقلا ساپتى،ئۇ ئەمدى ھەققى ئەھۋالنى جامائەتكە ئۇقتۇرغىلى تۇردى.

ــھە، تېخى گەپ مۇنداقكەن-دە...،-دەپ يىغا دېگەننى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن خەلىچە جىن ئىشىكنى توغرا توسۇپ جاۋىلداشقا باشلىدى،-پىچاققا نىكاھ قىلىپ ئىش ئالللقاچان پۈتۈپ بولغان ؛يۇرت-جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ئىشىمىزلا قالغان.بىز ئالللقاچان ئەر-خوتۇن بولۇپ بولغان ،ھازىر گۇماندىمەن ،ئۈچ ئايلىق بويۇمدا بار ،بالىنى ئۈندۈرۈپ قويۇپ ئەمدى مۇنداق دېسە بۇلامدىكەن...ھۇ...ھۇ...-يىغلايتتى ئۇ.

توي مەرىكىسى بىر دەمنىڭ ئارىخىپىدا ماتەم مەرىكىسىگە ئايلىنىپ كەتتى.ئون-بەش يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە ھەممىدىن خەۋەردار جامائەت....بۇ شۇم خوتۇننىڭ رايىغا قويمىدى.

ــ...ۋە يەنە ھەر ئىش بولسا گەپ بىلەن سوز بىلەن .....ــدېدى ئىمام-مەزىنلەر،ساموۋق ساراڭنىمۇ بۇ ساختىلىق سارىيىدا قويماي ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىشتى،ئۇلار ئۇزاپ ماڭاردا قاتتىق قارغاشنى باشلىغان خەلىچە جىن ۋاقىراپ-جاقىراۋاتاتتى.

ــخەپ توختاپ تۇر كاززاپ ئوغرى،ئەدىبىڭنى بەرمەيدىغان بولسام ،ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا مىڭ تووۋا دېگۈزمىسەم،خەلىچە خوتۇن بولماي قالاي...

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن قەشقەر بازىرى راسا قىزىغان پەيشەنبە كۈنى چۈش مەزگىلىدە ،ساموۋق دۇكىنىنىڭ پۈكىيىدە سالاپەتلىك بىر نەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇ يەرگە خەلىچە جىن پەيدا بولۇپ قالدى،ئۇ گىجىم روملىنىڭ پېشىنى يېرىم قارىغان ھالدا ئاۋۇ ئولتۇرغانلارغا مۇلايىم تەزىم بىلەن سالام

www.kitaphumar.com

بەردى.ئاندىن قولدىكى نىمدۇر يۆگەلگەن ياغلىقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا-يۆكەيگە قويۇۋېتىپ سۆزلەيتتى:

-نەچچە كۈندىن يا ئۆزلىرى ئۆيگە بارمايلا ،يا گېلىمدىن بىر نېمە ئۆتمەيدۇ،ئەر دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟نېمىشقا ئۆيگە...

ساموۇق ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋېدى، قىزىل بويالغان تۇخۇملار يولنىڭ نە-نەلىرىگە غىلدىرلاپ كەتتى، ئۇ «يوقال ساراڭ، كۆزۈمدىن يوت» دەپ ياغلىقنى خەلچە جىننىڭ بېشىغا ئاتتى. جىن بولسا ۋايجانلاپ، ۋارقىراپ بىشەملىك بىلەن كوچىنى بېشىغا كىيدى. ھاڭ-تاڭ قالغان ھېلىقى كىشلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خەلچە جىننى ئالداپ - سالداپ ئاران كەتكۈزدى.

ئۇنىڭدىن كېينچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋاللار ساموۇق ساراڭ بىلەن خەلچە جىننىڭ ئادەتتىكى ئىشى بولۇپ، ئولاشقان ئۇششاق باللار ۋە بىكارچىلىقتىن زېرىككەنلەرنىڭ ھويت- ھۇيتلاپ، چاۋاك چېلىپ ئوينىغان «كوچا كومېدىيىسى» گە ئايلىنىپ قالدى. ئىزا-ئاھانەت جېنىغا بەك پاتقان ساموۇق بىر كۈنى خەلچە جىن ياقىسغا ئېسىلغاندا «كېتە ساراڭ جىن» دەپ مۇنداقلا ئىتتىرىۋېدى، خەلچە جىن ئۆزىنى يەرگە يۇزچە ئاتتى- دە، بۇرنىنى مۇشتلاپ قانىتىپ، يۈز- كۆزىگە سۈركەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋايجانلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. ئولاشقان كىشلەر سالاھ- سۆلەھ بىلەن ئاز- تولا نەرسە ئېلىپ بېرىپ جىننى يەنە يولغا سالدى. ئۇ، ھەممە قىتىملىقلىرىنى قوشقاندا بۇ ئىشتىن ئاز تاپاۋەت قىلمىدى. شۇڭا قانداق چارە، ئۇسۇل ۋە ئىشلار قىلغىنى بىلەنمۇ خەت ئېلىشقا ئۇنىماي «بويۇمدا بار» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ساموۇقنى «ئالدىم» غا كۆندۈرۈشنى قەستلەيتتى. ئۇ بولسا «ئىقرار» دىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرەتتى. بارا بارا ساموۇقمۇ بۇ ماجىراغا كۆنۈپ قالدى. بەزىدە ئۇ «قېلىن دورىسى» ئىچىۋېلىپ زاڭلىقلار، كۈلكىلەرگە ئۆزىمۇ قېتىلىپ كۈلىدىغان ۋە ھەتتا قوللىرىنى ئاچايىپ پۇلاڭلىتىپ ئۇسۇلمۇ ئوينايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ خەلچە جىن ھېچ بىر زېرىكمەيتتى،يا ھازازۇللۇقىنى قويمايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساموۇقنىڭ دۇكىنىغا پەرەنچە- چۈمبەلىك بىر جۇۋان كەلدى. ئۇ، مەشنىڭ كانىينى كۆردى ۋە:

- نىمانداق جانسىز، ئېزىلەڭگۈ كانايلار بۇ... ــ دەپ كۈلدى.

- جېنى بار- يوقلىقىنى كېيىن بىلىپ قاللا خېنىم...- دېدى ساموۇق جوۇاننىڭ كۆزىگە قادىلىپ قاراپ،- قورقماي ئېلىۋەرسىلە، ئۇتتۇرۇۋەتمەيلا...

بۇلار باھادا ئوڭايلا كېلىشىپ قالدى.

- ئېلىشنىغۇ ئالدىم، ئەمدى بۇنى قانداقمۇ ئېلىپ كېتەرمەن؟... - دېدى ئايال.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.kitaphumar.com

- كىرا ھەققىدە رازى قىلالىسىلا ئۆزەم ئاپىرىپ بېرەتتىم...

- رازى بولالا...، - دەپ جۇۋانمۇ ناز بىلەن تولغىنىپ، ياسالغان قارا قېشىنى بىر ئوينىتىپ قويدى. ساموۇق دۇكاننى غاچ-غۇچ تاقىدى- دە، ئەسكى تانا بىلەن تۈت تال كانايىنى باغلاپ يۇدىگىنىچە جۇۋاننىڭ كەينىدىن كوچىنىڭ كۆچكىدەك ئەگىشىپ ئەگلەكچى كوچىسى تەرەپكە كەتتى.

مەس- كانايلار تېپىشقاندىن كېيىن ساموۇق خۇددى نەچچە كۈنلەپ يامغۇردا قالغان ئەسكى تاسمىدەك سوزۇلۇپ سىم كارۋاتتا جاق ئۇخلىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى تورۇسنىڭ قايسى بىرىگىدۇر قادىلىپ قالغان بولسا، خىيال كۆۋرۈكىدىن يەر ۋە تامدىكى چوغدەك زىلچە- گىلەملەر، مېھراپتىكى چايشاپ ۋە قاتمۇ قات ئورۇن كۆرپىلەر، ھەر يوغان سۆلەتلىك ساندۇقلار، كۆزنى چاقنىتىدىغان جاھاز- جابدۇقلار گوياكى يۈكلۈك كارۋان تۆگىسىدەك قاتارلىشىپ بىر بىرلەپ كۆتمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۆزىچە پىچىرلايتتى ۋە ئويلايتتى.

«باي خوتۇن ئىكەن، ئېرىم يوق دېيدۇ. ئەپلەپ سەپلەپ بۇ خوتۇننى قولغا چۈشۈرسەم تەييار دۇنياغا چۆكۈپلا قالىمەن- دە خۇدايىم بەردى دېگەن مانا شۇ. ئۇ چاغدا ئوردا ئالدىدىكى كۆرۈمسىز- مەينەت كوچىدا، قاپ قارا ئىسلىق تار دۇكاندىمۇ ئولتۇرمايمەن. رەستىدىن چوڭ دۇكان ئېچىشقا بولىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ چەكمەن چاپانلارمۇ كېلىشمەيدۇ- دە، ئۆز لايىقىدا كىيىنىش كېرەك بولىدۇ. تازا كېپىشتۈرۈپ سارجا كاستۇم، دىراپ پەلتو، خۇرۇم ئۆتۈك، قاما تۇماق... ياق ... ياق، ئۇ قاملاشمايدۇ، كەمچەت... ياق، ئۇمۇ بولمايدۇ... سوسەر تۇماق... ھە بۇ بولىدۇ، بۇ قاملىشىدۇ. بۇ چاغدا ساموۇق بايۋەچچە بولۇپ سەھراغا مەپە بىلەن چىقىدىغان بولسام، ھېلىقى ماڭا تەككىنى ئۇنىمىغانلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كېتىدۇ- دە، تازا پۇشايمان قىلىشىدۇ. نىمە بولسا بولمامدۇ، لاي سۇ ئىچكەن كالامپاي سەھرالىقلار...

«ناۋادا ماۋۇ خوتۇن ئۆلۈپ- تارتىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامەتنىڭ ئېخىمۇ ئۇڭدىن كەلگىنى ئەمەسمۇ؟ تازا تىرناقتا توختايدىغان قىز ئالىمەن- دە، قىز ... قىز...

«ھەي... ھەممىدىن يامىنى ھېلىقى جىن. بېشىمغا بىر بالا بولىدىغۇ؟ پەس كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ شۇ كۈنى ئۇ قىرى ئالۋاستىغا چېپىلىپ قويمىسامغۇ شۇ بالا يوق. خەيىر... مەيلى، نىمە بولسا بولار، قانچە ئالسا ئالار، ماۋۇ دۇنيا قولغا كىرىدىغان بولسا، ئۇ ئىشمۇ ئوڭايلا تۈگەپ كېتىدۇ، ئۇنچىلىك ئىش ... قانچىلىك ئىش...»

خېنىم بولسا نازۇ- نازاكەت بىلەن دەھلىزگە، ئاندىن ئىرىقى مېھمانخانىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى بۆلەكچىلا ياسىنىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، ساموۇققا شوخ چاقچاق ئارلاش ئەركىلەپ يېقىنداۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا دەرۋازىنىڭ قاتتىق تاقىلدىغىنى ئاڭلاندى. خېنىم ئالدىراپ ئوتتۇرا ئىشىككە باردى. ئاز تىڭشاپلا ساموۇققا يۈگۈردى- دە:

www.kitaphumar.com

ـ ۋاي جېنىمەي، ئېرىم كېلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ـ پاپپاسلىغان سامۇق ئۆدەكتەك تايتاڭلىماقتا، ئۇنىڭغا چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ:

ـ ئا... ئا... ئابىيام ئېرىم يوق دېگەنلىرى...

ـ ئۇنداق گەپنى قويسىلا، هازىر جانىنى قۇتقۇزۇش ۋاقتى...

خېنىم يورغىلىغىنىچە بېرىپ، ئۈچ زەنجىرلىك يوغان ساندۇقنى ئاچتى- دە:

ـ بولسىلا، مانىڭغا كىرسىلە،- دېدى. سامۇق دوڭقاسلاپ كەلگىنىچە ساندۇققا چۆشۈپ دوڭغىيىپ ياتتى. ئايال ئۇنى قاپلاپ ياتقۇزۇپ ساندۇقنى قۇلۇپلىدى- دە، تالاغا چاپتى.

هويلىدىن ئايالنىڭ يىغا ئاۋازى كېلەتتى. تاراق- تۇرۇقلار ئارىسىدىن ئۇ هە دەپ سۆزلەپ كىرۋاتاتتى:

ـ يامان ئەسكى ئوغرىكەن. مەن نامازغا ئالدىراپ دەرۋازىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. جەينامازدا ئولتۇرسام كىرىپ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، سىلە يەنە بىر پەس كەلمىگەن بولساڭلار، مېنىڭ پاك نومۇسۇم بولغىنامىكىن تاڭ،يامان ئوغرىكەن. ـ ئايال هۆر هۆر يىغلايتتى.

ـ قېنى ئۇ ئوغرى؟

ـ ئاۋۇ چوڭ ساندۇقتا.

ـ سۇلايمان ئاخۇن، داۋۇت قارى كالتەكنى ئېلىپ كەل، قايناق سۇ بارمۇ؟ نوگاي نەدە؟ چوڭ پىچاق تاپ...

ساندۇق غەزەپ بىلەن ئېچىلدى. تىترەپ ئاران ئۆرە بولغان سامۇق كاللىسى ئۇستىدە يوغان قىڭغىراق ۋە قوش كالتەكنىڭ تۇرغىنىنى كۆرگەندە جېنى چىقاي دەپلا قالدى. ئۇنىڭ تىترەۋاتقىنى بولمىسا، تەلەتى بەئەينى مۇردىغا ئوخشايتتى.

ـ هە ئوغرى، ساڭا جان كېرەكمۇ يا؟...

ـ بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن. ب... بەندە دېگەن خام سۈت ئەمگەن نىمە، ئازماس ئاللا... مە... مەن... شە... شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

ـ هەي ئوغرى، شەيتان كەينىگە سەن كىردىڭمۇ، يا سېنىڭكىگە كىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق،- دەپ قاتتىق گۆركىرەيتتى گەۋدىلىك شاپ بۇرۇت ۋە يەنە تەكرارلايتتى: ـ ئېيتە ئوغرى! زادى ساڭا جان كېرەكمۇ، يا پۇل كېرەكمۇ؟

ما... ما... ماڭا... جا... جا... جان كېرەك، ـ دېدى سامۇق.

ـ قېنى قەلەمنى ئالسىلا داۋۇت قارىم، كېلىشتۇرۇپ بىر هۆججەت يازسىلا... ـ دېدى هېلىقى شاپ بۇرۇت يېنىدىكى ئېگىز بوي چېقىر كۆز كىشىگە، ئۇ يېزىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

www.kitaphumar.com



«تارىخ بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە ماھى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى ئىردى. مەنكى...»

-ئىبتىنىڭ نىمە ئوغرى؟

- ئې... ئىبتىما؟ ئىبتىم ساموۇق ئاخۇن.

- دادىڭنىڭ ئىبتىچۇ؟

- رە... رەھىم ئاخۇن.

«مەنكى ساموۇق ئاخۇن ۋەلىدى رەھىم ئاخۇننىڭ ئوغلىدۇرمەن. بىرىمەن ئۇشبۇ ھۆججەتنىكىم...»

قىممىتى ئالتۇن ۋە بۇغدايغا سۇندۇرۇلغان بىر مۇنچە «قەرىز» نىڭ ئەددى ۋە سىبتىلغان «ئىبسىل مال» لارنىڭ تۈرلىرى تەپسىلى يېزىلغان «ھۆججەت» مۇكەممەل پۈتتى. ئاندىن ئۇشبۇ ھۆججەتنى كىمكى ئىلىپ كېلىپ قاچان تەلەپ قىلسا، تەخىرسىز بىرۇردۇرمەن. بۇنىڭغا شاھىت سۇلايمان ئاخۇن، داۋۇت قارى دۇرلەر... دىگەن سۆزلەر يېزىلغاندىن كېيىن ۋاقتىغا بىر يېرىمىيىل بۇرۇنقى چىسلانى قويۇپ ئاندىن ساموۇقنىڭ بارمىغىنى ئۈچ يېرىگە باسقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇن ئالدىلىرىغا سىلىپ ھەيدەپ ماڭدى- دە، بىرىپ ، ئوردا ئالدىنىڭ خالتا كوچا دوقمۇشىدىكى دۇكاننى پاك- پاكىز ئۆتكۈزۋالدى. ھىساپلاپ كۆردىكى: يەنە بىر مۇنچە «قەرىز» ساموۇقنىڭ گەدىنىدە ئىشىپ قاپتۇ.

گاڭسا - جىسا بولغان ساموۇق شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا خودى سۇغا چۆشكەن تاشتەك قەشقەردىن غايىپ بولدى. ئاردىن ئانچە كۆنلەر ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر سۆز پەيدا بولدى:

«ساموۇق ئىلىدا يۈرەرمىش»

شۇنىڭدىن بىر ئاز كۆن كېيىن يەنە بىر مىش-مىش گەپ تارقالدى. «خەلچە جىن ئىبرى ساموۇقنى ئىزدەپ ئىلىغا كېتىۋتىپتۇ، ئاقسۇدا كۆرۈپ كەلگەن كىشى بار. »

ئاخىرى شۇنداق بىر خەۋەر ئىنىق بولدىكى، «خەلچە جىن ئىبرى ساموۇقۋاينىڭ يىنىغا - ئىلىغا كېتىۋتىپ مۇز داۋاندا مۇزلاپ قاپتۇ...»

ھەي!..... شۇنداق بىر مۇزات داۋان بولسىدى، ئەخلاق دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق مۇزلاپ پۈتسىدى.

1962 - يىلى، ئۈرۈمچى